
سەيدۇللا سەيپۇللايوف



# مەن شاھىت بولغان ئىشلار

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەيدۇللا سەيپۇللايوف


# مەن شاھىت بولغان ئىشلار

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى


مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

مەن شاھىت بولغان ئىشلار
ئاپتورى: سەيدۇللا سەيپۇللايوف
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇلئەزىز ئىسمايىل
مەريەم شېرىپ خوشتار
*
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.5
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4818 — X
سانى: 1—4000
باھاسى: 14.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

www.uyghurkitap.com




سەيدۇللا سەيپۇللايوف



يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف ۋاڭ جېن

قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com



يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىللە



يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ ۋاڭ ئېنماۋ، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد،
سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن بىللە




يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ ۋە ئايالى خالىدەم ماھىتۇر قاسىم بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com



يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ [illegible] ەن بىللە



يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ ئائىلە تاۋابىئات ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىللە

# بېغىشلىما

قەدىردان دوستۇم ۋە ئىنقىلابىي سەپدىشىم مەرھۇم سەيدۇللا
سەيپۇللايوف شىنجاڭدا ئىدىيە جەھەتتە ئەڭ بۇرۇن ئويغانغان،
ماتېرىيالىستىك قاراشقا ئىگە ئىلغار ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ
كىچىكىدىن راستچىل، مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق، ئەمەلىيەت-
چان، ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ تەك-
شۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر، ياخشى كادىر ئىدى. ئۇ ئۇزۇن
يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق دەۋرى ياكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگى-
لىدە مائارىپ رەھبەرلىك خىزمىتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت نەشرى ئەپكا-
رى «كۆرەش» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىك خىزمىتىدە بولسۇن،
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان تەلەپچان
ياش ئىدى.


ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدە بىر قاتار
رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا يارامىلىق رەھبەر
بولۇپ يېتىلدى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئارام ئېلىشقا چىققان ۋە ئېغىر كې-
سەلگە مۇپتىلا بولغان مەزگىللەردىمۇ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش
بىلەن شۇغۇللاندى. قولىڭىزدىكى «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»
دېگەن بۇ ماقالىلەر توپلىمى مەرھۇمنىڭ ئۆگىنىش، تەتقىق قى-
لىش سەمەرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ 30 ـ، 40 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىللاردا يۈزبەرگەن مۇرەككەپ سىياسىي ئىشلار، مۇرەككەپ شەخسلەر هاياتى توغرىسىدا تەتقىقات ئۇچۇرى بېرىلگەن.

بۇ كىتاب پەن تەتقىقات ئىشلىرىمىزدىكى 30 ـ، 40 ـ يىللار تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە مۇرەككەپ شەخسلەرنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ئۇچۇر بولالايدۇ.



2003.10.10

# يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف مەڭگۈ قەلبىمىزدە

يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ «مەن شاھىت بولغان ئىشلار» دېگەن كىتابى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. بۇ ئەسەر سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ شۇ تارىخىي دەۋردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بىزگە، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەينەن قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشنى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ۋەقەلەرنى بىلىشى، چۈشىنىشى ئۈچۈن، جانلىق پاكىت، ئۆچمەس ئىزلار بولۇپ قالغۇسى. مەن بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، خەلقنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، خەلق سۆيەر ياخشى رەھبىرىي كادىرى ئىدى، ئۇ گەرچە ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى، كەمتەر، چىقىشقاق ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيدۇ.

مەن سەيدۇللا سەيپۇللايوف بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تونۇش ھەم بىرگە ئىشلەپ كەلگەن، شۇنداقلا ياخشى قوشنىلاردىن ئىدۇق. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىرگە ئىشلەش جەريانىدا، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بولغان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى، خىزمەتتىكى پۇختا، ئەستايىدىللىقى، تىرىشىپ ئۆگىنىش، پارتىيە، خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق بولۇش، ھەق ـ ناھەق ئىشلىرىدا بايرىقى روشەن مەيدانى مۇستەھكەم بولۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، پىكىر يۇرگۈزۈشكە

ماھىر بولۇشتەك ياخشى ئىستىلى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

ئۇ بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، مەسىلىنى ھەل قىلغاندا، ھامان پارتىيە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم قوياتتى. 1985 - يىلى بولسا كېرەك، كېسەل بولۇپ داۋالىنىپ بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن، ماڭا: «دۆلىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، بايلىقى نىسبەتەن چەكلىك، بىز ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا، دۆلەتنىڭ ئومۇمىيىتىنى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، بولۇپمۇ مەسئۇل كادىرلار شۇنداق قىلىشىمىز، تەشكىلگە ئارتۇقچە تەلەپ قويماسلىقىمىز لازىم، مېنىڭ بۇ پىكرىمنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز» دېگەنىدى. مەن سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ بۇ پىكرىنى پارتكوم ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى رەھبىري يولداشلارغا يەتكۈزۈپ قويغانىدىم. كېيىن سەيدۇللا سەيپۇللايوفمۇ يۇقىرىقى پىكرىنى ئۆزى قاتناشقان ئاپتونوم رايون ئاچقان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ياخشى پەزىلىتى، ئالىيجاناب خىسلىتىگە دائىر مىساللار كۆپ. ئۇ، ئاز سانلىق مىللەت رەھبىري كادىرلىرى ئارىسىدىن چىققان قابىلىيەتلىك، مۇنەۋۋەر رەھبىري كادىر ئىدى. ئۇ بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى پەزىلىتى ئىشلەۋاتقان كادىرلار ئۈچۈن بىر جانلىق ئۈلگە.

# نەشرىياتتىن

يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف 1918 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تۇرپان چاتقال يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، غۇلجا شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1943 ـ يىلى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققان، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ، غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، چاپچال ناھىيەسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى بولغان.

شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1957 ـ يىلى ناتوغرا مۇئامىلە تۇپەيلىدىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا ئەۋەتىلگەن. 1979 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتكوم ۋەيپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكوم ۋەيپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 3 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 1 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىلى بولغان. 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرى، ئۇ شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇي قازانغان، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ

ھۆرمەتلىشىگە ۋە قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان. يېرىم ئەسىرلىك ئىنقىلابىي ھاياتىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى، دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا، چېگرا رايوننىڭ تىنچلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئاپتورنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى ئاپتور ھايات ۋاقتىدا «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» قاتارلىق كىتاب - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىلەر يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە تارىخنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ. ئۇنىڭ ئىچىدە 20 - ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ تارىخى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر بىرقەدەر كۆپرەك بولۇپ، توپلامدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر يەكۈن ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش - تەھرىرلەش كومىتېتى يېزىپ چىققان «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» ناملىق كىتابلاردىكى يەكۈن ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئۇيغۇن. بۇ ماقالىلەر شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى ۋە مۇرەككەپ تارىخىي شەخسلەرنى توغرا تونۇش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

بۇ قېتىم توپلام قىلىپ نەشر قىلىشتا، ئەسلىي مەزمۇنغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن ماقالىلەرنىڭ قىسمەن جايلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. مەزكۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماقالىلەر توپلىمى مۇئەييەن بىرلا ۋاقىتتا مەخسۇس سىستېمىلىق يېزىلغان كىتاب ئەمەس. باشقا ـ باشقا يىللاردا، مەلۇم مەسىلىلەرگە قارىتا يېزىلغان ئايرىم ـ ئايرىم ماقالىلەر بولغانلىقتىن، بىرنەچچە ماقالىدە تەكرار مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. ئۇنى قىسقارتىشقا ئىمكان بولمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇندەرىجە

شانلىق سەھىپە .................................. 1
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر
توغرىسىدا.................................... 61
مەن شاھىت بولغان ئىشلار ........................ 73
قەيسەر جەڭچى .................................. 168
شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا سۆھبەت ................ 189
«ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىنى ئوقۇغان-
دىن كېيىن .................................. 209
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى
تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى ...................... 222
«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» خىزمىتىنى تېخىمۇ
ياخشىلاش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر............ 226

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شانلىق سەھىپە

شىنجاڭ خەلقى 1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەشكە ئاتلانغان بولۇپ، ھازىر بۇنىڭغا 50 يىلدىن ئاشتى.

ھەممىگە ئايانكى، نەدە زۇلۇم بولسا شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى شىنجاڭدا زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش ئېغىرلىشىپ ئۇچىغا چىقتى. ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىقمۇ ئەۋج ئالدى. جاي - جايلاردا گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، ئاممىنى ئويغىتىش ۋە تەشكىللەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى 1944 - يىلى 8 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تېغىدىن باشلاندى. پارتىزانلار ئالدى بىلەن نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ، ئاندىن غۇلجا خەلقى بىلەن بىرلىكتە 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدى. ئىككىنچى قەدەمدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋە مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇلۇپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ 27 ناھىيە دائىرىسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلدى. 1946 - يىلى 6 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. 1947 - يىلى 7 - ئايدا گومىنداڭ تەرەپ بىتىمنى بۇزغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ www.uyghurkitap.com

كېيىن تاكى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى داۋاملىق كۈرەش ئېلىپ باردى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى گېنېرال تاۋ سىيۆ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ باشچىلىقىدا ھەقىقەتكە قايتىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى يەتتە ۋىلايەت خەلقى (ئۇ چاغدا شىنجاڭدا ئون مەمۇرىي ۋىلايەت بار ئىدى) بىلەن بىللە، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەرىكىتى بولۇپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ، بولۇپمۇ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۆھپە قوشتى. بۇ ئىنقىلاب نامدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى (تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە)، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرقىسىم ناھىيىلىرىگىچە كېڭىيىپ، توققۇز ۋىلايەتنىڭ 43 ناھىيىسىدە ئىنقىلاب ئوتلىرى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە يالقۇنلاپ، ئوق ئاۋازلىرى ياڭرىغان. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئىدى. بۇ ئىنقىلاب خەلق ئارىسىدا ئەڭ كەڭ يىلتىز تارتقان ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن، شۇنداقلا بىرقەدەر تەرتىپلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى، جەڭگىۋار، مۇنتىزىم ئارمىيىسى ۋە مۇئەييەن قانۇن ـ تۈزۈمى بولغان خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان

مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت بولۇپ، شىنجاڭ تارىخىدا شانلىق بىر سەھىپە ھېسابلىنىدۇ.

## بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى

ھەرقانداق بىر كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى تىكلەش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل كۈرەشلەرنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، شىنجاڭنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى قىسقىچە بولسىمۇ ئەسلىمەي بولمايدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن 1933 - يىلىغىچە، شىنجاڭغا ياڭ زېڭشىن (1912 — 1928 - يىللىرى) ۋە جىن شۇرېن (1928 — 1933 - يىللىرى) ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. ئۇلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا، شىنجاڭ دۇنيا بويىچە زۇلۇم ئەڭ ئېغىر، خەلق ئەڭ كەمبەغەل، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئەڭ قالاق رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. جۈملىدىن 1930 - يىلىدىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تولىمۇ قالاق بولۇپ، دېھقانلار ساپان (بوقۇسا) بىلەن، ھەتتا بىرقىسىم يېزىلاردىكى دېھقانلار ئاچا ياغاچ بىلەن يەر ھەيدەپ، تېرىقچىلىق قىلاتتى. يەرسىز ياكى يېرى ئاز كەمبەغەل دېھقانلار يېزا نوپۇسىنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى.

1934 - يىلىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق سانائەت يوق ئىدى، خەلق پۈتۈنلەي دېگۈدەك قول ھۈنەرگە تايىناتتى. ئۇ چاغلاردا، شىنجاڭ خەلقى تېلېفوننى، ھەتتا ئېلېكتر چىراغنىمۇ كۆرمىگەن، ئەگەر ئۇ نەرسىلەر بار دېيىلسە، پەقەت ياڭ زېڭشىن بىلەن جىن شۇرېننىڭ ئىشخانىسىدىلا بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇمكىن. قاتناش جەھەتتىن ئالغاندا مۇنداق بىر مىسالنى ئالسا-لا كۇپايە: مەن 1934 - يىلى تۇرپاندىن قەشقەرگە هارۋا بىلەن 40 نەچچە كۈندە يېتىپ بارغانىدىم. شۇنچە ئۇزۇن يولدا هارۋا، ئېشەك، ئاتتىن باشقا بىرەر ئاپتوموبىل قاتنىغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم.

شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىلەر خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، 30 - يىللارغىچە، ئا-هالىنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدىغان يەر-لىك خەلقنىڭ بالىلىرىغا هۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بىرەر مەكتەپ، هەتتا مىللىي تىلدا ئوقۇيدىغان بىرەر سىنىپىمۇ ئېچىپ بەرمى-گەن. بەزى ناهىيە - يېزىلاردا يەرلىك مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئۆز ئىقتىسادى بىلەن بىر ياكى بىرنەچچە سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بېسىمى بىلەن تاقىلىپ كەتكەن. يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرى پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش هوقۇقىدىن مەھرۇم بولغاچقا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى. پە-قەت ئايرىم جايلاردا ئېچىلغان خۇسۇسىي پەننىي مەكتەپلەردىلا ناهايىتى ئاز ساندىكى بالىلار پەننىي دەرس ئوقۇيتتى. مەسىلەن، تۇرپان خېلى چوڭ ناهىيىلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ «نەن-جىن» دېگەن بازىرىدا 1930 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە مەرىپەتپەرۋەر لېتىپ ئەپەندى ئاچقان بىر سىنىپلىق پەننىي مەك-تەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا 10 — 15 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى (مەنمۇ شۇ سىنىپتا ئوقۇغانىدىم). يەنە ئاستانە يېزىسىدا مەخسۇت مۇ-ھىتى ئاچقان بىر پەننىي مەكتەپ بارلىقىنى ئاڭلايتتۇق. خەلق ئىچىدە ساۋاتسىزلىق شۇ قەدەر ئومۇمىي ئەھۋال ئىدىكى، كىشى-لەر بىرەر پارچە سالام خەت يازدۇرماقچى بولسا، ئۆز مەھەللىسى-دىن يەنە بىر مەھەللىگە بېرىپ خەت يازالايدىغان كىشىنى تېپىپ يازدۇرىدىغان ئەھۋاللار دائىم دېگۈدەك ئۇچرايتتى. يەرلىك خەلق

ئىچىدە خەنزۇچە بىلىدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا تۇرپاندا خەنزۇچە خەت يازالايدىغان ھامۇت تۇڭچى، مۇھەممەت ئابدۇل تۇڭچى (بۇ ئىككىيلەن ناھىيىدە تەرجىمان بولغان) ۋە روزى موللا (ئاشلىق ئامبىرىدا دەپتەر تۇتقان) دېگەن ئۈچ ئادەم بولۇپ، بۇ ئۈچەيلەن ناھىيە بويىچە داڭلىق شەخسلەردىن ھېسابلىناتتى. 30 - يىللارنىڭ بېشىدا، شىنجاڭدا كۆپلىگەن ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالى تۇرپاننىڭكىدىنمۇ ناچار ئىدى.

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئېغىر زۇلمىغا چىديالمىغان شىنجاڭ خەلقى ئالدى بىلەن 1931 - يىلى قۇمۇلدا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن 1932 — 1933 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ 40 ناھىيىسىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ مەقسىتى ئۆز ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا قوزغىلاڭ تېز ئومۇملىشىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. 1933 - يىلىغا كەلگەندە، ھىيلىگەر مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولۇشى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بەزى تەرەققىيپەرۋەر سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ بەزى سىياسەتلىرىدىن خەلق دەسلەپتە رازى بولۇپ، «شىنجاڭنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ كېتىپ بارىدۇ» دەپ قارىغانىدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى يەنە قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى، ھەتتا قارا بوران - چاپقۇنلار باشلىنىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا يەنە يېڭى بالايىئاپەتلەر يېغىشقا باشلىدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن كۈنلەردە، شىنجاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ھەرخىل خەلق قوزغىلاڭلىرى تېخى داۋام قىلىۋاتاتتى. قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى خوجىنىياز ھاجى تۇرپان ئەتراپىغا كېلىپ شېڭ شىسەي ئۈچۈن خەۋپلىك كۈچ بولۇپ قالدى؛ گەنسۇدىن ما جوڭيىڭ چىقىپ قۇمۇل ۋە گۇچۇڭنى ئىگىلەپ ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئۇمۇ شېڭ شىسەي ئۈچۈن خەۋپلىك كۈچ بولۇپ قالدى؛ جىن شۇرېننىڭ ئىلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە 8 - شى (دىۋىزىيە) نىڭ قوماندانى جاڭ پېييۈەن ئەسلىدە ھەربىي ئورۇن جەھەتتە شېڭ شىسەيدىن يۇقىرى تۇراتتى، ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ شېڭ شىسەينى يوقىتىپ پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئىدى. مانا بۇ ئۈچ تەرەپتىن كېلىۋاتقان تەھدىتنى تارمار قىلىشقا شېڭ شىسەينىڭ كۈچى يەتمەيتتى. لېكىن، شېڭ شىسەي ئۈچىغا چىققان ھىيلىگەر بولغاچقا، مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئۆز دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشقا ئامال تاپتى. ئۇ ئۆزىنى «ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، سوتسىيالىزمنى خالايدىغان» كىشى قىلىپ كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى ئۆزىگە ئىشەندۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينى شىنجاڭنىڭ باشلىقى بولۇشقا بىر دىنبىر مۇناسىپ ئادەم دەپ قاراپ، ئۇنى قوللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسلىدە قورال - ياراغ بېرىپ ۋە مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجىنى قوللىغانىدى؛ كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېڭ شىسەينى ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتۈشكە دەۋەت قىلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم تۈزدۈرۈپ «گۇۋاھلىق» بەردى. خوجىنىياز ھاجى بۇ كېلىشىم بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن بىر قىسىم قىزىل ئارمىيىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئىلى رايونىدىكى جاڭ پېييۈەن قىسىملىرىنى تارمار قىلدى؛ ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ئۇرۇم-

چىنى قورشاپ تۇرغان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى بىتچىت قىل-
دى. ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە قېچىپ بارغاندا ماڭىدىغان يول
تاپالماي، 100 گە يېقىن مۇھاپىزەتچىسى ۋە توپلىغان مال -
دۇنياسىنى ئېلىپ ئەركەشتام چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتى-
پاقىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ما خۇسەن (ما جۇڭيىڭ-
نىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى) ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قوراللىق كۈچ-
لىرىنى باشلاپ، كېلىشىم بويىچە خوتەنگە بېرىپ تۇردى. شۇنىڭ
بىلەن شىنجاڭدا ئۇرۇش توختاپ، تىنچلىق مەزگىلى باشلاندى.
1931 - يىلدىن 1933 - يىلىغىچە كەڭ ئەۋج ئالغان
دېھقانلار قوزغىلىڭىدا نەچچە ئون مىڭلىغان خەلق قۇربان بولغان
بولسىمۇ، ھاكىمىيەت ئاخىرىدا يەنىلا شېڭ شىسەيدەك ئالدامچى-
نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قولىغا كەلگەن ھوقۇقنى ساقلاپ
قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا
پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
كۆپلىگەن مەسلىھەتچىلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ئالدۇرۇپ كەلدى
ھەم ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردەم ئالدى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ يەنئەندىن ئەۋەتىلگەن
كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇردى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇ-
رۇلدى. يەرلىك مىللەتلەردىن ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس، ۋىلايەت-
لەرگە ۋالىي، كۆپلىگەن ناھىيىلەرگە ھاكىملار قويۇلدى. يەر-
لىك مىللەت خەلقىگە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىپ بېرىلدى. كىچىك
كۆلەمدە بولسىمۇ دوختۇرخانىلار، ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇ-
رۇلدى. ئامما ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئاپتوموبىل، تېلېفونلار بار-
لىققا كەلدى. يېزىلاردا يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مال دوخ-
تۇرخانىلىرى پەيدا بولدى. مانا بۇ يېڭىلىقلارنى تۇنجى قېتىم
كۆرگەن شىنجاڭ خەلقى خۇشاللىنىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇزاق
ئۆتمەي شېڭ شىسەي ئىچكى جەھەتتىن ئۆزىگە خەۋپلىك دەپ
تونۇلغان كىشىلەرنى پىلانلىق ھالدا تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يالغان دېلو توقۇپ چىقىپ، تۇرغۇزۇپ، تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ قاماشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ كۆلەمدە ساقچىلىق، پايلاقچىلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇ چاغلاردا خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك «ئۈچ كىشى بىر يەرگە كەلسە، ئۇنىڭ بىرى ئىشپىيون» دېگەن ھالەت شەكىللەندى.

1941 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، گىتلېر فاشىستلىرىنىڭ قىسمەن ئېلگىرىلەشلىرىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، ئۆز تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ئۆزى ئېلان قىلغان بارلىق سىياسەت ۋە پروگراممىلاردىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىشنى بىردىنبىر ياخشى چارە دەپ قاراپ، بۇ جەھەتتىكى ھەرىكەتنى جىددىيلەشتۈردى. 1942 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن 100 دىن ئارتۇق كىشىنى نەزەربەند قىلدى ۋە قولغا ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق بىر قىسىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلتۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە قوغلىدى، ئۇنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل ئارمىيە 8 ـ تۈەنى (پولكى) نىمۇ قايتۇردى. 4 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار شىنجاڭدا ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر ۋە يالغان دېلولار بىلەن 100 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنى ناھەق تۈرمىگە تاشلىدى ۋە يوقاتتى. شىنجاڭنى پۈتۈنلەي ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ، خەلق ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلار شۇنچىلىك قىس بولۇپ كەتتىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان كېپەنلىككە ئاق خەسە تېپىشمۇ تەس بولۇپ قالدى. بىرنەچچە يىللىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي بېسىلىپ

قىلىپ، چارۋىچىلارغا ئېغىر زىيان بولدى. بىر تاختا قارا چاينى 100 كىلوگرام يۇڭغا ياكى بىر قويغا ئالماشتۇرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. شىڭ شىسەينىڭ ئالدامچىلىقى، تېررورلۇقى ۋە بۇلاڭچىلىقى خەلقنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنىدى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەممە توختاملارنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ بازاردىن يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشىنى توسقۇنلۇق قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قىلىۋاتقان ھەرىكىتىنى چەكلەشنى، ھەتتا شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىن قايتۇرۇپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇزاقتىن بۇيان شىڭ شىسەينى تىزگىنلىيەلمەي كەلگەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، جىددىي ھەرىكەت قوللىنىپ، شىڭ شىسەينى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسىنى قۇردى، ئاندىن 1944 - يىلى كۈزدە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىننى ئەۋەتتى. شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، سىياسىي زۇلۇم ۋە ھەربىي بېسىم تېخىمۇ كۈچەيدى، خەلق ئىگىلىكى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى يامانلىشىپ كەتتى. ھەممە يەردە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق، ئەپيۇنكەشلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا داۋاملىق تۈردە ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكتىن خەلقنىڭ نارازىلىقىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرىمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن جايلارغا «ئېھتىياتلىق قەدەم» بىلەن سىڭىپ كىرىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە باشلىدى. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتىمەن: ئىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىمنازىيىسىدە تەشكىل قىلىنغان جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇش-
مىنىڭ مىللىي سىنىپلاردىكى گۇرۇپپىلىرى 1943 - يىلى
5 - ئايلاردا «ھەپتىلىك ئۆگىنىش» نى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.
بۇنى بىرەر كىشى چەكلىمىگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن بۇ مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچى ئىدىم. شۇ يىلى يازلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن
ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا مەكتەپ مۇدىرى بارلىق ئوقۇت-
قۇچىلارغا: «يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، شەھىرىمىزدە چەت
ئەلدە بېسىلغان كىتابلار كۇتۇپخانىسى ئېچىلماقچى، شۇڭا سىلەر
قولۇڭلاردا بار چەت ئەلدە بېسىلغان كىتابلارنى تاپشۇرۇپ بېرىڭ-
لار» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى (بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئوقۇتقۇ-
چىلار ئىچىدە شۇ مۇتۇك، دېلىنلارمۇ بار ئىدى). ئەسلىدە
ئۇلارنىڭ مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان كىتابلارنى يى-
غىۋېلىش ئىكەن. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا دەرسلىك بېسىش شارا-
ئىتى بولمىغاچقا، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا بې-
سىلغان كىتابلاردىن پايدىلىناتتى. ئەمدى ئۇلارغا ھېچقانداق
دەرسلىك قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ كۈنلەردە گومىن-
داڭچىلارنىڭ بەزى ئىشلىرى، مەسىلەن، ئىلىدىكى «گومىنداڭ
ھاۋا ئارمىيە مەكتىپى» (سوۋېت ئىتتىپاقى - جۇڭگو كېلىشىمى
بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى ئۇچقۇچى تەربىيىلە-
ۋاتقان مەكتەپ بولۇپ، ئەسلىدە قومۇلدا قۇرۇلۇپ، كېيىن ئى-
لىغا كۆچۈرۈلگەن) ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غۇلجىدىكى يەرلىك خەلق-
نىڭ قىزلىرىغا قىلغان پەسكەش قىلىقلىرى خەلقنىڭ غەزىپىنى
قوزغىماقتا ئىدى. گومىنداڭچىلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قارشى-
لىقىغا ئۇچرايلا قالماستىن، بەلكى خەنزۇ خەلقىنىڭ قارشىلىقى-
غىمۇ ئۇچرىغان. مەسىلەن، غۇلجا خەنزۇ بازىرىدىكى كۆلۈپتا
چاڭچىلە قويۇلغاندا، يەرلىك خەنزۇلار بىلەن ھاۋا ئارمىيە مەك-
تىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ماجىرا يۈز بېرىپ ئۇچقۇچىلار
تاياق يېگەنىدى.

مۇشۇنداق نارازىلىقلار كۆپىيىۋاتقان مەزگىلدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلققە 10 مىڭ ھەربىي ئات سېلىقى (خەلق ئىچىدە «گەز ئات» دېيىلەتتى) سالدى. ئۇلار بىر ئاتقا 550 يۈەن باھا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتنىڭ بازاردىكى باھاسى 700 يۈەندىن ئارتۇق ئىدى. دېمەك، بىر ئات ئۈستىدىن ئېلىنىدىغان سېلىق 150 يۈەن ئىدى (ئۇ چاغدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىر ئايلىق مائاشى 40 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى). بۇ ئات سېلىقى ئاساسەن ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بولۇپ، بۇ سېلىقنى تۆلەش ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تەڭسىزلىك، خورلۇق ۋە تېررورلۇقلارنىڭ ئۈستىگە ئەنە شۇنداق ئېغىر سېلىقلار خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. دېمەك، خەلقنىڭ قوزغىلىشىغا ئېغىر زۇلۇم، باراۋەرسىزلىك، ئېكسپىلاتاتسىيە سەۋەب بولغان بولسا، ئات سېلىقى ئىلى قوزغىلىڭىغا پىلتە بولدى.

## ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە غەلىبە قىلىشى

مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئەسلىدە 1943 - يىلى يازدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىرنەچچە يېرىدە باشلانماقچى بولسىمۇ، ئۇيۇشقاق بولماي قېلىپ، رەسمىي كۈرەش ئىلىدا 1944 - يىلى باشلاندى. ئالتاي تەرەپتە 1940 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا شېڭ شىسەيگە قارشى بىر قوراللىق گۇرۇھ پەيدا بولغان. بۇ گۇرۇھ گاھ توزۇپ، گاھ توپلانغان. 1943 - يىللىرى بۇ گۇرۇھقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوسمان ئىسلام باشلىق بولغان. بۇ گۇرۇھتىن پايدىلىنىش زۆ-
رۈر بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ خىز-
مەت ئىشلىشى بىلەن، ئوسمان ئىسلام سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ-
تىن قورال ۋە تەمىنات ئېلىش بەدىلىگە شىڭ شىسەيگە —
گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ماقۇل بولۇپ قوراللىق
ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ يىلى يازدا شەرقىي ئالتايدا
(جېمىنەي تەرەپتە) موللا ئىسمائىلوف قوراللىق قوزغى-
لاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن مەغلۇپ
بولغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان
(1944 ـ يىلى يازدا قايتىپ كېلىپ پارتىزانلىق قىلغان). شۇ
كۈنلەردە ئىلىدا فاتىخ مۇسلىموف، قەشقەر تەرەپتە ئىسھاقبېك-
لەرنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئۈزۈلۈشلۈك بولماي قوزغىلالمىغان. تاشقور-
غان تەرەپتە ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئالتايدىكى
قىسمەن جەڭلەرنىڭ داۋام قىلىشى بىلەن گومىنداڭ دىققەت ـ
ئېتىبارىنى ئۇ تەرەپلەرگە قاراتماي تۇرالمىدى. شۇنداق مۇۋاپىق
پەيتتە، يەنى 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلى
ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن يېرىدە رەسمىي
قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. بۇ ھەرىكەتنى فاتىخ مۇسلىموف
گۇرۇپپىسى ئەكبەر، غېنى، سىيىت، ناۋان، مولداجان،
ئىۋاشوتوف قاتارلىق ئەزىمەتلەر باشلىغانىدى. بۇنىڭغا فاتىخ مۇس-
لىموف، ئەكبەر، غېنىلار رەھبەرلىك قىلغان. فاتىخ مۇسلىموف-
نىڭ گۇرۇپپىسىدا خەمىت مۇسلىموف (فاتىخنىڭ ئاكىسىنىڭ
ئوغلى)، رەفىق بايچۇرىن (فاتىخنىڭ ھەدىسىنىڭ ئوغلى)،
قۇربان بۇرھانىدىنوف، ئوسمان ئىبراھىموف، نۇر ئوبۇلوف،
ھوشۇر مامىتوفلار بار ئىدى. بۇلاردىن فاتىخ نىلقا ناھىيىلىك
يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرىكتورى، قوربان بۇرھا-
نىدىنوف ئۇرۇمچىدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، قالغان-
لىرى ئىشچىلار بولۇپ، ئوسمان، نۇر، ھوشۇرلار «غۇلجا ھاۋا

ئارمىيە مەكتىپى» دىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھويلا ئىشچىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلى ۋىلايىتىدىن بولۇپ، 1943 - يىلى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ھەر خىل يوللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېقىپ پاناھلانغان. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن بىرنەچچە جايدا تەشكىللىنىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان. جۈملىدىن ئىلىدىن بېرىپ قازاقىستاندا تەشكىللەنگەن فاتىخ مۇسلىموف باشلىق يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپا 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالمۇتىدىن نىلقا ناھىيىسىگە قاراپ ئاتلانغان. ئۇلارنىڭ نىلقىنى تاللىۋېلىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن نىلقا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن 210 كىلومېتىر، غۇلجا شەھىرىدىن 120 كىلومېتىر كېلىدىغان شەرقىي جەنۇبتا بولۇپ، تاغ - داۋانلار ۋە چىغىر يوللار ئارقىلىق شىمالدا جىڭ ناھىيىسى، جەنۇبتا كۈنەس ناھىيىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىرىگە تۇتىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، نىلقىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىرى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا تېخىمۇ باب بولۇپ، مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك. ئۇنىڭ ئەپسانىلەردە ئېيتىلغاندەك «بىر مەرگەن مىڭ دۈشمەننى ئۆتكۈزمەيدىغان» داڭلىق جىلغىسى بار؛ ئۈچىنچىدىن، فاتىخنىڭ نىلقىدا ئىجتىمائىي ئاساسى كۈچلۈك ئىدى.

قوراللىق گۇرۇپپا ئۇلاستاي تاغلىرىدا پەيدا بولغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىش توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇ تەشۋىقاتتا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، خەلقنى ئازاد قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلق ئاممىسى قوزغىلاڭچىلارنى قىزغىن قوللىدى، ھەتتا نۇرغۇن كىشى غۇلجا ۋە باشقا ناھىيىدىن نىلقا ناھىيىسىگە بېرىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى

12 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەرەمباغدا 78 كۈن مۇداپىئەلىنىپ ياتقان گومىنداڭ قـورالـلىق كـۈچلىرى 1945 ـ يىـلـى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قېچىشقا ئۇرۇنغاندا، خەلق قوراللىق كۈچلىرى يول ئۈستىدە دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇلارنى تەلتۆكۈس تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرى گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق ئازاد قىلىندى. ھەرەمباغ ئىشغال قىلىنغاندا 2000 دانە ھەرخىل قورال ـ ياراغ ۋە كىچىك تىپتىكى 54 ئايروپىلان غەنىيمەت ئېلىندى. غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەشكىللەپ، بارلىق پارتىزان ئەترەتلىرىنى مۇنتىزىم ئارمىيىگە ئايلاندۇرۇپ، قوراللىق كۈرەشنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە كىرىشتى. مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇلۇپ ئاز ۋاقىت تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كۈچنى شىمالىي سەپ ۋە ئوتتۇرا سەپكە ئاتلاندۇردى. تارباغاتايغا بارغان مۇنتىزىم قىسىم يەرلىك پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دۆربىلجىننى ئازاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم قورال ـ ياراغنى ۋە ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتقان 30 نەچچە ئاپتوموبىلنى قولغا چۈشۈردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن چۆچەك ئازاد قىلىندى. گومىنداڭنىڭ تارباغاتايدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى چۆچەكتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، قوراللارنى چېگرىدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتتى. چۆچەك ئازاد بولغاندىن كېيىن مۇنتىزىم قىسىم تارباغاتايدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە ئالتايغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ئالتايغا بارغاندىن كېيىن بۇ يەردە جەڭ قىلىۋاتقان دەلىلقان ۋە ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئالتاينى ئازاد قىلدى. ئالتايدا گومىنداڭنىڭ ۋالىيسى

ۋە بىر گېنېرالى باشلىق جەمئىي 1600 ئادەم تەسلىم بولدى. مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا سەپكە يۈرۈش قىلغان قىسمى جىڭ، شىخو ئەتراپلىرىدا گومىنداڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، 10 نەچچە مىڭ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جىڭنى، 8 - كۈنى شىخونى ئازاد قىلدى. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ماناس دەرياسى بويىغىچە كەلدى. ئۈرۈمچىگە پەقەت 140 كىلومېتىر يول قالغانىدى. مۇنتىزىم ئارمىيە شىمالىي سەپ ۋە ئوتتۇرا سەپلەرگە ھۇجۇم باشلىغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش شتابى قاراشەھەر، توقسۇن تەرەپلەرگىمۇ پارتىزان ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ، كىچىك كۆلەمدىكى ئۇرۇشلارنى قىلدى. مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي سەپكە يۈرۈش قىلغان پارتىزان ئەترەتلىرى خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدە باي ناھىيىسىنى، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئاقسۇ شەھىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلدى.

گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەشنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان ناھىيىسى ئىدى. 1943 - يىلى يازدا تاشقورغان تەرەپتە قوراللىق ھەرىكەتلەر بولدى؛ 1945 - يىلىغا كەلگەندە، پارتىزانلىق ھەرىكەتلەر كۈچىيىپ، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقورغان ئازاد قىلىندى. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قىزىلتاغ لىنىيىسى تاكتىكا يۈزىسىدىن تىنچلىق بىتىمىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە يەكەن تەرەپلەردە ھۇجۇمنى توختاتمىدى. پارتىزانلار قاغىلىق، پوسكاملارنى ئىشغال قىلىپ، 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار قايتىدىن تەشكىللىنىپ قىزىلتاغ لىنىيىسى ۋە ئويتاغ لىنىيىسىگە ئايرىلىپ (قىزىلتاغ لىنىيىسى يېڭىسار ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

يەكەن تەرەپكە، ئويتاغ لىنىيىسى قەشقەر تەرەپكە مەسئۇل بولۇپ) ھۇجۇمغا تەييارلاندى. شۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلاش ۋە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاش مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى توختىتىلدى ۋە پارتىزان ئەترەتلىرى تارقىتىۋېتىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرنەچچە سەپتىكى جەڭلەر بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قەدەر پىلانلىق، تەشكىللىك ۋە غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلاستايدا تۇنجى ئوق ئاۋازى 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدە ئاڭلانغان بولسا، ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پارتىزان قىسىملىرىنىڭ ئادەم سانى 1000 غا يېقىن كۆپىيىپ غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغانلىقى، ئون ئايغا قالماي ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە 27 ناھىيە ئازاد قىلىنىپ، 30 مىڭ كىشىلىك قوراللىق قوشۇننىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى؟ ئۇنىڭدا ئاساسەن مۇنداق ئامىللار مەۋجۇت:

1. شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزىپى چېكىگە يەتكەنىدى. «زۇلۇمدىن غەزەپ تۇغۇلىدۇ، خورلۇقتىن قەھرىمانلىق» دېگەندەك، شىنجاڭ خەلقى غەزەپ بىلەن قوزغىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى. شىنجاڭ تارىخىدا كۆپ قېتىم ئازادلىق قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ھېچقاچان بۇ قېتىمقىدەك كەڭ ۋە قىزغىن قوللاشلارغا ئىگە بولمىغان دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىرنەچچە ئىشنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. نىلقىدا بىرنەچچە كىشى قوراللىنىپ چىققاندا، مىڭلىغان خەلق

ئۆز ئاتلىرىنى مىنىپ، ئۆز كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ئوزۇق -
تۈلۈكى بىلەن قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغان. ئىلقىدا جەڭ
بولغان كۈنلەردە، شاكىر دېگەن كىشىنىڭ كېلىنى سۇ ئالغىلى
بۇلاق بېشىغا بېرىپ، ھودۇقۇپ يۈرگەن ئۈچ گومىنداڭ ئەسكە-
رىنى يولۇقتۇرغان، بۇ ئايال ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇلارنىڭ
قوراللىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنى ھەيدەپ ئاپىرىپ پارتىزانلارغا تاپ-
شۇرۇپ بەرگەن. غۇلجا شەھىرىدە قوزغىلاڭ بولغان كۈنلەردە
مەھەللە - مەھەللىدىن مىڭلىغان كىشىلەر قولىغا كالتەك، ئارا،
گۈرجەك ئېلىپ قوزغىلىپ چىققان. باش ھەربىي شتاب ياشلارنى
ھەربىي سەپكە چاقىرغاندا، توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى ئەيسا ئۇستا
ئۆزىنىڭ تۆت ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن ئارمىيە سېپىگە ئەكىرىپ
بەرگەن. ئۇ چاغدىكى خەلقنىڭ قىزغىنلىقى، جەڭچىلەرنىڭ قەھ-
رىمانلىقلىرى كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. دېمەك، ئۈچ
ۋىلايەتتە ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلابنى
قىزغىن قوللاپ، كۈچى بارلار كۈچى بىلەن، مېلى بارلار مېلى
بىلەن ياردەم بەرگەن.

يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە (گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى
رايونلاردا) مىلتىق ئاۋازى ياڭراش بىلەنلا يۈزلىگەن - مىڭلىغان
خەلق قولىغا توقماق، ئارا، گۈرجەكلەرنى ئېلىپ پارتىزانلارغا
قوشۇلۇپ، گومىنداڭغا قارشى ھەر خىل كۈرەشلەرنى ئېلىپ
بېرىپ، ئىنقىلاب داۋامىدا كۆپلەپ قۇربانلارنى بەرگەن.

2. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ
باشتىن - ئاخىر قوللاپ، ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىش-
تى. شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالى، غەربى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى
تاشقورغان ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 21 ناھىيىنىڭ 2000
كىلومېتىردىن كۆپرەك چېگرىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگ-
رىلىنىدۇ؛ شۇڭا، قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە چەتتە قاراپ تۇرمايدۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غانلىقى ھەممىگە ئايان. شىنجاڭدا 1933 — 1942 - يىللىرىدىكى تارىخىي ۋەزىيەتتە پىشىپ چىققان زىيالىيلار ۋە ياشلار، جۈملىدىن خەلق ئىچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى ئالغان كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇلار، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ھەقىقىي ياردەم بېرىدىغان بىردىنبىر سوتسىيالىستىك دۆلەت دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئارقا تىرىكى دەپ ھېسابلايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىر ئورگانلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنى قويدى، ھەربىي قىسىملاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئوفىتسېرلىرى جەڭلەردە قوماندانلىق ئىشلىرىغا قاتناشتى. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشى بىلەن ئۇلار ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خىزمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالمىدى.

3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگودىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭغا كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدى. يۇقىرىقى ئۈچ ئامىل بولمىغان بولسا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## ئۈچىنچى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر

نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىدۇ؟ بۇ ئىش يالغۇز شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىشنى مەقسەت قىلىپلا قالماس-

تىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى بىلەن، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈپ مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بەزى كىشىلەر تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانلىقىغا ھەيران بولۇپ: «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ ئۈرۈمچىگە يېقىنلاپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوراللىق كۈرەشلەر رەسمىي كېڭەيگەن ئەھۋالدا نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلدى» دېيىشكەنىدى. ھەتتا ئارمىيە ئىچىدىكى ئايرىم كىشىلەر: «ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ قالغان ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىنى ئېلىش كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويغاندا، ئۇلار «ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلەنگەنىدى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقىغا قارىتا ئوخشاشمىغان قاراشلار ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرمۇ مەۋجۇت. بۇ ھەقتە مەن تۆۋەندىكى قاراشلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتىمەن:

1. بەزىلەر: «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازىنىشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان» دېگەن قاراشتا بولغان. مېنىڭچە، بۇ خىل قاراشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ماناس ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ناھىيىنى تاشلاپ شەرق تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىغان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسىدىن ئۆتمىگەنلىكتىن گومىنداڭ قوشۇنى ماناس ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىپ قايتىدىن ئورۇنلاشقان. بۇ چاغدا گومىنداڭ قوشۇنى كۆپلىگەن ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلىپ ئاجىزلاپ قالغاچقا، ئۈرۈمچىدىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ نەنجىڭگە قايتا ـ قايتا تېلېگرامما يوللاپ: «ۋەزىيەت ئېغىر، كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس» دېگەن. ئۇ يەنە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كەلگەندە، ئۇنىڭغا شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنى ساقلاۋاتقان بارلىق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئاران ئالتە يىڭ (باتالىيون) ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ دەرھال جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ: «بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي... غۇلجا قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساس يوق... ھازىر پەقەت دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىقلا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بار»[①] دېگەن. دېمەك، بۇ چاغ دەل ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى غەلىبە قىلىۋاتقان، گومىنداڭ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاجىز كېلىپ قېلىپ بىتىم تۈزۈش يولىغا ماڭغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا كېلىش ئالدىدا، گومىنداڭنىڭ جىڭ ناھىيىسىدىكى 7000 كىشىلىك، شىخو ناھىيىسىدىكى 4000 كىشىلىك قوشۇنىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان ۋە كۆپلىگەن قورال ـ ياراغ غەنىيمەت ئالغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئالتە يىڭ ئەسكىرىدىن قورقۇپ تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش يولىغا ماڭغان دېيىلسە، بۇ تازىمۇ بىر كۈلكىلىك گەپ بولۇپ قالامدۇ؟ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە،

① جاڭ جىجۇڭنىڭ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» دېگەن ئەسلىمىسى، ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ، 6 ـ بەتلەر.

ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بالا ـ چاقىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ماڭدۇرۇشقا، ئىقتىسادى يار بەرمىگەنلىرى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىپ قېچىشقا باشلىغانىدى، ھەتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆلكە مەركىزىنى ئىچكى جەھەتتە قۇمۇلغا يۆتكىگەن. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جىنىڭ، شىخو ناھىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلغان كۈنلەردە، جياڭ جيېشى گەرچە ئۈرۈمچىدىكى كاتتىۋاشلىرىغا تېلېگراممىا ئارقىلىق: «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنگەنلەرنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەل قىلغۇچ جەڭدىن قاچقانلىق جىنايىتى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ ئېتىۋېتىڭلار! كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ «يولىيورۇق» بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ «يولىيورۇقلار» ئاخىر قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالغانىدى. مانا شۇنداق ئەھۋالدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالغانلىقى ئۈرۈمچى خەلقىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

2. تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىنى يالغۇز شىنجاڭدىكى يەككە ـ يېگانە مەسىلە دەپ قارىماي، ئۇنى شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراش كېرەك. مەسىلەن، (1) 1944 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ بىرنەچچە يېرىدە گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا ۋە زوراۋانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەش باشلاندى. شۇ چاغدا غەربتە گىتلېر ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئېنىق بولۇپ قالغان، شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەقدىرى ھالاكەتكە يۈزلەنگەنىدى. ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ياكى پىلانى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئارقا تىرەك قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە زەربە بېرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، شىنجاڭ خەلقىنىمۇ ئازاد قىلىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبارەت ئىدى؛ (2) 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسى تارمار قىلىندى. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ياپون جاھانگىرلىكى شەرتسىز تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر قانچە ئون دۆلەت، نەچچە مىليارد خەلق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلدى. بۇ جەرياندا 60 نەچچە مىليون ئادەم چىقىم بولدى. شۇڭا، دۇنيا خەلقى تىنچلىقنى، دېموكراتىيىنى ئارزۇ قىلاتتى. (3) جۇڭگو ئىمۇ 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ يەنئەندىن چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ «ئۆكتەبىر كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

3. بەزىلەر: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يول قويمىغانلىقى شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا سەۋەب بولغان» دېگەن قاراشتىمۇ بولغان. بۇ قاراشتىكىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مۇستەقىللىق شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، لېكىن ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت باشلىقلىرى يالتا يىغىنىدا شىنجاڭ يەنىلا جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قېلىۋېرىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش يولىغا ماڭغان دېمەكچى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار خەلقئارانىڭ موسكۋاغا بولغان بېسىمى نەتىجىسىدە موسكۋا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇرلىغان دېمەكچى بولىدۇ. 1945 ـ يىلى ئۈچ چوڭ دۆلەت باشلىقلىرى — ستالىن، روزېۋېلت، چېرچىللەرنىڭ يالتا يىغىنىدا ستالىننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن شىنجاڭ، تاشقى موڭغۇلىيە قاتارلىق جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ

مۇزاكىرە قىلىنغانلىقى، ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ يەنىلا جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانلىقى ئەمەلىيەت. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىزچىل مەيداندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل دۆلەت (ياكى قارام دۆلەت) قىلىش نىيىتى يوق. يالتا يىغىنىدا ستالىنىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى شىنجاڭنى ئەمەس، بەلكى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. مېنىڭچە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا خەلقئارانىڭ موسكۋاغا بېسىمى سەۋەب بولغان دېگەندىن كۆرە، ستالىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ داۋاملىق تۇردە جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قېلىۋېرىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى سەۋەب بولغان دېگەن مۇۋاپىق.

4. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى بەزى ئەھۋاللاردىن تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى، جۈملىدىن تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك: بىرىنچىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە تايانغان؛ ئىككىنچىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە رەھبەرلىك تەركىبىدە دىنىي زاتلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ كىشىلەر كوممۇنىزم بىلەن چىقىشالمايتتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن گۇمانلىناتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئىنقىلاب باشلانغانىكەن، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەنمەي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. رەھبەرلىك قاتلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ىدىكى ئاز ساندىكى زىيالىيلار ۋە كادىرلار ئىچىدىكى ياشلار ھەر خىل دەرىجىدە كوممۇنىزمنى ياقلىغۇچىلار ئىدى. بۇ ياشلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئازاد قىلغۇچى ياكى ئۆزلىرىگە بىردىنبىر شاپائەتچى دەپ قارايتتى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى بەزى ئەھۋاللار دېگەندە تۆۋەندىكىلەرنى كۆزدە تۇتماقچىمەن: (1) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىش ئالدىدا، يەنى ئىلقا تاغلىرىدا تۇنجى ئوق ئېتىلمىغان ۋاقىتلاردىلا، ئىنقىلاب غەلىبە قىلسا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئىچكى جەھەتتە قارار قىلىنىپ بولغان دەپ قارايمەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باشلاشتىكى مەقسەت بىلەن ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقى بۇ مەسىلىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ (2) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردە، يەنى ئىلقا تاغلىرىدا قوراللىق جەڭلەر بولۇۋاتقان چاغلاردا «گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئازاد قىلىش...» دېگەن شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، باشقا شوئار قويۇلغان ئەمەس (ئۇ چاغلاردا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام جۇغراپىيىلىك نام دەپ قارالغان)؛ (3) 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ (غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن)، «ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» تەشكىل قىلىندى. بۇ ئەھۋال بىر يىل داۋام قىلىپ تىنچلىق بىتىمىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ھوقۇقلۇق تەرەپ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپتە بەزى شوئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان ھەمدە ۋاقتى كەلگەندە ئۇ شوئارلارنى قالدۇرۇۋېتىش مۇمكىن دەپ قارىغان؛ (4) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەيلى قانچىلىك زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسۇن، ئۇنىڭ گومىن-

داڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىشى مۇقەررەر ئىدى؛ (5) 1946 - يىلى 5 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەتتە تەشكىل بولغان «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ئۆزىنىڭ نىزامنامە - پروگراممىسىغا «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» دېگەن مەزمۇننى كىرگۈزمىگەن. بۇ پارتىيىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ 1946 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەمدە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان؛ (6) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ تۇرغان كۈنلەردە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش ۋە تۈرلۈك زىددىيەتلەر كۆرۈلۈپ تۇردى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆزىنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمگە سادىق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەش بىلەن گومىنداڭ تەرەپتىن بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. ھەرگىزمۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قايتىدىن تەشكىل قىلىش نىيىتىدە بولمىدى. 1948 - يىلىغا كەلگەندە، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

5. تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ياكى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش نىيىتىدە بولمىغانلىقى ھەققىدە كۆپ پاكىتلار بار. مەسىلەن، (1) 1921 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار «تۈركىستان بيۇروسى» ئارقىلىق شىنجاڭدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەققىدە موسكۋادىكى سوۋېت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتىغا ياردەم سوراپ مۇراجىئەتنامە يازغان. موسكۋا بۇنىڭغا: «شىنجاڭدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش سەلبىي ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ...»، «جۇڭگوغا نىسبەتەن بىزنىڭ ئومۇمىي دوستلۇق سىياسىتىمىز ۋە جۇڭگو دېموكراتىيىسىگە ئىشەنچىمىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاشقا مەجبۇرمىز» دەپ جاۋاب يازغان؛ (2) 1931 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەنىدى، كېيىن شېڭ شىسەينى قوللاپ، خوجىنىياز ھاجىنى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئۈندىدى، شۇنىڭدەك شېڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق كۈچلەرنى تارمار قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋېلىشىغا ياردەم بەردى؛ (3) 1935 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى (شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلار) سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف جاكارلىغان مۇراجىئەتنامىدە: «مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ھەقىقىي سىياسىتىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىنى تارتىۋېلىش بىزنىڭ تاشقى سىياسىتىمىز بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئۇ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەتئىي قوغدايدۇ» دېيىلگەن؛ (4) 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گومىنداڭ ئەمەلدارى سۇن كې ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ستالىننىڭ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ياكى شىنجاڭغا نىسبەتەن زېمىن تەلىپى يوق» دېگەنلىكى، يەنە بىر قېتىملىق سۆھبەتتە: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە چوڭچىلىك بىلەن پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى يوق»

دېگەنلىكى مەلۇم؛ (5) 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي مەخپىي ھالدا موسكۋانى زىيارەت قىلىپ ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، شىنجاڭنى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، 185911 ـ نومۇرلۇق پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىنى ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتورلاشقان بىر لۇي (بىرىگادا) ئارمىيىسى قۇمۇلدا 8 ـ تۇەن نامى بىلەن تۇراتتى، ئۇرۇمچى شەھىرى تۇدۇڭخابادىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق كۈچلىرى تۇرغانلىقى مەلۇم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن بولغان ئاشۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى شېڭ شىسەيدەك سوۋېت ئىتتىپاقىغا «سادىق» دەپ تونۇلۇپ قالغان بىر شەخسكە تاپشۇرۇشنى لايىق كۆرگەن؛ (6) 1942 ـ يىللىرىدا شېڭ شىسەي ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان كۈنلەردە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا «شەرق ھەقىقىتى» (تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان)، «يېڭى ھايات» (ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان) دېگەن مەخسۇس شىنجاڭغا قارىتىلغان ئۇيغۇرچە ژۇرناللار نەشر قىلىنغان، بۇ ژۇرناللارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى شىنجاڭنى مۇستەقىل بولۇشقا چاقىرىش ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ خەلقىنى ئويغىتىشقا، ئازادلىققا ئېرىشىشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولدى.

6. تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بەزى ھەرىكەتلەردىن قارىغاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى ۋە پىلانى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدە (ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغاندا) موسكۋادا جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىگە قوشۇمچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئالماشتۇرۇلغان ھۆججەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا توختالغاندا، «شەرتنامە» نىڭ 5 ـ ماددىسىدا ئېيتقاندەك، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلدى («شىنخۇا گېزىتى» نىڭ 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىكى سانىغا قاراڭ).

(2) گومىنداڭ ۋەكىلى جياڭ جىڭگو (جياڭ جيېشىنىڭ ئوغلى) 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىنلىكىنى بىلىپ قايتقان. جياڭ جىڭگو يىل ئاخىرى موسكۋاغا بېرىپ قايتىشىدا ئۈرۈمچىدە توختاپ، موسكۋانىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئالغا سۈرۈشكە ياردەم بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئۇ يەنە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە بولغان.

(3) 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا ئۈنجى قېتىم كەلگەندە مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى يېۋسىيېف بىلەن كۆرۈشكەن. يېۋسىيېف: «بۇ ئىشنى (شىنجاڭ مەسىلىسىنى دېمەكچى) ئامال بار تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك» دېگەن. ئۇ يەنە: «بۇ مەسىلىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويسا، ئاسان ھەم ئۇنۇملۇك بولاتتى» دېگەن. شۇ كۈنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ: «بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي، ھازىر پەقەت دىپلوماتىيە ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىلا بار، بۇنداق

بولمىغاندا، ئۈرۈمچى قولدىن كېتىپ قالسا ۋەزىيەت پۈتۈنلەي ياماغلىشىپ كېتىدۇ... شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشىنى موسكۋادىكى باش ئەلچىمىز ئارقىلىق سوراپ بېقىش ھەققىدە دەرھال تېلېگراممىا يوللاشقا بولامدۇ، يوق؟» دەپ تەكلىپ بەرگەن.

(4) 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لوندوندا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف بىلەن كۆرۈشۈپ، غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، مولوتوف: «بۇنداق ۋەقەنىڭ بولۇشى ۋاقىتلىق ھادىسە، ئۇ ئۆزۈن ئۆتمەي بېسىقىدۇ» دېگەن.

(5) گېنېرال جاڭ جىجوڭ يەنە 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن چۇڭچىڭغا بارغان. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۇڭچىڭدىكى باش ئەلچىسى پېدۇروف جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بىر ئەسلەتمە تاپشۇرغان. ئۇنىڭدا: «مۇسۇلمانلاردىن بىرمۇنچە كىشى ئۆزلىرىنى شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ، غۇلجىدىكى كونسۇلخانىمىزغا كېلىپ، روسىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاستىچى بولۇپ، ئۆزلىرى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئاستىرتىن بىلدۈردى ھەمدە قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئەسلىدىنلا جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتى يوقلۇقىنى ئىزھار قىلدى... ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ماقۇل بولسا، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى توختىتىش، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە زۆرۈر بولغان ياردەملەردە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ غۇلجىدا

تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى تەيىنلىمەكچى»[1] دېيىلگەن. يەنە شۇ كۈنلەردە جياڭ جيېشى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرىقى دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرى يالتا يىغىنىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھەرىكەتلەر بولۇپ، ئەسلىدىكى تۈپ مەقسەتنى ئىجرا قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(6) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى 100 - سانلىق ئەزالار يىغىنىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئەگەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلسا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ رەھىمجان سابىرھاجى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئوبۇلخەيرى تۆرىلەردىن تەشكىل تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى قارار قىلغان.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانغا قەدەر بولسۇن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن تارتىپ تاكى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئىزچىل تۇردە ئۆز مۇددىئاسى ۋە پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئالاقىدار بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈپ

---

① جاڭ جىجۇڭنىڭ «ئۇرۇمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» ناملىق ئەسلىمىسى، ئۇيغۇرچە، 7 -، 8 - بەتلەر.

چىقىش نۇقتىسى شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەر-نىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ كېتىشىگە يول قويماسلىق ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىياسىغا بولىدىغان سەلبىي تەسىرىنى تو-سۇش بىلەن ئۇ جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت بو-لۇپ كەلگەن.

2. بىتىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىشتىن بۇرۇنلا ئىنقىلابنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى-نىڭ سىياسىي ئىستىقبالى بىلەن بىردەك بولىدىغانلىقى ئىچكى جەھەتتە مۇقىملىشىپ بولغان.

3. 1944 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىنكى بىر يىلچە ۋاقىت ئىچىدە مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى ئەمە-لىيەت. لېكىن بۇ يەردە يەنە مۇنداق ئەھۋاللارنى ئەسلەش لازىم: (1) ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا شىنجاڭدا مىللىي، دىنىي مەسى-لىلەر مۇرەككەپ بولغاچقا، «كوممۇنىزم»، «كوممۇنىستىك پارتىيە» ھەققىدە ئاشكارا سۆز ئېچىش ئىنقىلابىي خىزمەتلەرگە پايدىلىق ئەمەس، بەلكى پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ، دەپ قارالغان؛ (2) ئىنقىلابنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق كىشىلەر، جۈملىدىن رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مۇستەقىللىق توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەپ ئالغا سۈرگەن؛ (3) 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. گەرچە ئىلغار كۈچلەر بەزىبىر مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئاز ئىدى، بولۇپمۇ چېنىققان سىياسىي رەھبەرلەر تېخىمۇ ئاز ئىدى. يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشىدىن «گۇمانلانغان» بولسىمۇ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى تىكلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشى ئىنقىلابنىڭ تۈپ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىغا قاراپ بۇرۇلۇشقا باشلىدى. يۇقىرىقىدەك بەزىبىر مۇرەككەپ ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بەزى شوئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانماقچى بولغان دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

4. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا «ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەس ئىكەن» دەيدىغان تونۇش پەيدا بولۇشقا باشلىغان. شۇ كۈنلەردە يەنە خەلق ئىچىدە «تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ يەنە گومىنداڭنىڭ قولىغا قالساق ئۇلار بىزدىن ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئەندىشىلەرمۇ پەيدا بولغان. 1948 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقى 1944 - يىلى 8 - ئايدىن بۇرۇن شىنجاڭنى «مۇستەقىل بولمايدۇ» دېگەن بولسا، 11 - ئايدا غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىل بولۇشىغا ياردەم بەرگەن، لېكىن بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىغان. 1945 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولمايدىغانلىقىنى ئالغا سۈرۈپ، 9 - ئايدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ئالدىرىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق «ئۆزگىرىشچان» ياكى «سىرلىق» دىپلوماتىيىسى كىشىلەرنى گۇمانلاندۇرماي قويمايدۇ. ئەمما بىز ستالىننىڭ بىر قېتىم شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى

ھەققىدە سۆز ئاچقانلىقىغا قاراپ ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىزچىل مەيدانىغا قاراپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش نىيىتى بولمىغان دېيەلەيمىز. شۇنداقلا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىگە ۋە پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ ئېيتالايمىز.

تىنچلىق بىتىمى نېمە سەۋەبتىن بۇزۇلدى؟ 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە، توققۇز ئايلىق جىددىي كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن تىنچلىق بىتىمى ئاساسىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئاران بىر يىل خىزمەت ئىشلىيەلىدى. گومىنداڭ تەرەپ دەسلەپتە تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش ئۈچۈن قىزغىن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئىچكىرىدىن ھەربىي كۈچلەرنى يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تىنچلىق بىتىمگە بولغان پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ، ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆرۈمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە تۇرۇپ خىزمەت ئىشلەش ئىمكانىيىتى قالمىدى. شۇڭا ئۇلار غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمگە قارشى ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

ئەسلىدە بىتىم بويىچە جايلاردا دەرھال ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھاكىملارنى سايلاپ چىقىش لازىم ئىدى. لېكىن سايلام باشلانغاندىن كېيىن گومىنداڭ تەرەپ خەلقنىڭ ئۆزلىرى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى سايلىشىغا تۈرلۈك ئاماللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى. ھەتتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۇچا، كىرىيە قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ خەلق ئاممىسى يىغىلغان سايلام مەيدانلىرىدا ئوق چىقىرىپ بىرقانچە ئادەمنى يارىدار قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. بەزى جايلاردا خەلق سايلاپ چىققان ھاكىملارنى نەزەربەند

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىشلىشىگە يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق سايلىغان هاكىملار ۋە ئۇلارنى هىمايە قىلغۇچىلار ئۆز ناهىيىلىرىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. جايلاردا گومىنداڭچىلار كونا هاكىملىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى يېڭىدىن چىققان ئەكسىيەتچىلەرنى هاكىم قىلىپ سايلاش ئۈچۈن نۇرغۇن هەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. سايلام ۋاقىتلىرىدا گومىنداڭچىلارنىڭ يەكەن ۋىلايىتىدە ئېلىپ بارغان سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان هەرىكەتلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ: سايلامنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەكسىيەتچىلەر يەكەندە مەخسۇس كالتەكچىلەر ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشنى ياكى سايلامدا دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلاردىن ئابلىمىتخان (باجخانا خادىمى)، مۇهەممەتنىياز قۇربان قاتارلىق كىشىلەرنى كالتەكلەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە 100 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۇرۇپ يارىدار قىلغان. هەرقايسى ناهىيىلەردە بىتىمنى قوغداش يۈزىسىدىن سۆزلىگەن، گومىنداڭنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن زىيالىيلار ۋە يۇرت چوڭلىرىنى كۆپلەپ تۇرمىگە تاشلىغان. مەسىلەن، يەكەن ناهىيىسىدە، بىر قېتىمدا مۇهەممەتئىمىن توختىنىياز قاتارلىق 20 كىشى، يەنە بىر قېتىمدا ئابدۇسەمى، مۇهەممەت غوجا، ئابدۇراخمان مەخسۇم، مىرزا مەهمۇت، ئىمىن ئاخۇن قاتارلىق 30 نەچچە كىشى تۇرمىگە تاشلانغان. قاغىلىق ناهىيىسىدە قۇددۇس غوجا، مامۇت ساۋۇت قاتارلىق 20 نەچچە كىشى تۇرمىگە تاشلانغان. مەكىت ناهىيىسىدە مۆيدىن نىياز (هاكىم)، قادىر خەلپە (ناهىيىلىك كېڭەشنىڭ مۇدىرى)، هەسەن بارات، ئابدۇقادىر تاهىر قاتارلىق 30 نەچچە كىشى تۇرمىگە تاشلانغان. پوسكامدا ئابدۇللا ئاقچى (باجخانا خادىمى)، مۇهەممەت زۇنۇن قاتارلىق 20 نەچچە كىشى تۇرمىگە تاشلانغان. يەكەن ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقنى ئۇرۇپ،

قاماپ، باستۇرۇپ، ئۆزلىرى تەييارلىغان ئەكسىيەتچىلەرنى، جا-
سۇسلارنى، كالتەكچىلەر باشلىقلىرىنى ناھىيىلەرگە ھاكىم، كې-
ڭەش ئەزاسى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئورۇنلاش-
تۇرغان.
سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىلغار زىيالىيلارنى قاماش،
ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈشلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ناھىيە-
لەردە يۈز بەردى. بەزى جايلاردا خەلق ئۆزى سۆيگەن كىشىلەرنى
ھاكىم قىلىپ سايلاشنى تەلەپ قىلسا، ئەكسىيەتچىلەر: «ئۇلار
ئۇيغۇرلارنى ھاكىم قىلىپ، خەنزۇلارنى ئىدارىلەردىن قوغلاپ
چىقارماقچى» دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، مىللىي زىددىيەت ئۇرۇقلى-
رىنى چاچماقچى بولدى. ئاقسۇ ناھىيىسى بىلەن ئاۋات ناھىيىسى-
دە يۈز بەرگەن مۇنۇ كۈلكىلىك ئىشلارنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەي:
ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ياڭ، مۇئاۋىنى چۇلار ئۆزلىرىنى ھاكىملىققا
سايلىتىش ئۈچۈن بىرقاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئاخىرى-
دا: «سايلام كۈنى بىزنىڭ ئىسمىمىزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار» دەپ
ئىسىملىرىنى ئۇيغۇرچە يېزىپ، شاپىگرافتا بىرنەچچە مىڭنى بې-
سىپ خەلققە تارقىتىدۇ. ئاقسۇ ناھىيىسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى ئاۋات ناھىيىسىگە بېرىپ: «كونا ھاكىم ما دېگەن ياخشى
ئادەم، ئۇنى ھاكىم قىلىپ سايلاڭلار، مېنى مۇئاۋىن ھاكىم
قىلىپ سايلاڭلار» دەپ بىرقاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان.
مۇشۇ قېتىمقى سايلام مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجىدىكى «ئىنقىلابىي
شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 1946 - يىلى 9 -
ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە:
«... ئۇرۇمچىدە كۆتۈرۈۋالغىنى خەلقچىللىق بايرىقى، جار سال-
غىنى دېموكراتىك سىياسەت، ئەمما جايلاردا سايلاپ چىقىلغىنى
بىر قىسىم ئەكسىيەتچى فېئودال پومېشچىكلار ۋە ئاخۇنلار؛ ئۇلار
خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلىمەيدۇ. ئەزگۈچى سىنىپلار جاللاتلىق
قىلىچىنى مەڭگۈ تاشلىمايدۇ. بىز سايلامغا قارشى تۇرمايمىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەكسىچە تېخىمۇ قىزغىن ئاۋاز قوشىمىز، بىراق، بىز ئۆزىمىز ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى سايلايمىز» دېيىلگەنىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم پاكىتى شۇكى، بىتىم بويىچە بولغاندا، قوراللىرىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتقان پارتىزانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم ئىدى. ئەمما گومىنداڭچىلار بىتىم بويىچە قورالىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتقان نۇرغۇن پارتىزانلارنى قىرغىن قىلىۋەتتى ياكى تۇتۇپ يوقىتىۋەتتى. مەسىلەن، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاشقورغان پارتىزانلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى ئۇلارنى پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇپ ۋە بومبا تاشلاپ قىرغىن قىلغان. يېڭىسارنىڭ قىزىل يېزىسىدىن پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ مەسئۇل خىزمەت ئىشلەپ، بىتىم بويىچە يۇرتىغا قايتقان ھەسەن ھاجى، ساۋۇت قارى، تۇرسۇن ئاخۇنلارنى تۇتۇپ مەخپىي يوقىتىۋەتكەن. يەكەن تەرەپتە پارتىزانلار تەركىبىدە مەسئۇل خىزمەت ئىشلەپ، بىتىم بويىچە يۇرتىغا قايتقان ھاشىم خۇيجاڭ، تۇردى قارى، راشىدىن ئەلەم ۋە ئىسھاقجان قاتارلىق 20 نەچچە كىشىنى قولغا ئالغان. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چۆپتاغ قىشلاقىدىنلا بىتىمگە ئاساسەن يۇرتىغا قايتقان پارتىزانلاردىن ھەسەن بەگ، مېھمان ئاخۇن، تۇراخۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلىغان ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن. جۈملىدىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئىلىدىن ئاقسۇغا چۈشكەندە، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا قاتارلىق 20 نەچچە ئىلغار ياشنى ئۆلتۈرۈپ سېپىل تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەن. مانا مۇشۇنداق تىنچلىق بىتىمىنىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپلا، سايلام جەريانىدىكى مەسىلىلەر ۋە قورال تاشلاپ يۇرتىغا

قايتقان پارتىزانلارغا يۈرگۈزگەن تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى گو- مىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىغا يېتەرلىك پاكىت بولالايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى بۇزغانلىقى ھەققىدە يەنە تۆۋەندىكى بىرنەچچە پاكىتنى قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن: (1) بىتىمگە ئاساسەن گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە بېرىشكە تېگىش- لىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي خىراجەتلەرنى تولۇق ۋاقتىدا بەرمىدى؛ (2) بىتىم ئاساسىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا يەرلىك خەلقتىن تەش- كىل قىلىنماقچى بولغان ئىككى ئاتلىق ساقلاش تۈەنى تەشكىل قىلىنمىدى؛ (3) ئۈچ ۋىلايەتكە كۆپلەپ ئىشپىيون ئەۋەتتى (شۇ چاغدا ئەۋەتىلگەن ئىشپىيون 100 نەچچە كىشى بولۇپ، ئۇ- لارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنى مەلۇم قىلغان)؛ (4) 1947 - يىلىغا كەلگەندە، ئالتايدا ئوسماننى قۇترىتىپ ئۇنىڭغا قورال ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغۇزۇپ، كۆپلەپ پاراكەندىچىلىك سالدى. ساۋەننىڭ ھاكىمى قالىبەگكە قورال بېرىپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈزدى. ئۇلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گومىنداڭ تەرەپكە قېچىپ بېرىۋالدى؛ (5) بىرمۇنچە جايلاردا بىتىمنى قوغداش ھەققىدە سۆزلىگەن ياشلارنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. مەسى- لەن، يەكەندە ئەنۋەر يۈسۈپ (مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى) ۋە ئىمىن ئىسلام (ئىلغار زىيالىي) لارنى تىرىك كۆمگەن، بولۇ- مۇ گومىنداڭ ھەربىيلىرى يەرلىك ئىشلارغا چات كىرىۋېلىپ، قورال كۈچى بىلەن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى؛ (6) ئۇرۇم- چىدە ئىشپىيونلار بىلەن ھەربىيلەر ئارىلاشقان مەخسۇس ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، «25 - فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى؛ (7) 1947 - يىلى 5 - ئايدا 1 - قېتىملىق ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا توسقۇنلۇق

قىلدى ۋە ئۆلكە رەئىسلىكىگە مەسئۇدنى تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت كېڭەش ۋەكىللىرى ۋە يەتتە ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى نارازىلىق بىلدۈرۈپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مۇشۇنداق بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى: «ئالاھىدە بولۇۋالدىڭلار»، «مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن يانمىدىڭلار» دەپ تەكرار ـ تەكرار «ئەيىبلەپ» كەلدى. خەلق ئاممىسى يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنمىغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرسە ياكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا پىكىر بەرسە، گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇنىمۇ «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغاۋاتىدۇ»، «شەرقىي تۈركىستان قۇرماقچى»، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقاتتى. ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىش بىلەنلا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلمىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانىدى. مەسىلەن، 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلانغاندا، گومىنداڭ تەرەپ ئەسلىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن، دەپ قارىغان بولسىمۇ، سۆھبەت جەريانىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ مەقسىتى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە: «مۇستەقىللىق دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى): بۇ — ئۆز جايىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي قاتارلىق ئىشلىرىنى خەلق ئۆزى باشقۇرسۇن؛ دىپلوماتىيە، قاتناش، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمى قاتارلىقلارنى مەركەز باشقۇرسۇن، دېدى... مەن شۇنىڭدىلا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى مىللىي مۇستەقىللىق ئەمەس، بەلكى مىللىي ئاپتونومىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم» دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا 1946 ـ يىلىنىڭ

ئاخىرى، شىنجاڭدىن نەنجىڭگە مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىشقا بارغان شىنجاڭ ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا سۇنغان ئۇن ماددىلىق تەكلىپنىڭ سەككىزىنى چوڭ يىغىن قوبۇل قىلغان. شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق بىرقانچە كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ تەلەپلەردە شىنجاڭدا ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە سۆزلىنىپ، مۇستەقىللىق توغرىسىدا ھېچقانداق سۆز بولمىغان، جاڭ جىجوڭ ئەپەندى بۇ ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى.

گومىنداڭ تەرەپ يەنە، تىنچلىق بىتىمىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ 1947 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇندا قوزغىلاڭ تەشكىللىگەنلىكى سەۋەبچى بولدى، دەپ ئىغۋا تېرىپ، ئۇنى ئالاھىدە مەسىلە قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمى ۋە ئىغۋاگەرچىلىكى سەۋەب بولغان. شۇڭا ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئاكتىپ قوللىغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇلار گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن مەخپىي ھالدا نەچچە ئون مىلتىق ۋە تاپانچا سېتىۋالغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك ئۇستىلارغا بىرنەچچە قارا مىلتىق ياسىتىپ قوغدىنىش ئارزۇسىدا بولغانلىقى مەلۇم. گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ناھىيە خەلقىدە قورال بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، بىزەر باھانە تېپىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ئارقىلىق خەلقنى باستۇرۇپ؛ ئۇلارنىڭ قولىدىكى قوراللىنى تارتىۋالماقچى بولغان. شۇ كۈنلەردە، ئاستانا يېزىسىنىڭ تۆتسوقما دېگەن يېرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئەسلىي ئىگىلىرى شىڭ شىسەي دەۋرىدە مۇسادىرە قىلىنىپ سېتىۋېتىلگەن يەرلەرنى بەلگىلىمە بويىچە قايتۇرۇۋېلىشقا بارغاندا، يەرنى سېتىۋالغانلار گومىنداڭ ھەربىيلىرى بەرگەن قوراللارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قارشىلىق قىلغان. ئۇلارغا

قارشى لۈكچۈن ـ ياڭخىيلىق ياشلار ئىمىن شىياڭجاڭنىڭ باشچى-
لىقىدا قوراللىنىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالغان.
شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئادەم تۇتۇش، قاماش،
نازارەت قىلىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن
خەلق ئامالسىز قوزغالغان. ھەتتا تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان
مۇھىتىنغا سۈيىقەست قىلماقچى بولغاندا، ئۇ شەھەردىن قېچىپ
چىققان. دېمەك، «ئۈچ ناھىيە خەلقىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ
قوزغىلاڭ قىلدۇردى» دېگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغلاردا بۇ ئۈچ ناھىيە خەلقىنى قوراللىق
قوزغىلىشقا تەشەببۇس قىلىش ئۇلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك
بولاتتى. بۇ قوزغىلاڭغا باشلامچىلىق قىلغان ياكى ئەھۋالنى بىلە-
دىغان ئىمىن شىياڭجاڭ، ئەخمەتنىياز داۋۇت، ھەمدۇل ھېۋىپ
(پىچاندىن)، باۋۇدۇن يۇسۇپ، رەجەپ توختى (تۇرپاندىن)،
تۇرسۇن ئابدۇرېھىم، شېرىپ پەتتار (توقسۇندىن) قاتارلىق كى-
شىلەردىن ھازىرمۇ كۆپى ھايات. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ
قوزغىلىشقا تەشەببۇس قىلمىغانلىقى، ئەكسىچە «قوزغىلىشقا
بولمايدۇ، بىتىمنى ئىجرا قىلىش لازىم» دەپ قوزغىلاڭنى توسۇ-
غانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. شۇ چاغدا تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ رەھبە-
رى بولغان ئابدۇراخمان مۇھىتىمۇ ھايات ۋاقتىدا شۇ ئەھۋالنى
ماڭا بىرنەچچە قېتىم ئېيتقان.

گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن قاتتىق گۇمانلانغان-
لىقى ئۈچۈن قالايمىقان «ئەيىبلەش» كە ئۆرۈنغان. بۇ ھەقتە
تۆۋەندىكى بىر مىسالنى ئېيتساق ئارتۇقچە بولماس: قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈلگەن كۈنلەردە، تۇرپان شەھىرىدىكى نەنمېن (جەنۇبىي
دەرۋازا) ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇجېلىل سوجاڭ (ئۈچ-
تۇرپانلىق يىگىت) ئۆز قول ئاستىدىكى بىرنەچچە ساقچىنى باش-
لاپ چىقىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە باتۇرلارچە جەڭ قىلغان.
لېكىن، بەختكە قارشى توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر جەڭدە دۈش-

مەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. بۇ يىگىت تولىمۇ سىېرىق ۋە كۆزى كۆك بولغاچقا، گومىنداڭچىلار دەرھال بېشىنى كېسىپ توقسۇن بازىرىغا ئېسىپ قويغان ھەمدە «بۇ كىشى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەۋەتكەن رۇس» دەپ بەلگىلىگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى نېمە ئۈچۈن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى؟ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم: 1947 - يىلى 2 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى نەنجىڭدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن نەنجىڭدىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاپتومات ئاسقان بىر يىگىت بىر پارچە خەتنى ماڭا بېرىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشىمنى ئېيتىپ قويۇپ كەتتى. شۇ كۈنى مېنىڭ دەرۋازام ئالدىدا 30 — 40 ئاتلىق قوراللىق ئادەم ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ تۇردى. ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ×× خانىم ‹مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن› دەپ خەت يېزىپتۇ. ھەقىقەتەن مېنى ئۆلتۈرۈش ناھايىتى ئاسان ئىش، چۈنكى ئۈرۈمچىدە مېنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان خەلقتىن باشقا شەخسىي بىرمۇ مۇھاپىزەتچىم يوق، مېنى ئۆلتۈرىمەن دېگەن كىشى پۈتۈن ئۈرۈمچى خەلقىگە مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ساقچىلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن مۇتلەق خەۋىرى يوق. مەن دەرھال مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنى چاقىرىپ، مېنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ھېچقانداق پايدا چىقمايدىغانلىقىنى ۋە مېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم». ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزىدىنمۇ تۆرپان قوزغىلىڭىدىن بەش ئاي بۇرۇنلا ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۇرلۇك ئىغۋاگەرچىلىكى چېكىدىن ئېشىپ، ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە تۇرۇپ خىزمەت ئىشلىشىگە ئىمكانىيەتنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈۋال-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غىلى بولىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە بىتىمگە خىلاپ بىرەر ئىش بولدىمۇ، يوق دېگەندە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىمۇ بەزىبىر ئەھۋاللار كۆرۈلدى، ئەمما ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرگەن ۋە ئۇنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، دۆربىلجىندە ئالتايغا ساي-لام ئۆتكۈزۈشكە ماڭغان سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۇركىس-تاننى ۋە تارباغاتايدا 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چۆچەكتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ، بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن چۆچەك ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە كېتىۋاتقان گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېر ۋە ساقچىلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى خەلق ئۇر ـ ئۇر قىلىپ ئۆلتۈ-رۈپ قويغان. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇ ئىشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلغان ۋە بۇنى دەرھال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تۇركىستاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئەخمەتجان قاسىمى 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مەدەنى-يەت كۇلۇبىدا سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «دۆربىلجىندە تۇركىستان ئۆلتۈرۈلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ماڭا كەلگەن خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا تۇركىستان ئەپەندى دۆربىلجىن كىنوخانى-سى ئالدىدا كىتاب تارقاتقان ۋاقتىدا بىر قىسىم ئامما ئۇ كىتابنى تارقاتقۇزمايمىز، دەپ ئۇنى توسۇپتۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن جېدەل چىقىپ، خەلق تۇركىستاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. قانداقلىكى بولمىسۇن بىز تۇركىستاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارشى-مىز. ئايرىم كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش قاتىللىق يولى بولۇپ، ئۇ ھەرگىز بىزنىڭ يولىمىز ئەمەس. ھېلىقى تۇركىستان ئىكەن، بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەتئىي قارشىمىز. ئايرىم كىشى-لەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن تۈزۈمنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىز ناھايىتى ياخشى بىلىمىز». دېمەك، بۇ مەسىلىدە ئۈچ ۋىلا-

يەت تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى ئوچۇق بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سەۋەبچى بولغان بىرەر كونكرېت پاكىتنى بىلمەيمىز. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى تىنچلىق سۆھبىتىدە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ئاساسلىق ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمىنىڭ تۈزۈلۈشىگە زور تۆھپە قوشتى. ئۆل-كىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزى-پىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلىدىمۇ تىنچلىق بىتىمىنى سەمىمىي قوغ-دىدى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش يولىدا ناھايىتى چوڭ كۈچ چىقاردى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان رەھبەر بولغاچقا، بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىنمۇ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستى-دا، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە بىتىمگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تەشكىللەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىشنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقىنى ئىشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى-نىڭ ماڭغان يولى ھەربىر ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇپ، باشقىچە بولۇشى مۇم-كىن ئەمەس.

## تۆتىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەڭگۈ شانلىق بىر تارىخىي سەھىپە بولۇپ قالىدۇ

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قا-زاق، قىرغىز، موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، تاجىك قاتارلىق ئون نەچچە مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي

زۇلۇمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىدىيالماي، مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىغان قوراللىق كۈرەش. بىر قىسىم خەنزۇ خەلقىمۇ بۇ كۈرەشكە قاتناشقان ۋە ئۇنى قوللىغان. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر يىلغا يېقىن قان كېچىپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 27 ناھىيە تەۋەسىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يىتچىت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئورناتقان، شۇنداقلا پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە ماسلاشقان ھالدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئۇيۇشتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىشى ۋە نەچچە مىڭلىغان ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ باتۇرانە قۇربان بېرىشى نەتىجىسىدە ئۈچ ۋىلايەتتىكى 700 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە زېمىندا غەلىبىگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىرىدىكى ۋىلايەتلىرىدىمۇ ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەقدىرى بىلەن، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن ئازاد قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشىپ، ۋاقىتلىق ھۆ-

كۆمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن قوراللىق كۆرەشنى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈردى، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى، شۇنداقلا باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈردى. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۆز خىتابنامىسىدە «مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش»، «خەلق مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش»، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈش»، «ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا دېموكراتىك سىياسىينى گەۋدىلەندۈرۈش»، «ئارمىيە خەلققە مەنسۇپ بولۇش» دېگەنگە ئوخشاش پرىنسىپلارنى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېلان قىلغان خىتابنامىسىدىمۇ «بانكا، پوچتا - تېلېگراف، ئورمان ۋە بارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە دېھقانلارنىڭ باج سېلىقىنى يېنىكلىتىشنى قارار قىلدى، كەمبەغەل دېھقانلارغا ئۇلاغ ۋە ئۇرۇقلۇق ياردەم قىلدى ۋە ئۆسۈمسىز قەرز بەردى. يالغۇز ئىلى ۋىلايىتىدىلا يېرى ئاز ياكى يەرسىز دېھقانلارغا 100 مىڭ مودىن كۆپرەك يەر تەقسىم قىلىپ بەردى. شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانلارنى جازانىخورلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلدۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي چىقىمى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، مالىيە كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى يەنىلا مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاجراتتى. شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم دۆلەت شتاتىدىكى سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلدى. يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بەزىبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

داۋالاش ئىشلىرىنى ھەقسىز ئېلىپ باردى، ۋەھاكازالار. بۇنداق ئىشلارنى ئەينى چاغدا پەقەت ئۈچ ۋىلايەتكە ئوخشاش يېڭى دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇشقا كىرىشكەن ئالاھىدە رايونلاردىلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

2. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش بىلەن 100 مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ، بولۇپمۇ غەربىي شىمالدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا زور تۆھپە قوشتى.

3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇلار جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش، باندىت تازىلاش، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلەردە ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئاكتىپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىنقىلاب جەريانىدىكى بەزى مەسىلىلەرگە توغرا قارىشىمىز لازىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يالغۇز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دېموكراتىك

سىياسىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ تىغ ئۇچىنى خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ دۈشمەنلىرىگە، يەنى جاھىل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولغان جاھانگىرلارغا قارىتىش لازىم»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى — ئازادلىق، باراۋەرلىك، تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش» دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى.

1946 - يىلى 12 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ نەنجىڭدە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى قوبۇل قىلغان چاغدىمۇ شىنجاڭدىكى ئىلغار تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن: «شىنجاڭ نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت خەلقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، ئۇ يەردە دىنىي ئېتىقاد كۈچلۈك، شۇڭا ئۇ يەردە كوممۇنىزم بايرىقىنى بەك بالدۇر كۆتۈرۈپ چىقىش مۇۋاپىق ئەمەس، يەنە كېلىپ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلاب يەنىلا دېموكراتىك ئىنقىلاب...» دەپ ئېنىق يوليورۇق بەرگەنىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى، ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئۇنى قوللىغان ۋە تەلەپكە بىنائەن رادىست پېڭ گوئەننى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. 1949 - يىلى 8 - ئايدا يولداش دېڭ لىچۈننى ئالاقىچىلىككە تەيىنلەپ غۇلجىغا ئەۋەتكەن. يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىدا «لىچۈن راتسىيىسى»نى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەھۋاللارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە يەتكۈزۈپ تۇرغان. رەئىس ماۋزېدۇڭ 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كۈرەشلار

پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئۆز ۇنغا قالماي پۈتۈنلەي ئازاد بولىدۇ، سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلارمۇ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ» دەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا ئىنتايىن توغرا يەكۈن چىقارغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭ خەلقىگە ۋاكالىتەن ئىلىدىن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرغان. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش يولداشنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرگەن ھەمدە قايتىدىن يەنە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنىغا قاتنىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ئالاقىدار بولغان دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرقانچە نۆۋەتلىك شۇجىلىرىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يۇقىرىقى يەكۈنىنى دەۋر قىلغان ئاساستا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى تەكرار مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بېرىپ كەلدى.

ئەمما شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى كىشىلەر

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا بەزىبىر پىتنە - ئىغۋالارنى
تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى قەستەن بۇر-
مىلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم
قىلدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى توغرىسىدا چىقارغان توغرا يەكۈنىنى ئاغدۇرۇۋېتىش
خام خىيالىدا بولدى. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا
ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ ياكى بولمىسا ئىنقىلابتا زىيان تارتىپ
ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىۋالغان بەزى كىشىلەر 1950 - يىللىرى-
نىڭ باشلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قانداقتۇر: «مىللىي
قىرغىنچىلىق قىلدى»، «خەنزۇلارنى قىرىپ تۆگەتتى» دېسە،
يەنە بەزىلەر «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەنزۇلارغا قارشى ئىنقى-
لاب» دېيىشكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى قالاي-
مىقانچىلىق مەزگىللەردە، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، بەزى ئادەملەر يۇقىرىقى-
دەك پىتنە - ئىغۋا سۆزلەرنى قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان كادىرلارغا بېسىم ئىشلەتتى.
ئەمدى ئۈچ ۋىلايەتتىكى مىللىي مەسىلىگە دائىر يۇقىرىقى-
دەك مۇبالىغە ۋە پىتنە - ئىغۋالارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن
تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ئالدى بىلەن
شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان ئامېرىكا جاھان-
گىرلىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق كۆرەش بولۇپ،
ئۇ ھەرگىزمۇ بىرەر مىللەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب
ياكى قوراللىق كۆرەش ئەمەس. ئەگەر ئۇ بىرەر مىللەتكە قارشى
تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنى قانداقمۇ ئىنقىلاب دېگىلى
بولسۇن؟!
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ باشتىلا ئۆزىنىڭ خىتابنامىسىدە: «ھەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن شوئارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى خىزمەت ئاپپاراتلىرىدا ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەسىلەن، خۇيزۇلاردىن كېرەم ھاجى، مەنسۇر لومىيوف، مۇھەممەت ھاجى قاتارلىقلار تۇەنجاڭ، بانكا باشلىقى، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛ ئاز ساندىكى خۇيزۇ ئاھالىسى ياشايدىغان چىلپەنزە، سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىرى ئارىسىدىمۇ خۇيزۇلار بار ئىدى؛ شىبە ياشلىرىدىن شۇ مۇتۇڭ، دېلىن، گىرو قاتارلىقلار مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، شۇ مۇتۇڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇن — مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەرقايسى مىللەت ياشلىرىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلاردىن بەزىلىرىنى ئۆز مىللىتىنى ئاساس قىلىپ ئايرىم قىسىم قىلىپ تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا شۇ مىللەتتىن كوماندىرلارنى تەيىنلىگەن. مەسىلەن، مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە خۇيزۇ تۇەنى، موڭغۇل تۇەنى، شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى (ئىسكادرونى) قاتارلىقلار تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار گومىنداڭغا قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلغان. شىنجاڭ تارىخىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ھېچقاچان شۇ چاغدىكىدەك زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىپ باققان ئەمەس. قاناتبېك (قازاق)، لىۋ بىندې (خۇيزۇ)، ھاشىم قاتارلىقلار ئۇ مىللەت ياكى بۇ مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالچىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدە نىلقا تەرەپتە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى بولۇۋاتقان چاغلاردا پارتىزانلار خەنزۇ پۇقرالارنى قوغداپ قالغان ۋە ئۇلارغا قۇتقۇزۇش

بۇيۇملىرى تارقىتىپ بەرگەن؛ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ خەنزۇ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن يەنە بەزىبىر ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنىمۇ قوللانغان. مەسىلەن، غۇلجا شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ھەربىي شتاب شەھەردە بۇلاڭ - تالاڭ قىلماسلىق، بولۇپمۇ خەنزۇلار ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ مال - مۈلكىگە تەگمەسلىك، ئۇلارنى بوزەك قىلماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چىقارغان. يەنە شۇ مەزگىلدە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش ھەققىدە قارار چىقىرىپ، بىرنەچچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 1945 - يىلىنىڭ بېشىدىكى 24 - سانلىق يىغىنىدا چىقىرىلغان قارارىدا: «ھازىر بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار پۈتكۈل خەلقىمىز قوراللاندۇرۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭچىلىق، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئىنقىلابىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. مۇنداق ئەبلەخلەرگە قىلچە رەھىم قىلماي، ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئىنقىلابىي تەرتىپنى مۇستەھكەملەش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن: (1) بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەر قاتتىق جازالىنىپ، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ؛ (2) ئازادلىق ئىنقىلابىمىزدىن كېيىن خالىغانچە قورال ئىشلىتىپ، خالىغانچە يامان ئىشلارنى قىلغان ئوسمان تۇڭگان ۋە قۇتلۇقلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن» دېيىلگەن. ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئەھۋالنى پەرقلەندۈرمەي بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئېغىر جازا بەرگەنلىك دەپ قاراش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر بۇلارلا ئەمەس. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۈيدۈڭ ئېلىنغاندا، خەنزۇ پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەن لاتىفقا ئۆلۈم جازاسى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

بېرىلگەن؛ سۇيدۇڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇلاڭچىلىق قىلغان ئىسمائىل، مۇقانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن؛ چۆچەك ئازاد بولغاندىن كېيىن بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن مۇقاش قاتارلىق ئۈچ جەڭچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئاممىا ئالدىدا ئىجرا قىلىنغان؛ شىخو ئېلىنغاندا، بىر خەنزۇ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغان پەيجاڭ (ۋىزۋوت كوماندىرى) مۇقتارغىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. مۇنداق مىساللاردىن يەنە بىرنەچچىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. 1945 ـ يىلى سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يۇقىرىغا دوكلات يېزىپ، «لوسىگۇڭ يېزىسىدا تۇرۇۋاتقان ياكى قېچىپ كېتىپ قايتىپ كەلگەن 50 نەچچە ئۆيلۈك خەنزۇ پۇقرانىڭ چارۋا ۋە مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا بولمايدۇ، بارلىق مال ـ مۈلۈكنى ئۆز ئىگىسىگە بىخەتەر قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ يولىيورۇق بەرگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان. ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خەنزۇ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدا ئالتە ماددىلىق بەلگىلىمە چىقارغان؛ 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلغاندا، خەنزۇ پۇقرالارغا ئوخشاشلا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغان. شۇنىڭدەك، باشقا مەكتەپلەرگە ئوخشاش خەنزۇ مەكتەپنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگەن؛ باشقا گېزىتلەر قاتارىدا خەنزۇچە گېزىت چىقارغان؛ خەنزۇلار جەمئىيىتىنى تەسىس قىلغان. بۇ مىساللار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قانداقتۇر «باشقا مىللەتكە قارشى ئىنقىلاب» ئەمەسلىكىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يەنى غۇلجا شەھىرىدە ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئىنقىلاب سېپىگە كىرىۋالغان ئاز ساندىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر بەزى يامان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ، ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇنداق يامان ئەھ-

ۋاللارنىڭ داۋاملىق يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىنى، بۇنىڭ-
غا ئوخشاش ئايرىم ئەھۋاللارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈپ
سىياسىي يۆنىلىشىگە ۋە خاراكتېرىگە داغ تەگكۈزەلمەيدى-
غانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى «خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى، قىردى»
دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەي.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمە-
دەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە تاقەت قىلىپ
تۇرالماي، سەۋر قاچىسى تولغاندا پارتلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن
ئىلگىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەممىلا يەردە ھوقۇقنى
ئۆزىنىڭ گۇماشتىلىرىغا تۇتقۇزۇپ، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت
خەلقلىرىگە ھېچقانداق ھوقۇق بەرمىگەنىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھ-
ۋال بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئېڭىدا «مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلا-
تاتسىيە خەنزۇلاردىن كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خاتا قاراشنى پەيدا
قىلىپ قويغان. غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن،
پۈتۈن شەھەر خەلقى قولىغا تاياق ـ توقماق ئېلىپ كەڭ كۆلەمدە
قوزغىلىپ، پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا يېقىندىن ماسلاشتى، گو-
مىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى ھەرەمباغ تەرەپكە قېچىپ بېرىپ
مۇداپىئەلىنىۋالدى. بۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىنىڭ بىر تەرىپى تىنچ
بولسىمۇ يەنە بىر تەرىپىدە قاتتىق ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. گومىن-
داڭ قىسىملىرى «قوغدىنىش ئەترىتى قۇرۇش» باھانىسى بىلەن
بازار ئىچىدىكى خەنزۇ پۇقرالارغا قورال تارقىتىپ بەرگەن بول-
غاچقا، شەھەر خەلقى ھۇجۇمغا ئاتلانغاندا، گومىنداڭ قوراللان-
دۇرغان ئاشۇ خەنزۇ پۇقرالار ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر ئايرىم
جايلاردا خەلققە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ئادەم ئاتقان. بۇنىڭدىن
باشقا يەنە غۇلجا شەھەرلىك باش ساقچى ئىدارىسى ئىشغال قىلىن-
غاندىن كېيىن، گومىنداڭ ساقچىلىرى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇپ، ھاجەتخانىغا ياكى سېپىل تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەن 238 نەپەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جەسىتى تېپىلغان. بۇنى كۆرگەن ئاممىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ كۈچەيگەن. بۇ ئەھۋاللار بىر تەرەپتىن، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ «بىزنىڭ دۈشمىنىمىز زادى كىم؟» دېگەن مەسىلىدىكى مۇجىمەل، ھەتتا خاتا تونۇشىنى مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىشىغا باھانە تېپىپ بەرگەن. بەزى كىشىلەر مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەن يامان ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. قانداق ئەھۋالنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇقرالارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى خاتا. ئەينى ۋاقىتتىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ مەسىلىگە ئەپسۇسلانغان. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىمۇ بۇ خاتالىقلارنى تونۇپ يېتىپ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكەن.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ بىر ۋالىيسىنى، بىر گېنېرالىنى ۋە تۈەنجاڭ، لىيەنجاڭ دەرىجىلىك بىرقانچە يۈز ئوفىتسېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 6400 نەپەر ئەسىرنى گومىنداڭ تەرەپكە قايتۇرۇپ بەرگەن. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۆپلىگەن ھەربىي ئەسىرلەرنى ئىنسانپەرۋەرلىك يۈزىسىدىن گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قارىلايدىغان ئىغۋالارغا ناھايىتى ئوبدان جاۋاب بولالايدۇ. بۇ يەردە مەن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سانىغا بېسىلغان يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلەردە» ناملىق ئەسلىمىسىدە تىلغا ئالغان مۇنداق بىر ئىشنى كىتابخانلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىۋالغان بەزى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، پومېشچىك ۋە باي سودىگەرلەر

ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سابىق شىنجاڭ بيۇروسىغا بېسىپ كىرىپ، سەيپىدىندىن ھېساب ئالماقچى بولغاندا، گېنېرال ۋاڭ جېن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەن. كېيىن رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇنى ئاڭلاپ سەيپىدىنگە: «ۋاڭ جېن توغرا قىلىپتۇ، مەسىلە ئۇنداق ئاسان ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. مۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى، دەپ سىز بىلەن ھېسابلاشماقچى بولسا، سىز باشقىنى دېمەي زو زۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇڭ، ئۇلار ئۆزلىرى ھېسابلىۋالسۇن» دېگەن. كېيىنكى يىللاردا بۇ مەسىلىنىڭ يەنە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەكرار ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، خۇددى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك، مەسىلىنىڭ ئۇنداق ئاسان ھەل بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. دېمەك، ئۆرۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بەزىبىر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، بۇلاڭچىلىق، زوراۋانلىق، لۈكچەكلىك قىلىدىغانلار ۋە باشقا جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇش تەس، ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك ئادەملەرنىڭ يامان ئىشلىرى شۇ چاغدىكى ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى توسۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

بىز تارىخىي ۋەقەلەرگە باھا بېرىشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرى بىلەن كۆزىتىشىمىز، ئۈچ ۋىلا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەت ئىنقىلابىغا باھا بېرىشتىمۇ ئۇنىڭ مۇھىم يۈنىلىشىگە، ماھىـ يىتىگە، ئاساسىي ئېقىمىغا ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رولىغا، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە قارىشىمىز لازىم. ھەرقانداق بىر ئىنقىلاب تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈنىلىشىگە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولسا توغرا بولغان بولىدۇ، ئۇ چوقۇم خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا خاتا بولغان بولىدۇ، ئەكسىلئىنقىلاب بولىدۇ ھەمدە ئۇ چوقۇم خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەل تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈنىلىشىگە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىـ نىڭ ھىمايىسىگە ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. كوممۇنىستلار ھەرقاچان، ھەرقانداق جايدا ھەرقانداق ئىشنى قىلماقچى بولىدىكەنمىز، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېيتـ قىنىدەك، ئالدى بىلەن ئۇنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىغا، قوللايدىغان ـ قوللىمايدىغانـ لىقىغا قارىشىمىز لازىم. شۇنداقلا بىرەر مەسىلىگە باھا بېرىشتىـ مۇ، خەلق مەنپەئىتىگە پايدىلىقمۇ، يوق، خەلق قوللامدۇ، يوق؟ دېگەن ئاساستا باھا بېرىش لازىم.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانداق بىر كۈرەش، ھەرقانداق بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى مۇۋاپىق دەپ بىلگەن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلماي تۇرالمايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمۇ بۇنىڭ سىرـ تىدا ئەمەس. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 500 مىليون نوپۇس (شۇ ۋاقىتتا) قا ئىگە جۇڭگونىڭ چەت بىر چېگرا رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق كۈرەش بولغاچقا، ئۇ ئۈچ ۋىلايەتكە قوشنا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللىشى ۋە ياردەـ مىگە ئېرىشكەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سوتسىيالىستىك

سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەشتىمۇ ئاساسىي ئامىل بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى
«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىلغان ئىشى» دېيىشكە بولمايدۇ. ئىنـ
قىلابنى ئېكسپورت قىلىشقا مۇمكىن بولمىغاندەك، ئۇنى ئىمـ
پورت قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئېزىلگەن خەلق، خورـ
لانغان مىللەتلا ئىنقىلابقا تەشنا بولىدۇ. تاشقى ئامىل پەقەت
ئىچكى ئامىل ئارقىلىقلا رول ئوينىيالايدۇ. خەلق قوراللىق ئىنـ
قىلاب قىلىشنى خالىمىسا، ئۇلارنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ
ئىنقىلاب قىلىشقا مەجبۇرلىغان ھالەتتىمۇ ئۇنداق ئىنقىلاب غەلىـ
بە قازىنالمايدۇ. باشقا دۆلەتنىڭ ياردىمى ھەرقانچە چوڭ بولغان
تەقدىردىمۇ، توپ مەسىلە يەنىلا خەلقنىڭ ئىنقىلاب قىلىشنى خاـ
لاش ـ خالىماسلىقىدا.
يىغىپ ئېيتقاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەمئىيەت تەرەقـ
قىي قىلمىغان، فېئوداللىق ئىقتىساد ئاساس قىلىنغان، مۇتلەق
كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان،
مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئىنتايىن ئېغىر بولغان شىنـ
جاڭغا ئوخشاش بىر رايوندا، شۇنداقلا بىرەر سىياسىي پارتىيىنىڭ
بىۋاسىتە رەھبەرلىكى بولمىغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلغان مىللىي
ئازادلىق ھەرىكىتى بولۇش بىلەن بىرگە، خۇددى رەئىس
ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر
قىسمى. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ مەڭگۈ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدىغان شانلىق ۋە شەرەپـ
لىك تارىخىي سەھىپە بولۇپ قالىدۇ.
بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇساپىسى ۋە تارىخىي تۆھپىـ
لىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۇشيەنندە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، جۈملىدىن مىللىي سىياسەتنى، شۇنداقلا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئومۇميۈزلۈك، ئەستايىدىل ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن، كۆرگەن ۋە بىلگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مۇۋاپىق بولمىغان ياكى تولۇق بولمىغان يەرلىرى بولسا، يولداشلارنىڭ تۈزىتىپ ياكى تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

(«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 41 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

(يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى①)

## «ئازادلىق تەشكىلاتى» ھەققىدە

غۇلجىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات تۆۋەندىكى 12 كىشىدىن تەشكىللەنگەن: ئېلىخان تۆرە (رەئىس)، مۇھەممەتجان مەخسۇم، رەھىمجان سابىرھاجىيوف، جانى يولداشوف، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، سالىجانباي، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، زۇنۇن تېيىپوف، مۇھىددىن ئەخمىدى، ئۆمەرجان پىرمۇھەممەت، نۇردۇنبەگ. بۇلاردىن باشقا بۇ تەشكىلاتنىڭ تۆۋەندە ئەزالىرى يوق ئىدى. «ئازادلىق تەشكىلاتى» شەھەر خەلقىنى گومىنداڭغا قارشى قوزغاشنى مەقسەت قىلغان. «ئازادلىق تەشكىلاتى» ۋە «ئازادلىق جەمئىيىتى» دېگەندەك ناملاردا ئالتاي، قەشقەر، تاشقورغانلاردىمۇ بىرنەچچە تەشكىلات قۇرۇلغان. گومىنداڭغا قارشى مەخپىي ھەرىكەتلەر 1943 ـ يىلى يازدا بىرنەچچە جايدا باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولغان. پەقەت ئىلىدا 1944 ـ يىلى كۈزدە قوزغالغان قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغانلىقى

① بۇ ماقالە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ئابلىز ئورخۇن ئەپەندىنىڭ ئاپتور بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسىگە ئاساسەن يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن، خەلق بۇ ئىنقىلابنى «ئىلى ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغان.
بۇ ئىنقىلاب ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە تولۇق غەلىبە قىلغانلىقى
ۋە گومىنداڭ تەرەپ بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانلىقى ئۇ-
چۇن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىنقىلاب
شىنجاڭدىكى توققۇز ۋىلايەت، 42 ناھىيىدە تۈرلۈك دەرىجىدە
ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرغان. شۇڭا، ئەمەلىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي
ئازادلىق ھەرىكىتى بولۇپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك،
«جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى».

## غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

1944 - يىلى 8 - ئايدا، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي
تاغلىرىدا پەيدا بولغان قوراللىق گۇرۇپپىنىڭ كېڭىيىشى، بولۇپ-
مۇ چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق
ۋاقىت ئىچىدە چوڭ بىر پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىل بولدى.
بۇلار 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.
نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتى باشلىنىش ئالدى - كەينىدە
غۇلجا شەھىرىدىن بىرمۇنچە كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قور-
غاس چېگرىسىغا قېچىپ بارغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى مەقسەت-
لىك قېچىپ بارغانلار بولسا، بىر قىسمى گومىنداڭنىڭ قولغا
چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ قېچىپ بارغانلار ئىدى. بۇلار ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوف، ئالېكساندروف (يەرلىك رۇس) لارنىڭ قوماند-
دانلىقىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلغان، بۇلارمۇ 11 - ئاينىڭ
7 - كۈنىدە غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر خەلقى
«ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ تەشۋىقاتى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ
ھەرىكەتلىنىشى بىلەن پارتىزانلارغا ئاۋاز قوشۇپ كەڭ تۈردە
قوزغالدى.

## ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلە

ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئېلىخان تۆرىنىڭ دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلىرى كۆچەيگەن. ئېلىخان تۆرە ھاكىمىيەت تۇتقان كۈنلەردە دىنىي ئىبارىلەر بىلەن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش-قا، دىنىي تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشكە تىرىشقان. ئۈچ ۋىلايەت دەۋ-رىدە «كىنو ـ تىياتىرلاردا ئەر ـ ئاياللار ئارىيىم ئولتۇرۇشى لازىم»، «ئاياللار يۈزىنى يېپىشى لازىم» دېگەن گەپ ـ سۆزلەر-مۇ تارقالغان. ئىراق 1940 ـ يىللاردىن بۇرۇنمۇ ئىلىدا يۈزىنى ياپمايدىغان ئاياللار خېلى بار بولغاچقا، ئۇنى چەكلەش قىيىن، ئەلۋەتتە. دىنىي نازارەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلەردە شۆبە بۆلۈملىرى قۇرۇلغان. ئاخۇنلار نىكاھ، مىراس ئىشلىرىنى باش-قۇرغان. بۇنداق ئىش ئىنقىلابتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلاب مەزگىلىدە بەزى يەرلەردە كۈچىيىپ قالغانىدى. ئىراق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋەرگەن.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىيلەر ئىچىدە تۇەندە ئاخۇن، لىيەندە ئىمام تەيىنلەنگەن. ئۇلار ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، تىنچ ۋاقىتلاردا ناماز ئۆتەنگۈ-چىلەرگە ئىمامەتچىلىك قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. كوماند-دىرلار بىر مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرى، كېيىن زىيا-لىيلاردىن بولغاچقا، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششىدا ئىختىيار-لىق ئاساس ئىدى.

قىسقىسى، شۇ چاغدىكى دىنىي تەشۋىقات ئېلىخان تۆرىنىڭ شەخسىي ئىمتىيازى ۋە خاھىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. باشقا دىندارلار ھەرقانچە سۆزلىسىمۇ، ئېلىخان تۆرىدەك سۆزلىيەل-مەيتتى ھەمدە سۆزلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتلىرىدە بې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىلمايتتى. ئېلىخان تۆرە ۋە باشقا دىنىي ساھەدىكىلەر دىنىي ئېتىقادنى كۈچەيتىشكە ۋە كېڭەيتىشكە ھەرقانچە ئىنتىلسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كۆپ مىللەتلەرنىڭ، ئىلغار كۈچلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشقا بولمايتتى.

## ئۈچ ۋىلايەتتە پانتۈركىزم ھەرىكىتى بولغانمۇ؟

بەزى ماقالىلەردە، ئۈچ ۋىلايەتتە پانتۈركىزمچىلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ×× يىلى پانتۈركىزمچىلارنىڭ ھەرىكىتى كۈچەيگەن، ئېلىخان تۆرە پانتۈركىست ئىدى، دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى پانتۈركىزمغا ۋە پانتۈركىستلارغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن، ھەتتا گۇمانلىق كىشىلەر نازارەت قىلىنغان. 1947 - يىلى مەسئۇد غۇلجىغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بېرىپ، يېقىنلىرىغا غۇلجىدا بىر ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ «پانتۈركىزم ھەرىكىتىنى باشلىماقچى بولغانلىق» دەپ قارىلىپ دەرھال چەكلەندى ۋە مەسئۇدقا قارشى مەخپىي تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىلىپ، مەسئۇد غۇلجىدىن قوغلاندى.

1948 - يىلى ماناس دەرياسى بويىدىكى مىللىي ئارمىيە ئىچىدىن ساۋۇت ئابدۇراخمان قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ۋە غۇلجىدىن ئىككى - ئۈچ كىشى پانتۈركىزملىق تەشكىلات قۇرغان، دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىندى. شۇ چاغدا ئۇلار قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن «توۋىنامە» يازدۇرۇپ گېزىتتە ئېلان قىلغان. ئۇقۇشمىزچە، ئەسلىدە، ئۇلار بەزى رۇس ياشلىرىنى دوراپ «ئاغىنە بولۇش» دېيىش بىلەن بىرنەچچە ياش بەدەنلىرىگە گۈل چېكىۋالغانىكەن. ئۇ خاتا ھالدا مەجبۇرلاش ئارقىسىدا «پانتۈركىزملىق تەشكىلات» بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ ئارخىپى بار، تارىخچىلار ئېنىقلاپ كۆرسە بولىدۇ.

1950 - يىلى غۇلجىدا «راخمانوفنىڭ پانتۈركىزملىق تەشكىلاتى» پاش قىلىندى، دەپ ئېلان قىلىنىپ، راخمانوف ئۈستىدىن سوت ھۆكۈم چىقارغان. ئەمەلىيەتتە، راخمانوف كاپىتان ئابدۇكېرىم (شەھەر كومەندانتىنىڭ كومىسسارى) نى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىدى. ئۇنىڭغا سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ جازالىشى باشقا گەپ. لېكىن ئۇنى «پانتۈركىزملىق تەشكىلات» قۇرغان دېيىشكە پاكىت يوق.

1952 - يىلى غۇلجىدا رەھىمجان سابىرھاجىيوف قاتارلىق بىر مۇنچە كىشىلەر «پانتۈركىست»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېيىلىپ، ساقچى ئورۇنلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. چۆچەكتىمۇ مەمەتنىيازقارىغا ئوخشاش كىشىلەر «پانتۈركىست» دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىنغان. لېكىن بۇ ئىشلار ئۆز ۋاقتىدىلا خاتا دېلو دەپ ئاقلىنىپ، ھەممىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

مېنىڭ بىلىشىمچە، 1933 -، 1936 - يىللاردا قەشقەردە تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن بەش - ئالتە كىشى بولۇپ، بۇلاردىن قەشقەردىكى نوبېشى باشلانغۇچ مەكتەپتە يۈسۈپ ئەپەندى، سىبو مەكتەپتە ئابدۇرېھىم ھاجى، ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار تۇنجى قېتىم ئېچىلغان پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1936 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى يوقاتتى. 1930 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن خەلقلەر ئىچىدىن ئاز سانلىق كىشىلەر شېڭ شىسەي دەۋرىدە «پانتۈركىست»، «پانئىسلامىست» ھېسابلىنىپ قولغا ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى ھەمدە شۇ كۈنلەردە پانتۈركىزمغا قارشى تەشۋىقاتلار قانات يايدۇرۇلدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈلگەندە، چەت ئەلدىكى بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆچلەرمۇ ئۇلارغا قورال ـ ياراغ ۋە ئادەم كۆچى ياردەم قىلغان، ھەتتا تۈركىيىلىك ئەنۋەر پاشا دېگەن كىشى كېلىپ ئىسيانچىلارغا قوماندانلىق قىلغان.

شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قوراللىق ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغان ۋە ھېسداشلىق قىلغانلارنى «خەلق دۈشمەنلىرى» («ئەكسىلئىنقىلابچىلار») دەپ قاتتىق باستۇرغان. شۇ ۋەجىدىن 1930 ـ يىللاردا شىنجاڭدا ئىشلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ساقچى خادىملىرى شىنجاڭدىمۇ پانتۈركىست، پانئىسلامىستلارنى «دۈشمەن» ھېسابلاپ قاتتىق باستۇرغان.

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىمۇ ھەممە ساھەلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش تەبىئىي ئىدى.

## خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللار

1946 ـ يىلى بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا غۇلجىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە مەخپىي تەشكىلات «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» (خ ئى پ) قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەزالىرى، ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان ياشلار، زىيالىيلار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، خوتەنلەردىمۇ گۇرۇپپىلار قۇرۇلغان. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئېيتماقچىمەن: پارتىيە قۇرۇلغانلىق ئىشىنى غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىغا خەۋەر قىلىپ قويۇش مۇۋاپىق كۆرۈلۈپ، بۇ ئىشنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈستىگە ئالغانىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ماڭا: «مەن ئېيتقىنچە كونسۇلخانا بىلىپ

بوپتۇ، بۇنى كىم خەۋەر قىلغاندۇر؟» دېدى. ئېنىق بىر يەرگە كېلەلمىدۇق. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئاباسوف يەنە شۇ ھەقتە سۆز ئېچىپ «كونسۇلخانا خەلق ئىنقىلا-بىي پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى موسكۋا ئارقىلىق ئۇققان بول-سا كېرەك. ئارىمىزدىن ×× قورغاس چېگرىسىغا خەۋەر بەر-گەن، موسكۋا بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىدىن ئۇقۇشقاندا، ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بول-غاچقا، ‹پارتىيە قۇرۇلغان ئىش يوق› دەپ جاۋاب بېرىپ، موسكۋانىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان. شۇڭا كونسۇلخانىنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسى قوپال بولغان» دېدى. بىر مەزگىلدىن كې-يىن ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىق كىشىلەر ئۇرۇمچىگە خىز-مەتكە كەتكەچكە، پارتىيىنىڭ ئىش ئورنىمۇ ئۈرۈمچىدە بولغان. يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ كۈنلەردە ئۈرۈم-چىدە موسكۋادىن كەلگەن بىر مەسئۇل كىشى بىلەن خەلق ئىنقى-لابىي پارتىيىسى ھەققىدە سۆزلەشكەندە، ئۇ كىشى ھېچقانداق باشقىچە پىكىردە بولمىغان.

1947 ـ يىلى بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بارغان بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار بۇ پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى مۇئا-ۋىن كونسۇلى، ×× گە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە كىردىڭ-مۇ... بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات» دېگەنىكەن. بۇ گەپ 1957 ـ يىلىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش ۋاقتىدا چوڭ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان (ئۆز ۋاقتىدا ئۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمىگەن). بۇ يەردە ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرى، موسكۋا راستتىنلا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى «ئەك-سىيەتچى تەشكىلات» دەپ قارىغان بولسا، پارتىيە قۇرۇلغان چاغدىلا توزۇپ كېتەتتى، ھەتتا تەشكىل قىلغۇچىلارمۇ قاتتىق جازالىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بىرى، 1948 ـ يىلى

يازدا موسكۋادىن بىر كىشى كېلىپ پارتىيىدىن ئىككى ۋەكىل كۆرسىتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلق چىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا قوشۇۋېتىشنى تەكلىپ قىلدى، بۇ مەسىلىدە بىر قىسىم يولداشلاردا ئوخشاشمىغان پىكىر بولسىمۇ، موسكۋانىڭ تەكلىپى بولغاچقا، ئۇ تەكلىپكە قوشۇلغان.

## ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى 1945 - يىلى 11 - ئايدا قۇرۇلغان. 1946 - يىلى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئىچكى جەھەتتە پارتىيىنىڭ ياشلار بۆلۈمى بولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1948 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، «ئىتتىپاق»نىڭ ياشلار بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ياشلارنى تەشكىللەپ ۋە تەربىيىلەپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە غەلىبە مېۋىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى بارلىق ۋىلايەت، ناھىيە ۋە مەكتەپ، كان - كارخانا، ھەربىي قىسىملاردا ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى بار بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 14 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. نىزامنامىسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى ئېسىمدە يوق. لېكىن تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرى ئىلغار ئىدىيىدىكى ياشلار بولغاچقا، نىزامنامىگىمۇ ئۆز ئىدىيىسىنى سىڭدۇرگەن، ھەتتا نىزامنامىسىدە «مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش» تەشكىلاتنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى دەپ يېزىلغان. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى يەنە خىزمەت نىشانىنى بېكىتكەندە، «خەلقنىڭ پارلاق

ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش»، «ئىلمىي ئاساستا كۈرەش ئېلىپ بېرىش»، «دۇنياۋى خەلقچىل كۈچلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىش» دېگەندەك سۆزلەرنى يازغان. نىزامنامىگە «ماركسىزم - لېنىنىزم»، «سوتسىيالىزم» دېگەندەك ئىبارىلەرنى يېزىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى سوتسىيالىزم شوئارىنى ئۈچۈق تەشۋىق قىلىش شۇ شارائىتتا «سول» چىلىق دەپ قارىلىپ، خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭغا قارشى كەڭ تۈردە قوزغاشقا پايدىلىق ئەمەس، دەپ ھېسابلانغان. نىزامنامىدىكى بەزى مەزمۇنلارغا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ قوشۇلماسلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئوچۇق قارشىلىق بىلدۈرەلمەيتتى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى ھەپتىلىك ئۆگىنىش، تۈرمۇش يىغىنلىرىغا قاتنىشاتتى. قەرەللىك ھالدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بېرىلەتتى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يەنە ئورگان ژۇرنىلى بولغان «كۈرەش» ژۇرنىلى (ئايلىق) نەشر قىلىنىپ تۇراتتى، ژۇرنال تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلاشتى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت سايلام ئېلىپ بارغاندا ۋە گومىنداڭ ئوسمان، قالىبېكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قوزغىغاندا، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. بولۇپمۇ تارباغاتاي ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلات ئەزالىرىدىن 600 ياشنى تەشكىللەپ ئوسمان بىلەن گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان.

## تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانمۇ؟

ھازىر بەزى ماتېرىياللار (سۆك شىليەن ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسى) دا، تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوز-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

غىغان، تۇرپانغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى-
كادىرلىرى ئەۋەتىلگەن، دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان. تۇرپان
خەلقىنىڭ قوزغىلىشىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىر كۆر-
سەتكەنلىكى ئېنىق. ئەمما قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي سەۋەبى گومىن-
داڭنىڭ تۇرپان خەلقىگە سالغان زۇلمىدىن بولغان. سۆڭ
شىليەن ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدە، ھەتتا «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ
ئەۋەتكەن پالانى - پوكۇنىلار ئەسىرگە چۈشتى» دەپ يېزىلغان.
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تۇرپان خەلقىگە قوزغىلىش بۇيرۇقى قىل-
غانلىق ۋە ئادەم ئەۋەتكەنلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. تۇرپان
قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ ھەرىكىتى ئىنقىلابىي ھەرىكەت.
ئەمما ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قوزغىلاڭ بىلەن
مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۈچ
ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىتىمگە خىلاپ ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنى تو-
سۇغان. شۇڭا تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «قوزغىلاڭ قىلىمىز» دېگۈچىلەر-
نىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ قالغان. جۈملى-
دىن غېنى، مۇسا (قاقۋاش) قاتارلىق ئون نەچچە كىشى قورال-
نىپ تۇرپان تاغلىرىغا كېلىپ، «بىز ئۇرۇمچىدىن ئىنقىلاب
قىلىشقا كەلدۇق، بىزنى ئەخمەتجان ئەپەندى ئەۋەتتى» دەپ داۋ-
راڭ سالغاندا، ھاكىم ئابدۇراخمان مۇھىتى بىر بەن ساقچى
ئەۋەتىپ، ئۇلارنى توسۇغان، لېكىن ئارىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ،
غېنى، مۇسا قاتارلىق تۆت كىشىگە ئوق تېگىپ ئۆلگەن. گومىن-
داڭ تەرەپ ئەھۋالنى بىلمىگەن ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، مۇشۇ
ئىشنى باھانە قىلىپ، خەلقنى «ئىنقىلابىي ياشلارنى ئۆلتۈر-
گەن قاتىللارنى يوقىتايلى!» دەپ جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش
قىلىشقا قۇترىتىپ، ئىلغار كۈچلەرگە زەربە بېرىشكە ئۇرۇنغان.
بەزىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى-
نى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئەۋەتتى، دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھېچقان-

داق ئاساسى يوق. تورپان قوزغىلىڭىغا قاتنىشىمىز، دەپ ئورۇمچىدىن بارغان ياشلار ئىچىدە ئۆزلىرىنى ئورۇمچىدىكى دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى دەپ بارغانلاردىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلارنى دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتى ئەۋەتكەن بولماستىن، بەلكى ئۆز ئالدىغا قىزىپ كېتىش بىلەن بارغان ياشلار بولۇشى مۇمكىن.

## ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يولغا قويغان مىللىي سىياسەتلەر

(1) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى ئېلان قىلغان.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىگە ھەر مىللەتتىن بولغان ياشلار ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، مىللەت تەۋەلىكى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا موڭغۇل تۈەنى، خۇيزۇ تۈەنى ۋە شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى تەشكىل قىلىنغان ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىن كوماندىرلار قويۇلغاندى.

بەزى شەھەرلەر قولغا ئېلىنغان كۈنلىرى ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا قەستەن خەنزۇلارنى ئۆلتۈرگەن، بۇلىغان لۈكچەك ئۇنسۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش قارار قىلىنغان. ئەمەلىيەتتىمۇ، غۇلجا، سۈيدۈڭ، چۆچەك، شىخولاردا بىرنەچچە جەڭچىگە ئۆز ۋاقتىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. خەنزۇلار نورمال تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىنغان. خەنزۇ مەكتەپلىرى ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق پۇقرا سۈپىتىدە ئۆز مىللىي تىل ـ يېزىقىدا تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان، خەنزۇچە گېزىت چىقىرىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قانداقتۇر بىرەر مىللەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب بولماستىن، بەلكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تەڭلىك، باراۋەرلىك ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب.

(2) ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، موڭغۇل باللىرى ئۈچۈن غۇلجا ۋە چۆچەك شەھەرلىرىدە ھۆكۈمەت ھېسابىغا ياتاقلىق مەكتەپ ئاچقان.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 391 ـ نومۇرلۇق ھۆكۈمەت قارارىنى ئېلان قىلىپ، باجنى 50 پىرسەنت كېمەيتىش، باج تۆلەشكە قۇربىتى يەتمىگەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى بەلگىلىگەن.

ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دېھقانلارغا دېھقانچىلىق قورال ـ سايمانلىرى، ئات ـ كالا ۋە ئۇرۇق تارقىتىپ بەرگەن.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇپ (بۇ شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بانكا بولسا كېرەك)، بانكا ئارقىلىق دېھقانلارغا قەرز پۇل تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا يار ـ يۆلەك بولغان، جازانىخورلارغا زەربە بەرگەن.

يېتىم باللار يىغىۋېلىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە ئىگە ـ چاقىسىز بوۋاي ـ موماي‌لار ۋە نامراتلارغا مەلۇم مىقداردا قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرغان.

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىلى 4 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# مەن شاھىت بولغان ئىشلار

(ئەسلىمە)

## بىرىنچى، گومىنداڭ ئىلىغا كەلگەندە

شېڭ شىسەي 1942 - يىلى يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، 1943 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى تەسىس قىلىندى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن ئىلىدىمۇ ۋىلايەتلىك پىرقە تەشكىل قىلىندى، كو-چىلاردا ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە دائىر شوئارلارمۇ كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. بۇرۇن كوچا تاملىرىغا يېزىلغان «سوۋېت ئىتتىپا-قى بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى كۈچەيتەيلى»، «جاھانگىرلىك-كە قارشى تۇرايلى» دېگەن شوئارلار ئۆچۈق - ئاشكارا كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. ئەسلىدە «ئىلى گېزىتى» چەت ئەل خەۋەرلىرىنى «تا س س» خەۋەرلىرىدىن ئېلىپ بېرەتتى. 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇ خەۋەرلەرمۇ كۆرۈنمەس بولدى. ئەينى ۋا-قىتتا گومىنداڭ ئۆز تەشۋىقاتىنى باشلىغان ۋە بىر قىسىم ھەرىد-كەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرگەن بولسىمۇ، بەزى ئەھۋاللاردىن قا-رىغاندا، 1943 - يىلى گومىنداڭ يەنىلا ئېھتىياتچان بولۇش تاكتىكىسىنى يۈرگۈزۈپ، ئاستا قەدەم بىلەن سىڭىپ كىردى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى 1935 — 1942 - يىللىرىدىكى تەش-ۋىق، تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق خەلق ئىچىدە، بولۇپمۇ ياشلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارىسىدا گومىنداڭغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك كۆزقارىشى پەيدا بول-
غان؛ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ھەربىيلىرىگە نىسبە-
تەن مۇئامىلىدە يىرىك بولغان. گومىنداڭنىڭ سىڭىپ كىرىشى-
نىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى مە-
سىلالار ئارقىلىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، 1943
يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭ پىرقىسى ئىلىدا تەشكىل قىلىنغان
بولسىمۇ، ھېچقانداق داغدۇغىسى بولمىدى. گومىنداڭغا ئەز
بولغۇچىلارمۇ ئانچە كۆپ بولمىدى. ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئو
قۇتقۇچىسى كاڭ ×× ئۇرۇمچىگە بېرىپ گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ
سىياسىي كۇرسىدا ئوقۇپ قايتقاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدى-
رى بولدى. كاڭ مۇدىر بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ سىيا-
سىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلالمىدى. 1943 - يىلى 7 - ئايد
مەكتەپنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنىنى ئېچىش ئۈچۈن (سەيل
قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياقۇپ دوكار بېغىغا چىققاندا، خۇلاسە
دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا «چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان كىتاب -
ژۇرناللارنى يىغىپ، شەھەردە بىر كۇتۇپخانا ئاچماقچى، قو-
لۇڭلاردا شۇنداق كىتابلار بولسا، بەرسەڭلار» دېدى. ئەگەر ئۇند-
داق كىتابلار يىغىۋېلىنسا، مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا
دەرسلىك قالمايتتى. 1943 - يىلى ئەتىيازدا گىمنازىيىدىكى
خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلى ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىدىن ئادەم كې-
لىپ، خەنزۇچە ئۆگىتىشنى باشلىغان، مەكتەپ ئاشخانا زالىدا
ھەپتىدە بىر قېتىم دەرس ئۆتكەنىدى. بۇ ھاۋا ئارمىيە مەكتىپى
بىۋاستە چۇڭچىڭغا قاراشلىق مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپنىڭ ۋەزى-
پىسى ئۇچقۇچى يېتىشتۈرۈش ئىدى. مەكتەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى
مۇتەخەسسىسلىرى دەرس ئۆتەتتى. گىمنازىيىگە كېلىپ خەنزۇچە
خەت ئۆگىتىش ئۇلارنىڭ تۇنجى نۆۋەت يەرلىك بىلەن ئالاقە قىلى-
شى ئىدى.
ئىلى گىمنازىيىسى ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىمۇ جاھانگىرلىك-

كە قارشى ئۇيۇشما ئەزالىرى بار بولۇپ، ئۇلار گۇرۇپپىلار بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ ئۆگىنىش قىلاتتى (مەنمۇ بىر ئەزاسى ئىدىم). 1943 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرى بىر قېتىملىق يىغىندا مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئەزا «خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما يىغىنى ئاچمايدىغان بوپتۇ، بىز قانداق قىلىمىز؟» دەپ پىكىر قويغاندا، «يۇقىرىدىن ئۆگىنىشنى توختىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش يوق، شۇڭا ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز» دېيىلگەنىدى. ئەمما، ھەممە سىنىپلاردىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما يىغىنلىرى توختاپ قالغاچقا، بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ يىغىنلىرىمۇ تېز ئارىدىلا توختاپ قالدى.

1943 - يىلى يازلىق تەتىل كۈنلىرىدە، گومىنداڭ ۋىلايەت بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى يىغىپ، تۇنجى قېتىم كۇرس ئېچىپ سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك) نى سىياسىي دەرسلىك قىلىپ سۆزلىدى.

1943 - يىلى گومىنداڭغا ئەزا بولغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، مەسىلەن، شۇ كۈنلەردە ئىلىدىكى مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر، زىيالىيلاردىن گومىنداڭغا ئەزا بولغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم. ئۇ چاغلاردا ئىلىدىكى مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسەن ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئىدارە - ئورگانلار ئاز، ئۇلارنىڭ شتاتىمۇ ئاز بولغاچقا، ئىدارە - جەمئىيەتلەردە خىزمەت قىلىدىغان مىللىي كادىرلارمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى شتاتىدا يەتتە كىشى بولۇپ، بىر نەپىرى مىللىي تەپتىش خادىمى ئىدى. مالىيە - باج ئىدارىسىدە 42 كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ نەپىرى مىللىي تەپتىش خادىمى ئىدى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە تۆت نەپەر مىللىي خىزمەتچى خادىم بار ئىدى. ئۇ يىللىرى ئىلىدا خۇيزۇلاردىن باشقا، خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان بىرەر مىللىي كادىرنى تېپىشمۇ تەس ئىدى. پەقەت ئىلى ۋالىي مەھكىمە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىدە داۋۇت موللا ئىسىملىك بىر ياشانغان كىشى تەرجىمان نا
بىلەن خىزمەت قىلاتتى، يىلدا بىر-ئىككى قېتىم چوڭ يىغى
ئېچىلغاندا شۇ كىشى تەرجىمانلىق قىلاتتى. داۋۇت موللا كىچى
چېغىدا شۆتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ) دا ئوقۇغان بولغاچقا، خەنزۇ
چىنى بىلىسمۇ، ئۇيغۇرچە تىلنى دېگەندەك ياخشى بىلمەيتتى.
مىللىيلار خەنزۇچە بىلمىگەنلىكتىن، ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ
ئىچكى ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى ئاساسەن
«ئىلى گېزىتى» (كىچىك فورماتلىق گېزىت) دە بېسىلغان خە
ۋەرلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى.

ئىلى مەكتەپلەر ۋە مىللىي زىيالىيلار توپلانغان جاي بولغاچ-
قا، گومىنداڭ مەكتەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدى. شۇ
چاغدا ئاڭلىشىمچە، 1943 - يىلى 6 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسى خادىملىرىدىن ئىككى كىشى گومىنداڭغا ئەزا بول-
غان، ئۆزلىرىنى ماركسىزم - لېنىنىزمچى دەپ ماختىنىپ يۈر-
گەنلەردىن ئايرىم كىشىلەر گومىنداڭ كېلىشى بىلەنلا گومىنداڭ-
غا سادىق بولۇپ قالغان. شۇ كۈنلەردە مۇنداق بىر ئادەمنىڭ
بولغانلىقى ئېسىمدە: ئا×× ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ،
ئۇ ئۆزىنى «نەزەرىيىچى» ھېسابلاپ، ھەدېسىلا ماركسىزم -
لېنىنىزمدىن سۆز ئاچاتتى. 1943 - يىلى 3 - ئايلاردا
ئىككى - ئۈچ ئوقۇتقۇچى سىرتتا ئولتۇرساق، ئۇ يېنىمىزغا
كېلىپ ئولتۇرۇپلا ئۆزىچىلا سەنمىنجۇيىنى ماختاپ: «ھازىر بە-
زىلەر يەنە ماركسىزم - لېنىنىزمنى ماختاپ، سەنمىنجۇيىغا
قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، مۇنداق جاھىللارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كې-
رەك» دېدى. مەن گەپ تۈگىمەي تۇرۇپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ
كېتىپ قالدىم. ئۆزىنى خېلى سەۋىيىلىك ماركسىزمچى ھېساب-
لايدىغان بۇ ئادەمنىڭ بىردىنلا 180 گرادۇس بۇرۇلغانلىقىغ
ھەيران قالدۇق. ئۇ، ياش ۋاقتىلىرىمىز بولغاچقا، بىزنىڭ سوت-
سىيالىزمغا قىزغىنلىقىمىز بولسىمۇ، سوتسىيالىزمغا بولغا

چۈشەنچىمىز تولىمۇ ئاددىي ۋە يۈزە بولغان، ماركسىزم ـ لېنىـ
نىزم ھەققىدىكى سەۋىيىمىزمۇ بىرنەچچە نەزەرىيە فورمۇلىلىرىـ
نى يادلىۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا «سەنمىنـ
جۇيى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى تېخى نەشر قىلىنمىغان بولغاچقا، سەنـ
مىنجۇينى مىللىيلاردىن ھېچكىم تېخى ئوقۇپ باقمىغانىدى، بۇ
ئادەمنىڭ بىرنەچچە ئاي ئىلگىرىلا ماركسىزمنى ماختاپ ئەمدىـ
لىكتە گومىنداڭ كېلىشى بىلەنلا سەنمىنجۇينى كۆككە كۆتۈرۈـ
شى «زامانغا ماسلىشىپ، ئۆز غېمىنى يېيىش» بولسا كېرەك،
بۇ ئادەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە خىزمەتكە قاتناشماي
تىجارەتچى بولۇۋاپتۇ. ياشلار، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
خىزمەت قىلىۋاتسا، بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن تىجارەتچى بولۇۋالىدۇ؟
ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭغا سادىق بولۇۋالغان، ھەتتا جاسۇسلۇق
قىلغانلاردىن، ئۆز قىلمىشىغا توۋا قىلغانلار كەڭچىلىككە ئېرىـ
شىپ، يەنە خىزمەتكە قاتناشقانلار كۆپ ئىدى، ئۇ كىشى چەتكە
قېقىلغان ياكى ئۆزىنى چەتكە ئالغانمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىـ
دىم.

1943 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا، ئىلىدا ۋەزىيەت جىددىيـ
لىشىپ، گومىنداڭ ساقچى ـ ئىشپىيونلىرى كۆپەيدى، ساقـ
چىلار سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرىغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتـ
تى، گومىنداڭ دائىرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىـ
نىڭ ئەتراپىدا مەخپىي ساقچىلارنى كۆپەيتتى. ئوقۇتقۇچىلاردىن
ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى
پۇقرالىقىغا يېزىلىپ قولىغا پاسپورت ئالغانلارنىڭ بىر قىسمى
سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى. 6 ـ مەكتەپ (تائالىيە) تىنلا مەخـ
مۇت قۇتلۇق، ئېلى ئەكبەر، ئەيسىدىن، زۆھرە قاتارـ
لىق ئالتە ـ يەتتە كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا ئۆتۈپ
قولىغا پاسپورت ئالغانىدى. گومىنداڭچىلار مەندىن گۇمانلىنىپ
«سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغان» دەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ
باردى، «خەلقئارا كىتاب ماگىزىنى» ئەتراپىدىمۇ گومىنداڭ ساقـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىلىرى كۆپەيدى. «خەلقئارا كىتاب ماگىزىنى» سوۋېت ئىتتى
پاقى تەرەپ ئاچقان ماگىزىن بولۇپ، ئۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاق
نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە كىتابلار سېتىلاتتى، ئەدەبىي ئەسەرلەر
دىن باشقا، «ۋ ك پ (ب) تارىخى»، لېنىننىڭ «باللارچ
‹سول› چىللىق كېسىلى»، ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، دۆلەت ۋ
خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەندەك مارك
سىزم كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە باشقا سىياسىي كىتابلار با
ئىدى. بۇ كىتاب ماگىزىنىغا ئارىلاپ كىرىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن
گومىنداڭ ساقچىلىرىنى گۇمانغا سېلىپ قويغان بولسام كېرەك
(بۇ كىتاب ماگىزىنى شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئۈرۈمچى، ئالتاي،
تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىلىرى
بار شەھەرلەردە ئېچىلىپ، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل
داۋاملاشقان). گومىنداڭ ساقچىلىرى كونسۇلخانا ئەتراپىدا كۆ-
پىيىش بىلەن بىللە كونسۇلخانا خادىملىرى سىرتقا چىقسا مەخپىي
پايلاقچىلىق قىلىدىغان، ھەتتا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىق-
سا، ساقچىلار ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئاتلىق قوغلايدىغان بولدى،
ئەمما ماشىنىغا يېتىشەلمەي ئېزىپ قالاتتى، نەتىجىدە خەلقنىڭ
كۈلكىسىگە قالاتتى. گومىنداڭ ساقچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى
كونسۇلخانىسى خادىملىرىنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكى ئۈچۈن بازار-
دىن ئۇن، گۆش، كۆكتات سېتىۋېلىشىنىمۇ، ھەتتا تىجارەتچى-
لەرنىڭ ئۇلارغا نەرسە - كېرەك سېتىپ بېرىشىنىمۇ چەكلەيدى-
غان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. 1943 - يىلى 5 -، 6 - ئايلاردا
گومىنداڭ ساقچىلىرى نېمە ئۈچۈن جىددىيلىشىپ كېتىدۇ؟ دەل
شۇ مەزگىللەردە، شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن بولغان كېلىشىم بويىچە، كۆپلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقى
مۇتەخەسسىسلىرى يەرلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغاندىن باشقا،
مايتاغ نېفىتلىكىدە، تۇدۇڭخابا زاۋۇتىدا خىزمەت قىلغان، شۇن-
داقلا قۇمۇلدا «8 - تۇەن» نامىدا بىر لوي سوۋېت ئىتتىپاقى
ئارمىيىسى تۇرغان (8 - تۇەننى كېلىشىم بويىچە ياپون باسقۇن-

چېلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا خەلقئارادىن كەلگەن ياردەمنىڭ ئۆز جايىغا بىخەتەر يەتكۈزۈلۈشىنى قوغداشقا كەلگەن، دەپ ئاڭلىغاندۇق).

شېڭ شىسەي ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقلىقلار ئۆز دۆلىتىگە قايتقان. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىقىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاتتىق رەنجىتمەي قويمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقلىقلار قايتىش ئالدىدا، بىر قىسىم مۈلۈكلەرنى سېتىۋەتكەن، بىر قىسمىنى يۆتكەپ كەتكەن، بەزى ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇۋەتكەن. قۇمۇلدىكى 8 ـ تۇەننىڭ بىر قىسمى قۇمۇلدىن تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق، بىر قىسمى ئۈرۈمچى ـ غۇلجا ئارقىلىق قايتقان. شۇ مەزگىلدە (1943 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا)، ئىلى، قەشقەر، ئالتايلاردا گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەتلەر پەيدا بولغان، بۇ ئەھۋالنىڭ گومىنداڭنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويۇشى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەسلەپكى چاغلاردا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە جىددىي ھەرىكەت قىلىشى تەبىئىي. 1943 ـ يىلنىڭ ئاخىرى ۋە 1944 ـ يىلنىڭ باشلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇم ـ سېلىقلىرى كۈچىيىشكە باشلىدى، پارىخورلۇق، بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئىدارىلەردە قىمار ئويناش كۆپەيدى.

گومىنداڭنىڭ تەشۋىقاتىدا خەنزۇلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر «خۇاڭدى ئەۋلادى»، «ئۇرۇقداشلار» دېيىلگەن. ئىلى ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار يەرلىك مىللەت قىزلىرىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان، ھەتتا بىر قېتىم بىرنەچچە ياش بىرلىشىپ بىر گومىنداڭ ئوفىتسېرى (لىيەنجاڭ) نى ئۇرۇپ، تاپانچىسىنى تارتىۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر مەنبەسى

## ئىككىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا

1943 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا ئىلىدىكى گومىنداڭ ساقچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلەشكەن بولسىمۇ، بەزى ياشلار يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلىۋالغان، بەزىلىرى پۇقرالىققا يېزىلماي تۇرۇپلا چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇقمۇ خەۋەرلەر تارقىلىپ تۇراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىۋاتقان ياشلارنىڭ ھەممىسىنى سىياسىي سەۋەبتىن بولدى، دېگىلى بولمايدۇ، بەزى ياشلار، مەسىلەن، رۇس ياشلىرى ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسىدا كەتكەن.

1943 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا مەنمۇ ۋەزىيەتكە قاراپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا رەسمىيەت ئۆتەپ مېڭىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈشكە ئەڭ قولايلىق جاي چاپچال ناھىيىسىنىڭ خونۇقاي مازار يېزىسى ئىدى، مەھەللىنىڭ چېگرىغا ئەڭ يېقىن ئارىلىقى نەچچە ئون مېتىرلا بولسىمۇ، لېكىن چېگرىغا سىم تارتىلغان دەپ ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، چاپچال خونۇقاي مازارلىق مۇھەممەت يولداش ئۇيغۇلىدىن ياردەم سورىدىم (ئۇنىڭ ئائىلىسى چېگرىغا يېقىن جايدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم). ئۇنىڭغا: «يازلىق تەتىلدە مەن سىلەر تەرەپكە بارسام، مېنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشۈمگە ياردەم قىلالامسىز» دېيىشىمگە، ئۇ تېزلا ماقۇل بولدى، شۇنداقلا «مەنمۇ سىز بىلەن كېتىمەن» دېدى. باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئالدىنئالا «يازلىق تەتىلدە خونۇقاي مازىرى تەرەپكە يايلاۋغا بارىمىز» دېگەن سۆزنى تارقىتىشقا كېلىشتۇق. چۈنكى ئۇ چاغدا غۇلجىدا ياز كۈنلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرىدىن ئىمكانىيىتى بارلارنىڭ يايلاققا بېرىپ دەم ئېلىش

ئادىتى خېلى ئۇمۇملىشىپ قالغانىدى. يازلىق تەتىل يېتىپ كې-
لىشى بىلەنلا مۇھەممەت يولداش ئىككىمىز خونۇقاي مازار تەرەپ-
تىن كەلگەن بىر هارۋىنى تېپىپ يولغا چىقتۇق، شۇ كۈنى
كەچقۇرۇن مۇھەممەت يولداشنىڭ چېگرا بويىدىكى ئۆيىگە يېتىپ
كەلدۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن «يايلاۋغا چىقىمىز» دېگەن
سۆزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تاغ (يايلاۋ) قا چىقتۇق. بىز بارغان
يايلاۋغا خونۇقاي مازارلىق ئابۇزەر خەلپەم قاتارلىق بەش ـ ئالتە
كىشىمۇ بارغانىكەن. بىر هەپتە تۇرغاندىن كېيىن، «شەهەرگە
قايتىمىز» دەپ، مۇھەممەت يولداشنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدۇق.
يولغا چىقىش ئالدىدا مۇھەممەت يولداش ماڭا مەسلىھەت بېرىپ:
«چېگرا بويىدىكى كونا قاراۋۇلخانىدا سېتىۋالدىنىڭ ئۆيى بار
(سېتىۋالدى شۇ يىلى ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئۇيغۇر 6 ـ سىنىپ
ئوقۇغۇچىسى ئىدى)، ئۇ يەر چېگرىغا ناهايىتى يېقىن، بىز شۇ
يەردە چېگرىدىن ئۆتسەك ئەپلىك بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن
مۇھەممەت يولداش سېتىۋالدىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مەسلى-
ھەت قىلسا، سېتىۋالدىمۇ «مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارىمەن»
دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ چېگرىدىن ئۆتىدى-
غان ئادەم ئۈچ بولدۇق. مەن چۈشتىن كېيىن سېتىۋالدىنىڭ
ئۆيىگە باردىم. كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە، بىز خاماندا ياتماقچى
بولدۇق. ئەلياتاردا سېتىۋالدى ئاتلىق بېرىپ مۇھەممەت يولداش-
نى چاقىرىپ كەلدى، ئۈچىمىز كېچىدە غەربكە قاراپ يولغا
چىقتۇق. «گومىنداڭنىڭ چېگرا ئەسكەرلىرى هەپتىدە ئىككى
قېتىم چېگرا چارلايدىكەن» دەپ ئاڭلاپ، چارلاشقا چىقمايدىغان
كۈننى تاللاپ ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن، چېگرىدىن ئامان ـ ئېسەن
ئۆتۈپ كەتتۇق. بۇ 1943 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى،
ئەتراپ تولىمۇ قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، ئېدىرلىقلار ئارىسىدا ئې-
زىپ قالدۇقمۇ، ئىشقىلىپ ئىككى سائەتلەر ماڭارمىز دەپ مۆل-
چەرلىگەن يولنى تۆت ـ بەش سائەت مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا سوۋېت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقى چېگرا پونكىتىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردۇق. بىزنى كۆرگەن قاراۋۇل داڭ ئۇرۇشقا باشلىۋىدى، ئالدىمىزغا تېزلا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەسكىرى كېلىپ: «قەيەرگە بارىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز «زاستاۋ (چېگرا قاراۋۇلخانىسى) غا بارىمىز» دېدۇق. ئۇلار بىزنى زاستاۋغا ئېلىپ باردى. زاستاۋ ئورنى بىر يارلىقنىڭ تۆۋىنىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەتتىكى بىر كونا قورۇ، بىرنەچچە ئېغىزلا ئۆي بار ئىكەن. قورۇ يېنىدا كىچىك بىر بۇلاق، ئەتراپىدا بىرنەچچە توپ دەرەخ بار ئىكەن. ئەسكەرلەر بىزنى كىچىك بىر ئېغىز ئۆيگە ئەكىرىپ، ئىشىكنى سىرتىدىن تاقاپ قويدى. بىرەر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا، بىر ئوفىتسېر مايكا - ئىچ كىيىم بىلەنلا بىز بار ئۆيگە كىرىپ كەلدى ھەم بىزنىڭ ئىسىملىرىمىزنى سوراپ خاتىرىلىۋالدى. بۇ ئوفىتسېر ئۆزبېك تىلىدا سۆزلەيتتى. مەن ئىسىم - فامىلەمنى ئېيتقاندا «سىز ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. مۇھەممەت يولداش ئىسمىنى دېۋىدى، «داداڭ ساڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن دەۋاتسا، سەن قېچىپ چىقىپسەنغۇ؟» دەپ كۈلۈپ قويدى. بۇ ئوفىتسېر ئىسىملىرىمىزنى خاتىرىلەپ بولۇپ، ئەسكەرلەرگە: «ئىشىكنى تاقىماڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى، ئاندىن بىزگە قاراپ: «ھويلىغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەڭلا بولىدۇ، لېكىن يىراققا كەتمەڭلار» دېدى. ئوفىتسېر كەتكەندىن كېيىن، مەن مۇھەممەت يولداشتىن: «ئۇنىڭ دېگىنى راستمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «بىر قېتىم توي توغرۇلۇق گەپ بولغانىدى، بىراق ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى، بۇلار قانداق بىلىۋالغاندۇ؟» دېدى. بىز ال ھەيران بولغىنىمىزدىن بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن بىر ئوفىتسېر بىزنى بىر يۈك ماشىنىسىغا سېلىپ ياركەنت (پانفىلوف) رايونىغا ئېلىپ ماڭدى. چېگرىدىن ياركەنت رايونىغا بارىدىغان تاشيول بولمىغاچقا، پۈتۈن-

لەي دېگۈدەك ھارۋا يولى (توپىلاڭ يول) دا ماڭدۇق. يولنىڭ بىر قىسمى قېلىن سۆكسۆكلۈك، بىر قىسمى شورلۇق ياكى كەڭ كەتكەن دالا ئىدى. شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ياركەنتتىكى چېگرا قىسىملىرىنىڭ باش شتابىغا يېتىپ كەلدۇق. باش شتابتا بىر كېچە قوندۇق، ئەتىسى بىزنى ساقچى ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ساقچى مەسئۇللىرى ئۈچىمىزنى ئىشخانىغا ئەكىرىپ، بىزنىڭ ۋاقتىنچە كولخوزدا ئىشلەپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى ھەم كەچتە رايون مەركىزىدىكى مېھمانخانا — «كولخوزچىلار ئۆيى» (رايون مېھمانخانىسى) گە بېرىپ يېتىشىمىزنى، ئەتىسى كولخوزدىن ئادەم كېلىپ بىزنى ئەكېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، يەنە: «ئالمۇتىدىن ئۇيغۇر تىياتىرى كەلگەنىكەن، بۈگۈن ئاخشام كونسېرت قويىدىكەن، كۆرۈشنى خالامسىلەر؟» دەپ سورىدى، بىز دەرھال «كۆرەيلى» دېدۇق. ئۇ كىشى كاتىپ ئايالغا بىزنى ئويۇنغا ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدى.

ياركەنت رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ياركەنت شەھىرى ئادەتتىكىچە كىچىك شەھەر بولۇپ، شەھەر ئىچىدە ئىككىلا كوچا بار ئىكەن. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر قەۋەتلىك قورۇ - جايلار جايلاشقان بولۇپ، تۈزۈكرەك بىرەر ماگىزىنمۇ كۆرۈنمەيتتى. ياركەنت رايونى ناھايىتى كىچىك رايونلارنىڭ بىرى بولغاچقا، نوپۇسىمۇ كۆپ ئەمەس، شەھەر بويىچە ئاران 300 ئادەم سىغىدىغان بىر كۇلۇبى بار ئىكەن. قىسقىسى، ياركەنت بىر رايون (ناھىيە) مەركىزى بولسىمۇ، بىزنىڭ 90 - يىللاردىكى ئوتتۇرىچە بىر يېزا مەركىزىچىلىكلا كېلەتتى. ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىك ئۇيغۇرلار بولۇپ، بىز كۇلۇبقا كىرىشىمىز بىلەنلا ھەممىسى ھەيران قالغان قىياپەتتە بىزگە قاراشتى. ئۇلار بىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىزگە قاراپلا غۇلجىدىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەن ياكى ئۈچ ياشنىڭ فرونتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارماي، ئارقا سەپتە يۈرگەنلىكىگە قاراپ ھەيران قالغان بولسا كېرەك. كونسېرت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كەچتە «كولخوزچىلار ئۆيى» گە باردۇق. بۇ مېھمانخانىمۇ بەك ئاددىي بولۇپ، ئەسلىدە بىر شەخسنىڭ تۆت ئېغىز ئۆيى بار قورۇسى ئىكەن. ھەر بىر ئۆيگە ئىككىدىن كارىۋات قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ قورۇ خېلى يامان ئەمەس قورۇ ھېسابلىناتتى، پۈتۈن رايون مەركىزىدە بىرەر ـ ئىككى قەۋەتلىك بىنامۇ كۆرۈنمەيتتى. رايونلۇق كولخوز رەئىسلىرى يىغىنى (15 — 20 كىشىلىك) ئېچىلسىمۇ بىرەر كۈندىلا تۈگەيدىكەن، ھەرقايسى كولخوزلارنىڭ رەئىسلىرى رايون مەركىزىگە كەلگەندە، ئۆيى بارلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە ياتسا، ئۆيى يوقلىرى تۇغقانلىرى ياكى ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىدە ياتىدىكەن. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە دىمىترىيېف كولخوزىنىڭ رەئىسى ئارۇپ ئاكا بىزنى كولخوزغا ئېلىپ باردى. دىمىترىيېف كولخوزى شەھەردىن بەش ـ ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، كىچىكلا بىر كولخوز ئىكەن، پەقەت 20 نەچچە ئۆيلۈك ئەزاسى بولۇپ، بىر ئېرىق سۇ (بۇلاق سۈيى) غا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىدىكەن، ئاساسەن، بۇغداي، شال تېرىيدىكەن، دېھقانچىلىقتا ئادەم بىلەن ئۇلاغقا تايىنىدىكەن، بىزنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزىلىرى ماشىنىلىشىپ بولدى» دېگەن تەسەۋۋۇرىمىزدىن تولىمۇ يىراق ئىكەن. بىز كولخوزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسرائىلوف ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇق، تاماقنىمۇ شۇلارنىڭكىدە يەيدىغان بولدۇق. گەرچە كولخوزنىڭ تۈزۈملىرى بولسىمۇ، بىزنى چەتئەلدىن كەلدى دەپ ئانچە قاتتىق تەلەپ قويمىدى. بۇ كولخوز ئۇيغۇرلار توپلاشقان كولخوز بولۇپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كولخوز ھېسابلىنىدىكەن، قارىغاندا ئۇلار بىزنى تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالمىسۇن، دەپ مۇشۇ كولخوزغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى باشلانغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئادەملەر «ستالىن

ئۈچۈن»، «ۋەتەن ئۈچۈن» دېگەن شوئار ئاستىدا ئىشلەيدىكەن. 17 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىي چاقىرىق بىلەن تىزىمغا ئېلىنىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىدىكەن. شۇڭا مەيلى يېزا، مەيلى شەھەردە بولمىسۇن ياشلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا يېشىغا قاراپ ھەربىي سەپكە چاقىرىلغانلىقتىن، نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر ئالدىنقى سەپكە كېتىپ قېلىپ، ئىگىلىك ئىشلىرىدا قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن قالدۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ قولىغا ئالاھىدە گۇۋاھنامە بەرگەن. كوچىدا ئاندا - مۇندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان بىرەر - يېرىم ياشلارمۇ ئالدىنقى سەپتە ياردار بولۇپ، سەپتىن چېكىنگەن ياكى ۋەزىپە ئۆتەشتىن قالدۇرۇلۇپ، قولىغا گۇۋاھنامە بېرىلگەن مۇھىم كادىرلار ئىكەن. بىز ئىشلىگەن «دىمىترىيېف» كولخوزى ئېتىزلىرىدا ئەمگەك قىلىۋاتقانلارنىڭ بىز ئۈچىمىزدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاياللار، قېرىلار ۋە بالىلار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئاشلىق مەسىلىسىمۇ ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ يەيدىغان نېنىمۇ نورمىلىق ئىدى، شەھەر خەلقى كۈنىگە 400 گرام، ئىشچىلار 750 گرام بولكا بىلەن تەمىنلىنەتتى. باشقا يېمەكلىكلەر نورمىسىز بولسىمۇ، تېپىش قىيىن ئىدى. كولخوزلاردا دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىق ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىندى ئاشلىق كولخوزچىلارغا ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىدىكەن، گەرچە شۇ يىلنىڭ كۈز كۈنلىرى بولسىمۇ، كولخوز ئاياللىرىنىڭ «ئاشلىقىمىز يېتىشمەي كاۋا پىشۇرۇپ يېدۇق» ياكى «ياڭيۇ پىشۇرۇپ يېدۇق» دېگەندەك گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. كولخوزلارنىڭ ئاشلىق تەقسىمات ئۇسۇلى بىزدىكى «خەلق گۇڭشېسى» دەۋرىدىكى ئاشلىق تەقسىمات ئۇسۇلىغا ئوخشىمايتتى، بىزدە ئىشلەپ چىقىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رىلغان ھەرخىل مەھسۇلاتلار پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، ساپ كىرىم (نەق پۇل) ھەربىر ئەمگەكچىنىڭ ئىش نومۇرىغا قاراپ تەقسىم قىلىناتتى، شۇنداقلا ھەربىر ئائىلىگە ياش پەرقى ۋە ئەمگەك كۈچىگە قاراپ نورمىلىق ئاشلىق تەقسىم قىلىناتتى. ئاشلىقنىڭ پۇلى شۇ ئائىلىگە تېگىشلىك كىرىمدىن تۇتۇپ قېلىناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كولخوزلىرىدا بولسا، ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلار تۈرلەر بويىچە ھەربىر كولخوزچىنىڭ ئەمگەك نومۇرىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدىكەن. مەسىلەن، بىر ئەمگەك كۈنىگە ئىككى كىلوگىرام ئاشلىق، بىر كىلوگرام ياغ،ئيۇ، ئىككى سوم نەق پۇل تەقسىم قىلىنىدىكەن، ئەمگەك نومۇرى يۇقىرىلارغا ئاشلىقمۇ كۆپ تېگىدىكەن، جان سانى كۆپ ئەمما ئەمگەك كۈچى ئاجىزلارغا ئاز تېگىدىكەن، نەتىجىدە ھەربىر ئائىلىنىڭ يېمەك ئاشلىقى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىكەن. ئاشلىقى يېتىشمىگەنلەر ئامالىنى ئۆزلىرى قىلىدىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى - گېرمانىيە ئۇرۇشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى فاشىزمغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش يولىدا زور قۇربانلارنى بەرگەن. ئارقا سەپتىكى كولخوزچىلار، ئىشچىلارنىڭ ئاققۇزغان قان - تەرى، تۆلىگەن بەدىلى ناھايىتى زور بولغان. ئۇلار جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ جاپادىن قورقمايدىغان، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن فاشىزمغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان روھىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى تەسىرلەنمەي تۇرالمايتتى.

شۇ چاغدا، ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەلگەن بىرقانچە ياش ياركەنت رايونىدا ئىشلەپ تۇرغانىدى. 1943 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى چېگرا رايوندىن ئىچكى رايونلارغا يۆتكىدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ چېگرىدىن بىللە ئۆتكەن ئىككى ھەمراھىمدىن ئايرىلدىم.

ئەپسۇسكى، مەن ئۇلارغا نەگە بېرىپ، نېمە قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتالمىغانلىقىمنىڭ ئۈستىگە ھەتتا خوشمۇ دېيەلمىدىم. شۇ كۈنلەر شىنجاڭدىن تۈرلۈك يوللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلگەن بىر تۈركۈم ياشلار تەشكىللىنىپ، ئىلىغا قايتىپ قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەر ئىدى.

شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىققان ياشلار گو-مىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەنگەن، جۈملىدىن ئالمۇتىدىمۇ بىر گۇرۇپپا تەشكىل قى-لىنغانىدى. بۇ گۇرۇپپا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆگىنىش كۇرسىغا يىغىلدى. كۇرسانتلار ئىچىدە مىرزا ئىسىم-لىك بىر قازاق يىگىت بولۇپ، ئۇ مېنىڭ ئىلى گىمنازىيىسىدىكى ئوقۇغۇچىم ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا، «ۋاي، مۇئەللىم» دەپ مەن بىلەن كۆرۈشتى، شۇ كۈنىدىن باشلاپ، مىرزىنىڭ تونۇشتۇ-رۇشى بىلەن كۇرسانتلارنىڭ ھەممىسى مېنى «ئەپەندىم» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. بىزنىڭ كۇرستا ئون نەچچە ئادەم بار ئىدى، كۇرسىنىڭ ئورنى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى «ئالماتىنكا» غولىنىڭ ئىچىدىكى ساناتورىيە ئىدى. بۇ ساناتورىيە ئىككى قەۋەت-لىك زامانىۋى قۇرۇلۇش بولسىمۇ، ئۇرۇش يىللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بوش تۇرۇپ قالغانىكەن. بىزنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكى-مىزنى باشقىلار بىلمەيتتى، ھەتتا كۇرس ئۈچۈن خىزمەت قىلى-دىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ بىزنىڭ نېمە قىلىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيتتى. بىر كۈنى بىزگە يېقىن دەم ئېلىش ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان قازاقىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىدىن مۇخ-تار ئەۋىزوف، مۇسرېپوف، تاجىبايېف قاتارلىقلار ئايلىنىپ، بىز تۇرغان بىناغا كېلىپ قالدى، بىليارت تاختىسىنى كۆرۈپ، بىل-يارت ئوينىدى. ئۇلار ئۈچ كىشى بولغاچقا مېنىمۇ بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىلدى. بىليارت ئويناۋېتىپ مۇختار ئەۋىزوف مەندىن

www.uyghurkitap.com

«سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟» دەپ سورىۋىدى، مەن دەرھال: «تاشكەنتتىن» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە: «بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن «كۇرستا ئوقۇغىلى كەلدۇق» دېدىم. كېيىن بۇ ئەھۋالنى باشقۇرغۇچىغا ئېيتقىنىمدا، ئۇ: «يەنە شۇنداق سورىغۇچىلار بولسا، پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىمىز دېسەڭلار بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بـۇ كـۇرسنى «پارتىيــە مەكتىپى» دەيدىغان بولدۇق.

كۇرستا ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە سۆزلەشمەيتتۇق، ئارىمىزدىكى بەزىلەر تاماق ۋاقتىدا: «يەڭلار، ئاغىنىلەر، يەڭلار، ئوبدانراق يەڭلار، ئەتە كىم بار، كىم يوقلۇقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دېيىشەتتى. ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا، ئالمۇتىدا يېمەك ـ ئىچمەك قىس بولسىمۇ، كۇرستا بىز ئاشلىق بىلەن نورمىسىز تەمىنلىنەتتۇق، تەمىناتىمىزمۇ يۇقىرى ئىدى.

كۇرستىكى ئۆگىنىشىمىز ئانچە جىددىي ئەمەس، دەرس ئۆتۈشمۇ سىستېمىلىق ئەمەس ئىدى. كۇرسقا قاتناشقانلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدە، ھەتتا ئارىسىدا چالا ساۋاتسىزلارمۇ بار ئىدى، كۆپ ۋاقىتلاردا باشقۇرغۇچىمىز ئەخمەت ئاققوشقاروف كۇندە چۈشتىن ئىلگىرى دەرس ئۆتەتتى. كېيىن شەھەردىن ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ بىرنەچچە قېتىم دەرس ئۆتتى.

7 ـ ئاي مەزگىلىدە باشقۇرغۇچى ئەخمەت ئاققوشقاروف مېنى چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئىلىغا قايتىشىڭلار تەستىقلاندى» دېدى ھەم مېنى ئالدىدىكى كىچىك ئورمانلىققا باشلاپ باردى. مەندىن: «سىلەر شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ گومىنداڭنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن قانداق قىلماقچىسىلەر؟» دەپ سوراپ قالدى. مـەن مـەقسىتىنى چـۈشىنەلمەي «قايسى جەھەتتىن دەيسىز؟» دەپ سورىۋىدىم. ئۇ: «مەسىلەن، تاشقى موڭغۇلىيىدەك مۇستەقىل بولامسىلەر ياكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

رەھبەرلىكىدە بىر پراۋىنسىيە (ئۆلكە) بولۇپ قالامسىلەر؟»
دېدى، مەنمۇ ئەينى چاغدىكى كۆز قارىشىم بويىچىلا: «ئىنقىلاب
قىلىپ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرساق دەپ ئويلايمەن، باشقا
نەرسىنى ئويلىمىدىم، چۈنكى سوتسىيالىزم بولغاندىلا خەلق ئەر-
كىن، ئازاد ياشىيالايدۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىمۇ تېز بولىدۇ
دەپ قارايمەن» دېدىم. ئۇ مېنىڭ دېگەنلىرىمنى تولۇق قۇۋۋەتلە-
گەندىن كېيىن، «سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى شەرقىي
شىمالغا كىرىپ ياپونىيىنىڭ كانتىون ئارمىيىسىنى تارمار
قىلىدۇ... ياپون مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بارلىق قورالىلارنى
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئازادلىق
ئارمىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن گومىنداڭغا ھۇجۇم قىلسا، ئۈچ -
تۆت يىلغا قالماي پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئازاد بولىدۇ. شۇ چاغدا
شىنجاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى
بىر ئۆلكە بولۇپ قالىدۇ...» دېدى. مەنمۇ ئۇ چاغدا جۇڭگو بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى چوڭ كوممۇنىستىك پارتىيە دۆلىتى
ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىلسا، سوتسىيا-
لىزم دۇنيادا تېز رەك ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن، دېگەن قاراشتا
بولغانىدىم. شۇڭلاشقا كېيىنكى كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
نىڭ مەقسىتى، پىلانى ھەققىدە گەپ - سۆز بولغاندا «نىلقىدىكى
ئوق ئاۋازىنىڭ ياڭرىشىدىن بۇرۇنلا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىس-
تىقبالى بېكىتىلىپ بولغان» دەپ قاراپ كەلگەنىدىم.
شۇ كۈنلەردە ساناتورىيىنىڭ يېنىدىكى ساي (غول) غا قازا-
قىستان ئىچكى ئىشلار قوراللىق قىسمى يازلىق لاگېرغا چىققان
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋالىبول كوماندىسى بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ
مۇسابىقە ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇ مۇسابىقىدە يىقىلىپ
چۈشۈپ پۈتۈمنىڭ ئۇشۇق قىسمى ئىششىپ كېتىپ ماڭالماي
قالدىم، ئىككى - ئۈچ ئايغىچە داۋالىنىشقا توغرا كەلدى. 8 -
ئاينىڭ بېشىدا كۇرس باشقۇرغۇچى ماڭا «باشقىلار شىنجاڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماڭمىدىغان بولدى، سەن پۇتۇڭ ساقايغاندىن كېيىن ماڭىدىغان بولىدۇڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن گورۇپپامدىن ئايرىلىپ ئالمۇتىدا داۋالاندىم.

شۇ چاغدا شىنجاڭغا ماڭغانلار:

(1) فاتىخ مۇسلىموف (گورۇپپا باشلىقى)

(2) خەمىت مۇسلىموف (فاتىخنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى)

(3) رەفىق بايچۇرىن (فاتىخنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى)

(4) قۇربان بۇرھانىدىنوف

(5) ئوسمان ئىبراھىموف

(6) نۇر ئوبۇلوف

(7) ھوشۇر مامىتوف (بۇ كىشىلەر غۇلجىدىن)

بۇلاردىن فاتىخ مۇسلىموف بۇرۇن نىلقا ناھىيىسىدە سودا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان. قۇربان بۇرھانىدىنوف ئۇرۇمچىدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، مەخپىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقانلىقتىن، گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، لېكىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، 1943 ـ يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان. باشقىلىرى ياش ئىشچىلار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئوسمان، نۇر، ھوشۇرلار غۇلجىدىكى گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھويلا ئىشچىلىرىدىن ئىدى.

1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا فاتىخ باشلىق بۇ يەتتە كىشى ئالمۇتىدىن نىلقا تاغلىرىغا قاراپ كەتكەندىن كېيىن، كۈرستا يەنە يۈسۈپ، ۋاھاپ مىرزا قاتارلىق ئالتە ـ يەتتە كىشى قالدى. ئۇلارمۇ ئاز ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن، جاي ـ جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مېنى بولسا قازاقىستان مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا «ئىلمىي خادىم» قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇنى «خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى» دېگەندىن كۆرە، «ۋاقىتلىق كۈتۈپ تۇرۇش» دېگەن تۈزۈك، چۈنكى،

ئۇلاردا بىرەر ئادەمنى تۇرمۇشتا تەمىنلەشكە توغرا كەلسە، مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ شتاتىغا كىرگۈزۈپ تەمىنلەش لازىم ئىكەن. مېنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئىدارە باشلىقىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇڭا مېنىڭ كۆپرەك ۋاقتىم باشلىقنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىتابخانىدا كىتاب كۆرۈش ئىدى، تۇرمۇشۇمنىمۇ ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇردى. پۈتۈن سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەننىڭ ئۈستىگە بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن 1944 - يىلى 9 - ئايدىن 1945 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋالاندىم. 4 - ئاينىڭ بېشىدا ئالمۇتىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم.

## ئۈچىنچى، ۋەتەنگە قايتقاندا

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، ئالمۇتىدىكى كۇرس (پارتىيە مەكتىپى) ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، داۋالىنىپ سالامەتلىكىممۇ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىدىغان بولدۇم. ئۇرۇش ۋاقتى بولغاچقا، شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى قاتنىشى توختاپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت غۇلجىدىكى كونسۇلخانىنىڭ بىر يۈك ماشىنىسى بەلگىلىك مۇددەتتە قاتناپ تۇرىدىكەن. ماڭا شۇ ماشىنا بىلەن قايتىشقا توغرا كەلدى. ماشىنىدا ئالمۇتىدىن ئەتىگەن سائەت ئالتىدە يولغا چىقىپ، كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە غۇلجىغا يېتىپ كەلدىم. چېگرا ئاتلاپ چىقىپ كەتكىنىمگە بىر يىل سەككىز ئاي بولغان بولسىمۇ، بۇ ۋاقىت ماڭا ئىنتايىن ئۇزۇن بىلىندى. ئانا يۇرت — ئانا ۋەتەندىن ئايرىلىپ سىرتتا يۈرگەندە ۋەتەننى سېغىنىش، ۋەتەنگە ئىنتىلىشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تەبىئىي. بىرنەچچە يىل ئەمەس، بىرنەچچە ھەپتە چەت ئەلگە بېرىپ قايتقاندىمۇ، ۋەتەننىڭ تۇپرىقى، ۋەتەننىڭ ھاۋاسىنىڭمۇ ئۆزگىچە گۈزەل، يېقىملىق بولىدىغانلىقىنى كىشىلەر ھېس قىلماي تۇرال-

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

منسا كېرەك.

غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن تونۇش ـ بىلىش، ئەل ـ ئاغىنىلەر بىر تەرەپتىن يوقلاپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ياكى بۇ ئىدارىدىكىلەر خىزمەتكە تەكلىپ قىلىپ كېلىشتى. ئۇ چاغلاردا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت تاللاش هوقۇقى بار بولغاچقا، ئۆز خاهىشىم بىلەن شۇ چاغدا مائارىپ نازارىتىگە نازىر بولغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن مائارىپ نازارىتىگە خىزمەتكە كىردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە ئاساسەن مائارىپ خىزمىتى ۋە ياشلار خىزمىتىنى ئىشلىدىم. ئۆزۈممۇ ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلاتتىم. غۇلجىغا قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا ئىنقىلاب جەريانىدا يۈز بەرگەن بەزى ئەهۋاللارنى، جۈملىدىن ئالمۇتىدىن كەتكەنلەردىن خەمىت مۇسلىموفنىڭ ئىلقا ناهىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە قىلىنغان هۇجۇمدا قەهرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىنى، فاتىخ مۇسلىموفنىڭ ئىلقىغا هاكىم بولغانلىقىنى، باشقىلىرىنىڭ هەربىي سەپتە ئىكەنلىكىنى، بايچۇرىنىڭ پولكوۋنىك، ئوسمان ئىبراهىموفنىڭ مايور بولغانلىقىنى (ئۇرۇشتا ئوسماننىڭ قولىغا ئوق تېگىپ بىر قولى ناكار بولۇپ قاپتۇ)، نۇر ئوبۇلوفنىڭ ئىلقا ناهىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (كاپىتان) بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. هوشۇر مامىتوف (كاپىتان) بولسا ئىچكى ئىشلار نازارىتى قوراللىق ئەترىتىنىڭ كوماندىرى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. قۇربان بۇرهانىدىنوف غۇلجا شەهىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىپتۇ. نېمە سەۋەبتىن كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم.

ئىلقا ناهىيىسىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تۇنجى جەڭ ئوقى ئۇلاستاي يېزىسىدا روزا هېيت كۈنى، يەنى 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېتىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى تېزلا ئەتراپقا كېڭەيگەن، بوزەك قىلىنىپ زۇلۇم تارتقان

ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلاڭچىلارنى قوللاپ، ئۇلارغا قوشۇل-
غان. بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار سېپى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ،
قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئايلانغان. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر-
نەچچە قېتىملىق ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلىپ، 11 - ئاي-
نىڭ 6 - كۈنى پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىغان.
شۇ كۈنى غۇلجىنىڭ غەرب تەرىپىدىنمۇ بىر گۇرۇپپا پارتىزانلار
كەلگەن. پارتىزانلارغا ماسلىشىپ شەھەر خەلقىمۇ قولىغا كال-
تەك، ئارا، ئورغاقلارنى ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكەن. 11 -
ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجا شەھىرى ئاساسەن ئازاد بولغان.
قالدۇق گومىنداڭ كۈچلىرى شەھەر ئەتراپىدىكى ئايرودروم،
ھەرەمباغ گازارمىسى ۋە لياڭشياڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلارغا
چېكىنىپ، ئىستىھكام قۇرغان. بۇ قالدۇق گومىنداڭ كۈچلىرى
ئۈرۈمچى تەرەپنىڭ بۇيرۇقى ھەم گومىنداڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ
مەدەت، ياردەم بېرىشى بىلەن بىرنەچچە ۋاقىت جان تالاشقان
بولسىمۇ، ئاخىرى 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى
تەلتۆكۈس تارمار قىلىنغان.

مەن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندە گەرچە شەھەردە ئۇرۇش
توختىغىنىغا ئىككى ئايچە بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش خارابىلىرى
كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ ھەرەمباغ گازارمىسىغا ھۇجۇم
قىلىش ئۇرۇشى كەسكىن ھەم ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، خارابىلەر-
دا ئوق ئىزلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ھەتتا بۇ ئەتراپتىكى
دەل - دەرەخلەرمۇ چولاق، قاقشال بولۇپ قالغانىدى. بەزى
كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئوق زەربىسىدىن قۇرۇپ كەتكەن دە-
رەخلەرنى تاختاي قىلىش ئۈچۈن ھەرە سالغاندا، دەرەختىكى ئوق
باشلىرى ھەرە چىشلىرىنى كاردىن چىقارغان، دەرەخلەر ماتېرى-
يال بولۇشقا يارىماي، ئوتۇن بولۇپ قالغان.

گەرچە شەھەردە ئۇرۇش خارابىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ،
ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ئۇس-

تۇن ئىدى. چۈنكى خەلق ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن خۇشال-لىنىقا چۆمگەنىدى، ئۇلار ئىنقىلاب ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قى-لىشقا، مال ـ مۈلكىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار ئىدى، ئىنقىلاب-نىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىنقىلابنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلىكىنى ئىنقىلاب-نىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل دەپ قارايتتى. خەلق ئىچىدە بولىدىغان ئۆز ئارا سۆھبەتلەرنىڭ تېمىلىرىدىن بىرى گو-مىنداڭنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى بولسا، يەنە بىرى ئۇرۇش سەپلى-رىدىكى ھەر مىللەت پارتىزانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئىدى. جۈملىدىن شەھەر خەلقى ئىچىدە «باتۇر»لار توغرۇلۇق قوشاقلارمۇ توقۇلغان.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى — ئاشكارا پارىخورلۇق قىلىش، قىمار ئويناش، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى، ئىت ـ توخۇلىرىنى ئوغرىلاش قاتارلىق رەزىل ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى ئۇلاردىن بىزار بولغانلىقىنى سۆزلەيت-تى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇنچىلىك ۋەھشىيلەشكەنكى، غۇلجىدا قوزغىلاڭ باشلىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شەھەردىكى ساقچى ئىدارىلىرى ھەر مىللەت خەلقىدىن 280 كىشى (كۆپىنچىسى ياشلار)نى قاماققا ئېلىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن.

«زالىمنىڭ زۇلۇمى ئاشسا، زاۋاللىقى يېقىنلىشىدۇ» دې-گەندەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىغا نىسبەتەن، خەلقنىڭ ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ قوزغالغان. مىلتىق، گرانات دېگەنلەرنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ قوراللارنى ئىشلە-تىشنى ئىگىلىۋالغان. خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىنى (ھەتتا يالغۇز ئوغۇل بولسىمۇ) ئەسكەرلىككە يازدۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئۇ-زاتقان. ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى جەڭ مەيدانلىرىدا گومىنداڭ-

چىلارنىڭ پوتەيلىرىدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرىغا قارى-
ماي، پىلىموتلارنى پوتەي تۆشۈكىدىن سۇغۇرۇۋېلىش، بەدىنىگە
گرانات، بومبىلارنى باغلاپ گومىنداڭنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھ-
كاملىرىغا بۆسۈپ كىرىشتەك تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ
قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1944 - يىلى
11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغان-
لىقى ئېلان قىلىندى. 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى
مىللىي ئارمىيە رەسمىي تەشكىل قىلىندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت-
نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بەزى نازارەت - ئورگانلارمۇ تەشكىل
قىلىنىپ ئىش باشلىغان. ھۆكۈمەت تەشكىلىدە ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدىكى تەشكىل بولغان «ئازادلىق ئۈچۈن
كۈرەش قىلىش تەشكىلاتى (خەلق ئىچىدە «ئازادلىق جەمئىيىتى»
دەپمۇ ئاتالغان)» نىڭ ئەزالىرى ئاساس قىلىنغان. «ئازادلىق
تەشكىلاتى» غۇلجا شەھىرىدە 1944 - يىلى 4 - ئايلاردا قۇرۇل-
غان مەخپىي تەشكىلات بولۇپ، ۋەزىپىسى خەلق ئاممىسىنى گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلىشقا سەپەرۋەر
قىلىش بولغان. «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى ئېلىخان
تۆرە (رەئىس)، مۇھەممەتجان مەخسۇم، رەھىمجان سابىرھاجى-
يوف، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، جانى يولداشوف، سالىجانباي، ئاب-
دۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، مۇھىددىن ئەخمىدى،
زۇنۇن تېيىپوف، نۇردۇنبەگ، ئۆمەرجان پىرمۇھەممەت قاتارلىق
12 كىشىدىن تەركىب تاپقان. بۇلاردىن باشقا بۇ تەشكىلاتنىڭ
تۆۋەندە ئەزالىرىمۇ بولمىغان. بۇ تەشكىلاتتىن باشقا غۇلجا شەھە-
رىدە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان بىر بۆلەك ياشلار
بولغان. غۇلجا شەھىرى ئازاد بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇ-
لۇشى بىلەنلا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، ئۆز پائا-
لىيىتىنى توختاتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن چاغدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىكەن:

| ئىسمى: | ۋەزىپىسى: | سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى: |
|---|---|---|
| ئېلىخان تۆرە | رەئىس | مۇھسىن ئەپەندى |
| ھاكىمبەگ غوجا | مۇئاۋىن رەئىس | |
| ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم | باش كاتىپ | |
| رەھىمجان سابىرھاجىيوف | ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى | ئېلى ئەپەندى |
| ئەنۋەر موسابايوف | مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى | گېرىبېنكو (رۇس) ئابدۇللايوف |
| سەيپىددىن ئەزىزى | مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى | خېلەم خۇدابەردىيوف |
| سالىجانباي | يەر ـ سۇ نازارىتىنىڭ نازىرى | ئۆمەر ئەپەندى |
| ئابدۇمۇتائالى خەلپەم | دىنىيە نازارىتىنىڭ نازىرى | جەپەر داموللا |
| مۇھەددىن ئەخمىدى | سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى | |
| مۇھەممەتجان مەخسۇم | سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى | |
| جانى يولداشوف | رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | سۇلايمان روزىيوف |
| ئابدۇكېرىم ئابباسوف | تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | مىھمانوف |
| قاسىمجان قەمبىرى | كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | |
| ئەخمەتجان قاسىمى | ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | سەئىد ئەخمەت |
| پالىنوف | ھەربىي باش قوماندان (كېيىنكى قوماندان ئىسھاقبەگ)، مۇئاۋىنلىرى دەلىلقان، زۇنۇن تېيىپوف | |

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن كېرىم ھاجى (خۇيزۇ)، بۆكە ئامبال (موڭغۇل)، چاڭ باخشى (شىبە)، غېنى، ماسكالىيوف (رۇس، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى) قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇ چاغدا ھەربىر مەمۇرىي ئورگاندا مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللىي ئارمىيىدىمۇ كۆپلەپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرلىرى ئىشلىگەن. نوۋگورودتىكى رۇس چېركاۋىنىڭ باش پوپىمۇ موسكۋادىن ئەۋەتىلگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ئەڭ ھوقۇقلۇق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسئۇل خادىم غۇلجا شەھەر نوۋگورودتىكى 2 - نومۇرلۇق ئۆيدە بولۇپ، بۇ ئورۇن مەخپىي ئىدى.

ئىلى ۋىلايىتى تولۇق ئازاد قىلىنىپ، ئورگان - ئاپپاراتلىرى، مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۈچنى مەركەزلەشتۇرۇپ، شىمالىي يۆنىلىش (ئالتاي - تارباغاتاي)، ئوتتۇرا يۆنىلىش (جىڭ، شىخو) ۋە جەنۇبىي يۆنىلىش بويىچە يۈرۈشكە ھازىرلىق كۆرۈپ، ھۇجۇم باشلىدى. شىمالىي يۆنىلىش قىسىملىرى ناھايىتى تېزلىكتە يەرلىك پارتىزانلار بىلەن بىللە 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنى، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىنى تولۇق ئازاد قىلدى. مىللىي ئارمىيە ئىككى يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇم باشلىغان كۈنلەردە، گومىنداڭ قوشۇنىدا ئەسكەر بولۇپ يۈرگەن مىللىيلاردىنمۇ خېلى نۇرغۇنلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاپ، قوراللىق قېچىپ چىقىپ ئىنقىلابىي قوشۇنغا قوشۇلدى. مەسىلەن، 1945 - يىلى ياز پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا مايتاغدىن سوپاخۇن بىر لىيەن قوراللىق مىللىي ئەسكەرنى باشلاپ، گومىنداڭغا قارشى كۆپ قېتىم جەڭ قىلىپ، قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىلىغا بارغان، دۆربىلجىن تەرەپتىن ھوشۇروپ ئىسلام، ئابدۇرېھىم قاتارلىق 25 كىشى قوراللىق مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتكەن، ئالتايدا ياقۇپ (بەنجاڭ) باشلىق 53 كىشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوبۇلقاسىم قاتارلىق 15 كىشى قوراللىق ئۆتكەن، ئۇ يىللاردا يالغۇز ياكى بىرنەچچە كىشى بىرلىشىپ قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىنقىلاب سېپىگە ئۆتكەنلەر خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار ئىنقىلاب سېپىگە قوشۇلغان كۈندىن باشلاپ تا ئاخىرغىچە گومىنداڭ ئەك- سىيەتچىلىرىگە قارشى ئالدىنقى سەپتە قەھرىمانلارچە جەڭ قىل- غان. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيە يۇقىرىقى ئىككى يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇم باشلاش بىلەن بىرگە، مىللىي ئارمىيە باش شتابى 4 - ئايدا كۈنەس ئارقىلىق ئۇششاقتال تەرەپكە، 8 - ئايدا توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئالغۇي دېگەن يېرىگە، 9 - ئايدا قاراشە- ھەرنىڭ چاغان ئۇسۇ تەرەپلىرىگە پارتىزانلارنى ئەۋەتىپ، تاكتىكا خاراكتېرلىك كىچىك جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. 8 - ئايدا تېكەس ئارقىلىق جەنۇبقا ماڭغان قىسىم تەڭرىتاغ داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باي ناھىيىسىنى، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنى ئازاد قىلغان. ئوتتۇرا يۆنە- لىش قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم بازىسى بولغان جىڭ ناھىيىسىنى، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىخو ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ، شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ماناس دەرياسىغىچە يېتىپ باردى. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيە- تى ئالاقزادە بولۇپ تەۋرىنىپ قالدى. مۇشۇنداق ئىلگىرىلەۋاتقان مەزگىلدە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ماناس دەرياسىدىن ئۆتمەسلىكى، جەنۇبىي يۆنىلىشتىكىلەرنىڭ چېكىنىپ قايتىپ كېلىشى ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن. ئەگەر ئۇرۇش توختىتىلمىغان، مىللىي ئار- مىيە ماناس دەرياسى بويىدىن توختىماي شەرققە قاراپ ھۇجۇم قىلغان بولسا، بىر ھەپتىدە ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيە- تىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدە- دىن، مىللىي ئارمىيە جىڭ، شىخولارنى ئازاد قىلىشتا گومىن- داڭنىڭ 10 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش بىلەن بىللە نۇرغۇن قورال - ياراغقا ئىگە بولغانىدى؛

ئىككىنچىدىن، ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ قوراللىق كۈچى ئالتە يېڭلا قالغاچقا، ئۇلار ئۈرۈمچىنى تاشلاپ قېچىشقا ئاللىبۇرۇن تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغانلىق خەۋىرى تارقالدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ماناس دەرياسى بويىدە توختاپ قېلىشى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. مىللىي ئارمىيە ئەنە شۇنداق غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتقان شارائىتتا، بىردىنلا ئۇرۇشنى توختىتىپ قويۇش ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرغان. شۇنداقلا نېمە ئۈچۈن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىندۇ؟ دېگەن مەسىلىگە قارىتا ئاممىنىڭ چۈشەنچىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن بولغان سۆھبىتى سەككىز ئاي داۋام قىلىپ، نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلار ئارقىلىق «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالاندى، 1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدە ئۈرۈمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىر يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن بېسىم ئىشلىتىشى، قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تۈپەيلىدىن ئاخىرى بىتىم بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ غۇلجىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئۆز رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىۋاسىـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تە رەھبەرلىكىدە ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇردى، بولۇپمۇ 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ باشچىلىقىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كېيىنكى غەلىبىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يولداش ليۇ شاۋچى موسكۋاغا زىيارەتكە بارغاندا، مەركىزىي كومىتېت يولداش دېڭ لىچۈننى ئالاقىچى سۈپىتىدە غۇلجىغا ئەۋەتتى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 ـ يىغىنىغا ۋەكىل تەكلىپ قىلىندى. شۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا قاراپ ئۇچقان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق بەش ۋەكىل ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن، 2 ـ قېتىم سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋەكىل بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 ـ يىغىنىغا قاتناشتى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندە ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيىسى پەتتە ۋىلايەت خەلقى بىلەن بىللە ئازادلىق ئارمىيىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

## تۆتىنچى، مائارىپ سېپىدە

بىتىم ئىمزالىنىپ ئۇرۇمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەتكەندە، مەن قوشۇمچە ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ خىزمىتى ئاساسەن ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدىلا بولاتتى. ئالتاي، تارباغاتاي

كېيىنرەك ئازاد بولغانلىقى ۋە قاتناش قولايسىزلىقىدىن ئىلى ۋىلايىتى 11 ناھىيە، بىر شەھەر (بورتالا، جىڭ، ئارىشاڭ ناھىيىلىرى بۇنىڭ ئىچىدە) بىلەن چەكلىنەتتى. كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئالتاي، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىلىرى يىلدا بىر - ئىككى قېتىم يىغىنغا قاتناشقان ياكى خىزمەت دوكلاتى يوللىغاندىن سىرت، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇراتتى. ئىلىدىكى مائارىپ نازارىتىدە ئاساسەن تۆت بۆلۈم بولۇپ، كاتىبات بۆلۈمى (بۆلۈم باشلىقى مۇھەممەت مەنسۇر)، مەكتەپلەر بۆلۈمى (بۆلۈم باشلىقى ئەنۋەر خانبابا)، مالىيە بۆلۈمى (بۆلۈم باشلىقى ئىمىن موللاھاجى)، كادىرلار بۆلۈمى (بۆلۈم باشلىقى سەيپۇللايوف) لاردىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنچە مەدەنىيەت - ئاقارتىش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، مۇھەممەت باقى بۆلۈم باشلىقى بولدى. ھەربىر بۆلۈمدە ئىككىدىن تۆتكىچىلا كادىر ئىشلەيتتى. كېيىن مائارىپ ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىمۇ شتاتتا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. مەكتەپلەر بۆلۈمى قارمىقىدا بىرنەچچە مۇپەتتىش (ئىنسپېكتور) لا بولۇپ، شەھەر، ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرەتتى.

ئۈچ ۋىلايەتتە «بىر باشلىقلىق تۈزۈمى» يولغا قويۇلغان بولۇپ، يىغىن ئاز ئېچىلاتتى. ئىدارە باشلىقى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشقا قويۇش ياكى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. مەكتەپلەردىمۇ مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەش، ئىشتىن بوشىتىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ناھىيىلەردىكى مائارىپ بۆلۈملىرىدە ئىككى - ئۈچ نەپەر كادىر ئىشلەيتتى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكى بار دېيەرلىك ئىش شۇكى، ئاددىي بولسىمۇ، مۇپەتتىشلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. ۋىلايەتتىمۇ ھەرقايسى ناھىيىلەر ئۈچۈن (ئىككى ناھىيىگە بىردىن) مەخسۇس مۇپەتتىش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار پىيادە مەكتەپلەرگىچە ئارىلاپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئورنى

ئىشلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى، مالىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلاتتى ۋە ئەھۋالنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ تۇراتتى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇچ ۋىلايەت دائىرىسى ئۇرۇش ھالىتىدە بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى زور بولسىمۇ، مائارىپ ئىشلىرى ياخشى تۇتۇلغاچقا، مائارىپنىڭ سۈپىتىدىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئىلىدا 1944 - يىلى 11 - ئايدىن كېيىن بىر مەزگىل (ئۇرۇش ھالىتى مەزگىلىدە) دەرس توختىغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى. ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ قولىغا قورال ئالدى، بەزىلىرى ئىدارە - جەمئىيەتلەردە مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ شارائىتتا بىر تەرەپتىن يېڭىدىن كۇرس ئېچىپ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش چىڭ تۇتۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي سەپكە كىرگۈزۈلگەن، بەزى ئىدارىلەرگە ئورۇنلاشقان كونا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قىسمى (شۇ ئورۇندىكى ۋەزىپىسى ئانچە مۇھىم بولمىغانلار) نى سۈرۈشتە قىلىپ، مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بىلەن غۇلجىدا مەخسۇس يېتىملار مەكتىپى (دارىلئېتام) قۇرۇلۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ پۈتۈن راسخوتىنى ھۆكۈمەت ئۈز ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1948 - يىلى ئىلى گىمنازىيىسى مەخسۇس بىلىم يۇرتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى ۋە غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي تېخنىكوم قۇرۇلدى.

ئىلىدىكى بىلىم يۇرتى ۋە تېببىي تېخنىكومدا 295 ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ئىلى شۇ چاغلاردا شىنجاڭ بويىچە مائارىپ ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايون ھېسابلىناتتى. ئەمدى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە ۋىلايەتكە قاراپ باقايلى، شۇ يىللىرى يەتتە

ۋىلايەتتە مائارىپ كۆپ ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە بەزى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ زۇلمەتلىك سىياسىتىدىن كۆپلىگەن مەكتەپلەر تاقىلىپ كەتكەن. مەسىلەن، گومىنداڭنىڭ گېنېرالى ياڭ دېلياڭ (خۇيزۇ) قۇمۇلدا تۇرغان مەزگىلدە «مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرى پەننى ئوقۇماي، موللىلارنىڭ قولىدا ئوقۇشى لازىم» دەپ تەرغىب قىلغانلىقتىن، مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن بىر قىسىم مەكتەپلەر بىر مەزگىل توختىتىپ قويۇلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا مەكتەپلەرنىڭ تاقىلىپ قېلىش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولغان، بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلىشى، جايلاردىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى تارقىتالماسلىقتەك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچارلاشقان. جەنۇبىي شىنجاڭدا شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق كىرىمىگە ئاران بىر كىلوگرام گۆش سېتىۋالغىلى بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىققان. 1949 - يىلى قۇمۇلدا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق مائاشى شۇ چاغدىكى پۇل بىرلىكىدە نەچچە مىليون يۈەن بولغان بولسىمۇ، پۇل پاخاللىقىدىن شۇ بىر ئايلىق مائاشقا ئاران بىر قاپ سەرەڭگە كەلگەن. 1943 - يىلى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن قالايمىقانچىلىق تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، پۇلنىڭ پاخاللىشىشى چېكىگە يەتكەن، بۇ ئەھۋالدا ئەلۋەتتە مەكتەپلەر ۋەيران بولىدۇ.

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدا 1942 — 1943 - ئوقۇش يىلىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 271 مىڭ بولغان بولسا، 1949 - يىلى 29 مىڭغا چۈشۈپ قالغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 6000 دىن 2000 غا چۈشۈپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئۇلىنىشى

ئۈچ ۋىلايەتتە ماتارىيەتتىن باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈنگەنىدى. شۇ چاغدا شەھەردە تۆت كىنوخانا بار ئىدى، شىبىك شىسەي دەۋرىدىن تارتىپلا كىنوخانىلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىلىرى ھەقلىق تەمىنلەيتتى. ئۈچ ۋىلايەتتە داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقى فىلىملىرى قويۇلۇپ تۇراتتى. 1944 - يىلى غۇلجىدىكى بىر كىنوخانا ئامبىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى فىلىمىدىن ئۈچى ساقلىنىپ قالغانىكەن، 1947 - يىلىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى تەلەپ قىلىپ قايتۇرۇۋېلىپ ئەكەتكەن. ئۈچ ۋىلايەتتە كىنو ئىشلىرىدىن باشقا، تىياتىر سەنئىتىمۇ يولغا قويۇلغان، ئىلىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا بىر تىياتىر ئۆمىكى بولۇپ، 1946 - يىلى بۇ تىياتىر ئۆمىكى ھۆكۈمەت شتاتىغا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە 40 شتاتلىق بولغان. بۇ ئۆمەك شىنجاڭ تارىخىدىكى ھۆكۈمەت شتاتىدا تەشكىللەنگەن تۇنجى ئۆمەك بولۇپ قالدى. بۇرۇن سەنئەتچىلەر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا كەچتە كۆلۈبقا يىغىلىپ مەشغۇلات قىلسا، كوندۇزى ئۆزىنىڭ شەخسىي تىرىكچىلىكىنى قىلاتتى، ھۆكۈمەت شتاتىغا ئۆتكەندىن كېيىن تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولدى.

ئىلى رايونىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بولۇپ، ناخشا - مۇزىكا ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغانىدى، سازەندە، خەلق سەنئەتكارلىرى خېلى كۆپ ئىدى. داڭلىق مۇزىكانت ھەم مۇقامچى روزى تەمبۇر ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىلى. 1946 - يىلى ياز ئايلىرىدا يازغۇچى زۇنۇن قادىرى بىلەن مۇزىكانت زىكرى ئەلپاتتا ئىككىسى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، روزى تەمبۇرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ھەمدە ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلارنىڭ تەكلىپى بويىچە روزى تەمبۇرنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىپ بېرىلدى. ئۇلار يەنە: «روزى تەمبۇر ياشىنىپ قالدى. غۇلجىدا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى بىلىدىغانلاردىن

مۇشۇ كىشىلا قالدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق، تولىمۇ ئەپ-
سۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ 12
مۇقامنى ئېلىپ قالساق» دېگەن تەكلىپنى بەردى. بۇمۇ ياخشى
تەكلىپ بولغاچقا مۇزاكىرىلىشىپ، سەنئەت ئۆمىكى ئىچىدە مۇ-
زىكا كۇرسى ئېچىپ، ياش مۇزىكانتلارنى تەربىيىلەشنى ئويۇش-
تۇردۇق، شۇنداقلا روزى تەمبۇرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىل-
دۇق. ئۆگىنىش ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مائارىپ ئىدارىسىدىن
قوشۇمچە ھەق بېرىلدى. مۇشۇ باشلانغان سەنئەت كۇرسى
ئاندا - مۇندا ئۈزۈلۈپ قالسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن 50 -
يىللارغىچە داۋاملاشتى، كۇرسنىڭ نەتىجىسى ئۈنۈملۈك بولدى.
ئازادلىقتىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن مەرھۇم ئابلىمزخان مامۇت،
ھۇسەنجان جامى، غىياسىدىن بارات، ئابلاجان قاتارلىق ئاتاقلىق
ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرىمىز ئەنە شۇ كۇرستا تەربىيىلەنگەن، ئىلى
مۇقاملىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇل-
غان، بولۇپمۇ 12 مۇقامنىڭ داستان قىسمى ئىلىدا ئالاھىدە
ئېيتىلغاچقا، ھازىرمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇ-
رۇش، مەشرەپلەردە ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ، شۇ كۇرستا روزى
تەمبۇر 12 مۇقامنىڭ يەتتىسىنى ئۆگىتىپ چىققانىدى.
ئۈچ ۋىلايەت ئومۇمەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئىقتىسا-
دىي قىيىنچىلىق، كادىر يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى، ۋاقىتنىڭ
قىسقىلىقى قاتارلىق ئەمەلىي سەۋەبلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇنىڭ
مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىدا مەلۇم تەرەققىيات بولغان.

## بەشىنچى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىدا

1945 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدە غۇلجىدا ئىنقىلاب-
چىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى، 1948 - يىلى 8 - ئايدا
«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى «ئىتتىپاق» تەركىبىگە قوشۇلۇپ، «ئىتتىپاق» نىڭ ياشلار بۆلۈمى بولغان. بۇ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ھەيئەت رىياسەتچىلىرى (پرېزىدىئۇملىرى) تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى: ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىس)، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا زاكىروف، ئەنۋەرخانبابا، مەمتىمىن ئىمىنوف، بۇقارا تىشقانبايېۋ (قازاق) ۋە سەيدۇللا سەيپۇللايوف (مۇئاۋىن رەئىس).

1946 - يىلى 6 - ئايدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىش ئالدىدا، بىرنەچچە يولداش ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان بولۇپ قالغاچقا، قايتا سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىگە، قوسەيىن سىيابايېۋ (قازاق) مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى ۋە ئەسئەت ئىسھاقوف (تاتار)، ياقۇپبەك داتقايوف (ئۆزبېك)، دېلىن (شىبە)، نۇرجامال ھاشىرۇۋا قاتارلىقلار ھەيئەت رىياسەتكە تولۇقلىنىپ سايلاندى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تۆۋەندە ئىككى ۋىلايەتلىك (ئالتاي، تارباغاتاي) كومىتېتى ۋە بىر ھەربىي كومىتېتى بار ئىدى. تەشكىلاتنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئىشلىرىنى مەركىزىي كومىتېت بىۋاسىتە باشقۇراتتى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى 27 ناھىيە (يۇلتۇز بىر ناھىيە) دە ناھىيىلىك كومىتېتلىرى بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 14 مىڭدىن ئاشاتتى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئابلىمىت ھاجىيوف، ئالتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىنى قالى ئاباكوف (كېيىن پاتىقان سۇگۇربايوف)، مىللىي ئارمىيە ياشلار كومىتېتى رەئىسلىكىنى توختى ئىبراھىم (كېيىن زاھىر ساۋدانوف) لار ئۈستىگە ئالغانىدى. ئاساسىي قاتلام خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن ھەرقايسى ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە

يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى تەسىس قىلىنغانىدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىنقىلابچىل ياشلارنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش ئارقىلىق ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداش ۋە ئاممىۋى تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئىشلەش ئىدى. بۇ ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە «كۈرەش» ناملىق ژۇرنالمۇ نەشر قىلىناتتى. تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىمۇ «ياشلار» گېزىتى ۋە ژۇرناللىرى نەشر قىلىنغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى گومىنداڭ بىلەن بىتىم تۈزۈشنىڭ ئالدىدا بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇ تەشكىلاتنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكى: سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمى چوقۇم ئىمزالىنىدۇ دەپ قاراپ، ئۈچ ۋىلايەت ياشلىرىنى تەشكىلاتقا ئۇيۇشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ، تىنچلىق بىتىمىنى قوغداشنى كۆزدە تۇتقانلىقى سەۋەب بولغان.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى باشچىلىقىدىكى تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا شېڭ شىسەينىڭ دەۋرىدە تەربىيىلەنگەن، سوتسىيالىزمغا مايىل ياشلار كۆپ ئىدى. شۇڭا تەشكىلاتنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئۆز نىزامنامىسىدە ئەينى چاغدا ئوچۇق دېيىشكە بولمايدىغان بەزى يېپىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەنىدى: مىسالغا ئالايلى، نىزامنامىدە مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى: «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا ياشىغۇچى ئومۇمىي ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىزچىل خەلقچىل يولدا تەربىيىلەپ، ش ت خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش ئاساسىدا كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى نىشان قىلىدۇ» (نىزامنامىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا)، «ئالدىنقى خەلقچىل سەپتە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدۇ» (نىزام-

www.uyghurkitap.com

نامىنىڭ 3 - ماددىسىدا)، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئازادلىق سۆيگۈچى خەلقىمىزنىڭ خەلقچىل ھەرىكىتىنى ئاساس قىلىپ، ئەزالىرىنىڭ بىرلىك كۈچى ۋە قەتئىي ئىرادىسىگە، دۇنياۋى خەلقچىللىق تەرەپدارلىرىنىڭ ھەمكارلىقىغا تايىنىدۇ» (نىزامنامىنىڭ 4 - ماددىسىدا) دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا «مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان، «خەلقچىللىق ئۈچۈن»، «ئىلمىي ئاساستا كۈرەش قىلىش»، «دۇنياۋى خەلقچىللىق تەرەپدارلىرى» دېگەندەك سۆزلەردە «سوتسىيالىزم»، «ماركسىزم - لېنىنىزم»، «كوممۇنىزم ھەرىكىتى» دېگەن مەنىلەر بار ئىدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسىي قاتلامدا ھەپتىلىك ئۆگىنىش قىلاتتى، ئۆگىنىش تېمىلىرى، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى كۆرسىتىلىپ بېرىلەتتى. ئارىلاپ چوڭ يىغىن ئېچىلىپ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىغا ۋەزىيەتتىن لېكسىيە سۆزلىنەتتى. ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى نەشر قىلغان «كۈرەش» ژۇرنىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە چىقىدىغان گېزىتلەردىن ئېلىناتتى.

«كۈرەش» ژۇرنىلى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركەزىي كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، سىياسىي ھەم ئەدەبىي خاراكتېرلىك ژۇرنال ئىدى. بۇ ژۇرنال ئەسلىدە ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، ئىقتىساد يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن قوش ئايلىق سان كۆپرەك چىقىرىلغان. 1946 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل ئارىلىقىدا جەمئىي 49 سان نەشر قىلىنغان. گېزىت - ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك قوشۇنىنىڭ نەشرىياتچىلىقتىكى تەجرىبىسى يوق دېيەرلىك ئىدى، مەتبەئە ئەسلىھەلىرى بولسا گومىنداڭدىن قالغان، بەكمۇ كونىراپ كەتكەن ئەسلىھەلەر

بولۇپ، مىخ ھەرپلىرى كونا، ھەرپ قۇيۇش ماتېرىياللىرىنى
تېپىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ژۇرنالنىڭ بېسىلىش سۈپىتىمۇ
ناچار ئىدى. ژۇرنالنىڭ ھەربىر سانى 40 بەت ئەتراپىدا نەشر
قىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى-
نىڭ ئۆگىنىشىگە مۇۋاپىق دەپ ھېسابلانغان ماقالە، خەۋەرلەر
ۋە مۇھىم تەشۋىقاتلار ئاساس قىلىنىپ بېسىلاتتى، بىر قىسىم
شېئىرلار، ھېكايىلەر (سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېزىلغان ھېكايىلەر-
مۇ بار)، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىرىلغان بىر قىسىم
ئۆزبېكچە، رۇسچە ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان تەرجىمىلەرمۇ بې-
سىلاتتى. مەسىلەن، رۇسچە «يېڭى دەۋر» ژۇرنىلىدىن ئېلىنغان
«جۇڭگودا سىياسىي ئەھۋال» (ژۇرنالنىڭ 4 - سانىغا بېسىل-
غان)، «جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەربىي ئۇتۇقلىرى» (1948 - يىلى
1 - سانىغا بېسىلغان)، «ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى تىنچلىق ئۈچۈن
ئىشلىتىشكە نېمە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ» قاتارلىق ماقالىلەر
ئايرىم - ئايرىم ھالدا ژۇرنىلىمىزنىڭ 1947 - يىللىق 1 -
سانىغا ۋە 1948 - يىللىق 1 - سانىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىل-
غان. «قىزىل ئۆزبېكىستان» گېزىتىنىڭ ماقالىلىرىدىن «تا-
رىخنى ساختىلاشتۇرغۇچىلار»، «ئىنفورماتسىيە بيۇروسىنىڭ يۇ-
گوسلاۋىيە كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا چى-
قارغان قارارى» قاتارلىق مـاقالىلـەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1948 -
يىللىق 7 -، 8 - سانلىرىدا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان.
تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ ئۈرۈمچى - غـۇلجا يـولى ئېچى-
لىپ، بېرىش - كېلىش باشلانغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن بەزى
خەنزۇچە ماتېرىياللارنىمۇ تېپىپ، تەرجىمە قىلىپ «كۆرەش»
ژۇرنىلىغا باسقان. مەسىلەن، «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سى خىتابنامىسى» (1947 - يىللىق 10 -، 11 - سانلاردا)،
«بۆرۈلۈش نۇقتىسى يېقىنـلاشتـى» (1947 - يىلـلـىق 6 -،
7 - سانلاردا، ئاپتورى: جاڭ مىن)، «ۋاقىت ئـەھۋالىنى

يـاخشى تـونۇپ چىقىش بىلـەن ئالغا» (1947 ـ يىلىلىق 8 ـ، 9 ـ سانلاردا، ئاپتورى: تەي رۇڭ)، «ياشلار ۋە ياشلار ھەرىكىتى» (1948 ـ يىلىلىق 1 ـ ساندا، ئاپتورى: لىۇ گۇاڭ) قاتارلىقلار.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىلا بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە ئۇنىڭ ھېچقانداق تەشكىلىي ئاپپاراتى يوق ئىدى، شۇڭلاشقا مەن گېنېرال سۇڭ شىلىيەن (ئەينى چاغدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي گارنىزونىنىڭ قوماندانى) نىڭ تۇرپان قوزغىلىڭى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى (ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ئۈچىنچى سانى) دىكى «تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىغان»، «ئۈچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى كادىر ئەۋەتكەن» دېگەن سۆزلەر توغرا ئەمەس دېگەنىدىم. شۇ چاغلاردا ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا جايلاردىمۇ يەرلىكتىكى ياشلار ئۆزلىرى قۇرغان تەشكىلاتلارنىڭ بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇرۇمچىدىمۇ «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلۇپ، بىرقانچە ئورۇندا ئۇنىڭ شۆبە تەشكىلاتلىرى بولغانلىقى مەلۇم. بەزى جايلاردا «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» دەپ ئاتالغان بولسا، بەزى جايلاردا «ياشلار تەشكىلاتى» دەپلا ئاتالغان. بۇ ياشلار تەشكىلاتلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا مەخپىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقتىن، گومىنداڭ ئۇلارنى «ئۈچ ۋىلايەتپەرەسلەر» دېگەن نام بىلەن تۇتقۇن قىلغان ۋە قانلىق باستۇرغان. بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنى يەتتە ۋىلايەتتىمۇ قۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدۇق، لېكىن بۇ تەلىپىمىز رەت قىلىنىشقا ئۇچرىدى. بىز شۇ چاغدا بۇ تەلەپنىڭ گومىنداڭ تەرەپ-

تىن رەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان مۆلچەرلىگەنىدۇق، شۇنداقتىمۇ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىدە «ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى» ھەققىدىكى مەزمۇنمۇ بولغانلىقتىن، ئىلتىماس قىلىشنى قارار قىلغانىدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسە، شۇ چاغدا يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمىلىكى، مەقسىتىنىڭ نېمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويمايلا، يەنى تەشكىلاتىمىزنىڭ نىزامنامىسى ھەققىدە سۆز قىلمايلا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىمىزنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يەرلىك مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشۇپ، خىزمەت ئىشلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغاچقا تەجرىبىسىز ئىدى. شىنجاڭدا 1935 ـ يىلدىن 1943 ـ يىللارغىچە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما بولغان، بىر قىسىم ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى بۇرۇن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا ئەزا بولغاندا كۆرگەنلىرى ئاساسىدىلا ياشلار خىزمىتىدىن ئېلىپ بارغان دېيىشكە بولىدۇ.

1946 ـ يىلى بىتىم تۈزۈلگەن كۈنلەردە ياشلار خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشىراق ئىشلىگىلى بولار، دېگەن ئويدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومسوموللىرى تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت قوللانمىلىرىنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ھاكىم جاپپاروۋېچ (ئۇيغۇر) بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومسوموللار تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت قوللانمىلىرىدىن تېپىپ بېرىشنى سورىغانىدىم. ئۇ كىشى ئالدى بىلەن: «ئۆز شارائىتىڭلارغا قاراپ ئىش قىلساڭلار بولىدۇ» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپلا، كەينىدىن مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەردى: «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن موسكۋادا بىرىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى كومسومولLAR قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، ياش ئىشچى سىكوۋورتسوف (1946 ـ يىللاردىكى قازاقىستان

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى) نى سوۋېت ئىتتىپاقى كومسومولار مەركىزىي كومىتېتىغا بىرىنچى شۇجى قىلىپ سايلىغان، ئۇنى چوڭ يىغىندا سەھنىگە سۆزگە تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇ سەھنىگە چىقىپ سۆزلەيدىغان سۆز تاپالماي، بىردىنلا «ياشىسۇن پرولېتارىيات!»، دەپ بىر شوئار توۋلاپلا سەھنىدىن چۈشۈپ كەتكەنىكەن» دەپ كېلىپ: «سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار ئۇنىڭدىن ياخشىغۇ» دېدى. ئېھتىمال ھاكىم جاپپارۋېچ بۇ سۆزنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن دېگەن بولسا كېرەك، لېكىن ھازىر شۇ مەزگىللەردە سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە تولىمۇ ساددىلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى كېيىن، يەنى بىتىم ئىمزالانغاندا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان، 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىنغاندا «ئىتتىپاق» نىڭ ياشلار بۆلۈمى قىلىپ قوشۇۋېتىلدى.

ئۈچ ۋىلايەتتە قۇرۇلغان «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» شۇ دەۋر، شۇ شارائىتتا ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ئالدىنقى سەپكە سەپەرۋەر قىلىش، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆز تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان.

## ئالتىنچى، ئىلىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلىش

شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن 3000 كىلومېتىر چېگرىنداش بولغانلىقى ۋە چېگرا رايونلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوخ-

شاش مىللەتلەر ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن تارىختىن بۇيان
ئىككى ئارىدىكى خەلقىنىڭ بېرىش - كېلىشى قويۇق بولغان،
ھەتتا 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شىنجاڭدىكى خوجىلار
توپىلىڭى مەزگىلىدە نەچچە يۈز مىڭلىغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى
ھازىرقى ئۆزبېكىستانغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى مە-
لۇم. 1871 - يىلى كېلىشىم بويىچە چارروسىيە ھۆكۈمىتى
ئىلىدىن چېكىنگەندە، 40 نەچچە مىڭ ئۇيغۇر ئىلىدىن يەتتەسۇغا
بېرىپ ئولتۇراقلاشقان (خەلق شۇ مەزگىلنى «كۆچ - كۆچ
يىللىرى» دەپ ئاتايدۇ). ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ۋە
كېيىنمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن نۇرغۇن ئەمگەكچى خەلق ياز كۈن-
لىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ، مەدىكارچىلىق قىلىپ ئاز - تولا
پۇل تېپىپ، قىشتا يۇرتىغا قايتىپ تۇرغان، بەزىلىرى ئۇدا
بىرنەچچە يىل ئىشلىگەن، ئايرىملىرى دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ قالغان.
ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى-
دىن، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىقلار
1930 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن.
1920 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغان چار پادىشاھنىڭ
ئەسكەرلىرى، ئاننىكوف، دوتوف، پاكېچ قاتارلىق ئاتامانلار باش-
لىغان بىر قىسىم قوراللىق ئەسكەر ۋە بىر قىسىم رۇس پۇقرالى-
رى بولۇپ 20 مىڭغا يېقىن كىشى ئىلى، بورتالا، چۆچەك
چېگرىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن. سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ تەلىپى بويىچە ياڭ زېڭشىن قوراللىق ھەم قوراللىق
قاچاقلاردىن بىر قىسمىنى يۇرتىغا قايتۇرغان بولسىمۇ، رۇسلار-
نىڭ بىر قىسمى يەنىلا شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.
1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا جىن شۇرېن ئەنە شۇ
رۇسلاردىن ياللىۋېلىپ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش-
تا پايدىلانغان، شۇنداقلا ئەنە شۇ رۇس ئەسكەرلىرى ھۇجۇم
قىلىپ جىن شۇرېننى جياڭجۇن يامۇلىدىن قوغلاپ چىقارغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئاز ساندا سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغان. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىرلىشىپ، بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كوچىغا ئېلان چاپلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ مۇشۇ ئۇقتۇرۇشى 1946 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى دەرۋازىسى ئالدىغا چاپلانغان ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن رۇس، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، ئۇيغۇرلار ئەينى چاغدا ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە باشقا جايلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئىدى. ئاشۇ ئۇقتۇرۇش چىققاندىن كېيىن ئاما ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلىش ئېلىپ بېرىلدى ۋە پاسپورت تارقىتىلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، شۇ چاغدىكى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تېيىپ ئاخۇن (تېيىپ شەنگەن) نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىنىڭ پاسپورت تارقىتىش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، خۇرجۇن ـ خۇرجۇندا پاسپورت ئېلىپ چىقىپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا پاسپورت تارقاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەرمۇ تارقالغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا تىزىملاپ پاسپورت تارقىتىش ئىشى مىللىي ئارمىيە ئىچىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى خادىملىرى ئالدىنقى سەپ ھېسابلانغان يەنىسخەي ئورمانلىقىدا چېدىر تىكىپ، جەڭچىلەرنى پۇقرالىققا تىزىملاپ پاسپورت تارقىتىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. پۇقرالىققا يېزىلىپ، پاسپورت ئالغانلار ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى ۋە جەڭچىلەر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەسئۇل كادىرلار،

ئوفىتسېر ـ كوماندىرلار ئىچىدىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. پۇقرالىقىغا قانداق ئادەملەر يېزىلىۋاتىدۇ؟ يەرلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟ بۇ ئىشتا ساقچى تەرەپنىڭ ئالاقىسى بارمۇ؟ بۇلار ھەققىدە ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس ئىدى. قىسقىسى، يەرلىك ئورگانلار بۇنداق مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتى (بىلىدىغانلار بار دېگەندىمۇ پىكىر قىلىش مۇمكىن ئەمەس). پۇقرالىققا يېزىلىپ، پاسپورت ئېلىۋالغان ياشلار پەخىرلىنەتتى.

1962 ـ يىلى ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەنلەر، شۇ چاغدا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېلان قىلىنغان ستاتىستىكىدا جەمئىي 120 مىڭ نەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 60 مىڭى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلىۋالغان يەرلىك كىشىلەر ئىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ، بوز يەر ئېچىپ ئولتۇراقلىشىشقا چاقىرىق قىلىنىش بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. بىر ئائىلىدە بىر كىشىدە پاسپورت بولسا، ئۇنىڭغا بەش — ئون ئادەم چېتىلىپ مېڭىش ئەھۋاللىرى ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك يۈز بەردى.

كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنچىلىك دەرىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولۇشنى خالىشىغا، شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ گېرمان فاشىزمى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى، ياشلاردىكى سوتسىيالىزمغا بولغان مايىللىق قاتارلىقلار سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىرى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى «تىنچلىق بىتىمى» دىن ئەندىشە قىلىش سەۋەب بولغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلغان كۆپلىگەن ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى، ھەتتا بىر قىسىم ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي مەسئۇل كادىرلار ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن 50 - يىللاردىن كېيىنمۇ شىنجاڭدا دۆلەت كادىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى، ھەتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى. 1955 - يىلىدىن كېيىن دۆلەت تەۋەلىكى ئايرىلىشقا باشلىغاندا، بىر قىسىم كادىرلار سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقى پاسپورتىنى قايتۇردى، بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىنى ساقلاپ قېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتتى. 1962 - يىلى ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى، كەتمەي قالغان بىر قىسمىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقى پاسپورتىنى قايتۇرۇپ، جۇڭگو پۇقرالىقىغا ئۆتتى.

## يەتتىنچى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا، غۇلجىدا مەخپىي تەشكىلات — خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى قۇرۇلدى. بۇ پارتىيىنىڭ تەشەببۇسچىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىدى، ھەيئەت ئەزالىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىسى)، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوف، مەمتىمىن ئىمىنوف، ئەنۋەر خانبابا، ئابدۇللا زاكىروف ۋە مەن — سەيدۇللا سەيپۇللايوفتىن تەركىب تاپقانىدى. كېيىنكى يىللاردا ھەيئەت رىياسىتى ئەزالىقىغا ئابدۇرېھىم ئەيسا، لى تەيىيۇ (خەنزۇ)، داشجاپ (موڭغۇل) لار قوشۇلدى.

بۇ پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپە بىتىم ئىمزالىنىپ

ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىدارە قىلىۋاتقان يەتتە
ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ
بېرىش ئىدى. بىتىم ئىمزالىنىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاند-
ىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەنۋەر
خانبابالار خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. ئۇلار
ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، تۇرپان، قەشقەر، خوتەنلەردە بۇ
پارتىيىنىڭ تارماق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، بىتىمنى قوغداش
يۈزىسىدىن بەزى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ پارتىيە
1947 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار خەنزۇ ياشلىرى
تەشكىللىگەن «كۈرەش» تەشكىلاتى (مەخپىي تەشكىلات) بىلەن
بىرلىشىپ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە بولغان.

1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى
نەنجىڭدا مىللىي قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئى-
چىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىق ئۈچ
ۋىلايەت ۋەكىللىرى بولغانلىقتىن، ئابدۇكېرىم ئاباسوف قۇرۇل-
تايدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى
دۇڭ بىۋۇ بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيە-
سىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش بىلەن بىللە جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغان،
دۇڭ بىۋۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە
ئابدۇكېرىم ئاباسوفقا مەسلىھەت بەرگەن ھەمدە كېيىنكى ئالاقى-
نى كۆچەيتىش ئۈچۈن رادىست پېڭ گوئەن (ۋاڭ ××) نى
ئابدۇكېرىم ئاباسوفقا قوشۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. پېڭ گوئەن-
نىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشى قىيىن بولغاچقا، 1947 ـ يىلىنىڭ
بېشىدا غۇلجىغا بېرىپ ئىشقا كىرىشكەن. پېڭ گوئەن تېخنىكا
جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەركەز بىلەن ئالاقە ئورنىتالمى-
غان بولسىمۇ، لېكىن شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ كۈندىلىك خەۋەر-

لىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلى گېزىتىنى تەمىنلەپ تۇرغان. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە ئۆز پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ھەققىدە سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» نىڭ 2 ـ قىسمىدا توختىلىپ ئۆتكەن، مەن شۇ چاغدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار ئۈستىدە بىلىدىغانلىرىمنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتمەكچى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنى ماقۇللاش يىغىنى 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يەنى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا ئېلىپ بېرىلغان. ھەيئەت ئەزالىرى يىغىن ئېچىش ئۈچۈن «باغ سەيلىسى قىلىش» نامى بىلەن جېلىلىيۇزىدىكى نادەم ھاجىنىڭ بېغىغا چىقتۇق، بۇ باغدىكى يىغىندا نىزامنامە ماددىمۇ ماددا ئوقۇلۇپ، مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. نىزامنامىنى تەستىقلاشتا ھېچقانداق تالاش ـ تارتىش بولمىدى، شۇنداقتىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق ئىش بار:

1. نىزامنامىدە شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدە «پۈتۈن شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئومۇمىي خەلقنىڭ تەلىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان، بۇ ماددا ئوقۇپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف: «شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى يازمىدۇق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، دېمۇ يازمىدۇق، بۇ مەسىلە خەلق تەلىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ يېزىلدى» دەپ ئىزاھلاپ ئۆتتى. بۇنىڭغا قارىتا ھېچكىممۇ باشقىچە پىكىردە بولمىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىمۇ شىنجاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، دەيدىغان قاراشتا دەپ بىلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان-

لىقىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇچ ۋىلايەتتىكى مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ ئە-
مەلدىن قالدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، مۇنداق چۈشەنچە بىر
قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر
ئۈچۈن چۈشىنىشلىك ئىدى.

2. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
قاتنىشىشى لازىممۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىدە، كۆپچىلىك ئەخمەت-
جان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە كىرمىگىنى
ياخشى، ئەمما پارتىيىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار
بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. بۇ مەسىلىدە ئابدۇكېرىم
ئابباسوف ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنى ئۈستىگە
ئالدى.

3. ئەينى شارائىتتىكى بۇ پارتىيىمىز مەخپىي پارتىيە بول-
سىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇل-
خانىسىنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش زۆرۈر ئىدى،
شۇڭا كونسۇلخانا بىلەن كۆرۈشۈشنى ئابدۇكېرىم ئاببasov ئۈس-
تىگە ئالدى.

«پارتىيە نىزامنامىسى»نى ماقۇللاش يىغىنىدىن كېيىن،
مەلۇم بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئاببasov ماڭا: «مەن كونسۇلخانىغا
بېرىپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى
كونسۇلغا مەلۇم قىلىشتىن بۇرۇنلا ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەر
تېپىپ بوپتىكەن، ماڭا بەك قوپال مۇئامىلە قىلدى، بۇ ئىشنى
ئۇلارغا كىم يەتكۈزگەندۇ؟» دېدى. مەن بىلمەيدىغانلىقىمنى
ئېيتتىم ھەم ئۆزۈممۇ كىمدىن گۇمان قىلىشنى ئۇقماي قالدىم.
ئارىدىن بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم
ئاببasov بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنە سۆز ئېچىپ: «خەلق ئىنقىلا-
بىي پارتىيىسى ھەققىدىكى ئىشنى ئا ×× ئىنىسى ئارقىلىق
چېگرىدىن (ئۇنىڭ ئىنىسى چېگرىغا مال ئۆتكۈزۈپ سودا قىلات-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تى) رازۋېدكا ئورۇنلىرىغا خەۋەر بەرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن موسكۋا بۇ ئىشنى غۇلجىدىكى كونسۇلخانىدىن سۈرۈشتۈرگەندە، كونسۇلخانا بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا: «ئۇنداق ئىش يوق، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكتىن، موسكۋا كونسۇلخانىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان، شۇڭا ئۇلار ماڭا ئاچچىقلىنىپ، قوپاللىق قىلغان بولسا كېرەك» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق باشقا گەپ - سۆز بولمىدى.

1947 ـ يىلى بىرتىم بۇزۇلۇپ، ئۈرۈمچىدىن بىر تۈركۈم زىيالىي ياشلار غۇلجىغا كەلدى، بۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ۋاراليېف «خ ئى پ»گە ئەزا بولغان ××× دىن «سەن ‹خ ئى پ›گە ئەزا بولدۇڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھەئە، ئەزا بولدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەندە، مۇئاۋىن كونسۇل: «ئۇ ئەكسىيەتچىل تەشكىلات» دېگەن. بۇ گەپنى ئەينى ۋاقىتتا ئاڭلاپ غەلىتە گەپقۇ، دەپ ھەيران قالغانىدىم. بۇ گەپتىن «خ ئى پ» نىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭمۇ ھەيران قېلىشى تەبىئىي ئىدى.

1958 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، چوڭ يىغىندا ××× غۇلجىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلنىڭ «‹خ ئى پ› ئەكسىيەتچىل تەشكىلات» دېگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(1) ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى «خ ئى پ» نى ئەكسىيەتچىل تەشكىلات دەپ تونۇسا، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە «خ ئى پ» نىڭ بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. (2) ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت كۈنلەردە، «خ ئى پ» ئۈرۈمچىدە بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا، سەيپىدىن ئەزىزى ماڭا ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىند-

جاڭدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈ-
چۈن موسكۋادىن كەلگەن ××× بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببasوف
ئىككىسى كۆرۈشكەن چاغدا، «خ ئى پ» ھەققىدە سۆز بولغاندا،
ئۇ ئادەمنىڭ «خ ئى پ» توغرۇلۇق باشقا ھېچقانداق غەيرىي
پىكىر قىلمىغانلىقىنى، «خ ئى پ» نىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش-
نى ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.
(3) 1948 ـ يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى
ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىنىش ئالدىدا، غۇلجىغا
موسكۋادىن ۋاسىلىيېف ئىسىملىك بىرى كەلگەنىدى، ئۇ ئادەم:
«‹خ ئى پ› ئىككى ۋەكىل كۆرسەتسە، سۆزلەشسەك» دېگەن
تەكلىپنى قويدى. «خ ئى پ» نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ئابدۇكېرىم
ئاببasوف بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنى سۆھبەت ۋەكىللىككە كۆر-
سەتتى. سۆھبەتتە موسكۋا ۋەكىلى «خ ئى پ»نى قۇرۇلماقچى
بولغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىت-
تىپاقى» بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىش تەكلىپىنى بەردى، «خ ئى
پ»مۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ پائالىيىتىنى توختاتتى. «خ ئى
پ» ئەكسىيەتچىل تەشكىلات بولغان بولسا، موسكۋا ۋەكىلى
ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قىلمىغان بولاتتى.
يۇقىرىدىكى مەسىلە توغرىسىدا يەنە شۇنى ئەسكەرتىشكە توغ-
را كېلىدۇكى، بىرى، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى
1946 ـ يىلى «خ ئى پ» يېڭى قۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا قارىتا
گۇمانلىق قاراشتا بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى يىللاردا «خ ئى
پ» نىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنى بىلمەي قالارمۇ؟ ئالايلى، ئابدۇكې-
رىم ئاببasوف ئۈرۈمچىدىكى مەزگىلدە، ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ
ياشلارنىڭ ئىلغار تەشكىلاتى بىلەن «خ ئى پ»نى بىرلەشتۈردى،
شۇنداقلا تۇرپان، قەشقەرلەردىمۇ «خ ئى پ» نىڭ تارماقلىرى
قۇرۇلدى. يەنە بىرى، ئابدۇكېرىم ئاببasوف 1946 ـ يىلى
نەنجىڭگە گومىنداڭنىڭ مىللىي قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن

بارغاندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەنجۈمەندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، رادىست پېڭ گوئەنى بىللە ئەكەلدى. بۇ ئەھۋاللارنى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

پېڭ گوئەن 1947 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرى غۇلجىغا ئورۇنلىشىپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، «ئىلى گېزىتى»نى خەۋەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئىشتىنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ خەۋىرى يوقمۇ؟ تىنچلىق بەيتىمى بۇزۇلغاندىن كېيىن، غۇلجىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەكلىپى بىلەن ساي بويىدىكى نىساخان ئاچىنىڭ قورۇسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بىر ئېغىزنى «خ ئى پ» نىڭ ئىشخانىسى قىلدۇق، يەنە بىر ئېغىز ئۆي پېڭ گوئەننىڭ ياتىقى قىلىندى. بۇ چاغدا بەزىلەر كېلىپ مەندىن (مەنمۇ شۇ هويلىدا ئولتۇرغانىدىم) «ئۇ نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ نەدىن كەلدى؟» دەپ پېڭ گوئەننى سۈرۈشتە قىلغانىدى. خەلق ئاممىسى شۇنچىلىك بىلگەن ئىشلارنى كىچىككىنە غۇلجا شەھىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ بىلمەي قېلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇئاۋىن كونسۇل 1948 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا يەنە نېمە ئۈچۈن «خ ئى پ» گە نىسبەتەن ناتوغرا پوزىتسىيىدە بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بىر قاتار ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كونسۇلخانا ئۆزىنىڭ 1946 ـ يىلىدىكى خاتا مۆلچەرىدىن قايتقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىدىن بىسوراق قۇرۇلۇپ قالغان تەشكىلاتقا بولغان ئاچچىقى قايتمىغان بولۇشى مۇمكىن.

1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، «ئىتتىپاق»نىڭ مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىگە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ كىرمەي قېلىش مەسىلىسىدە شۇ چاغدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يولداشلار ئىچىدە بەزى گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ تۇردى.

بۇ «ئىتتىپاق» شۇ چاغدىكى بىرلىك شەپ خاراكتېرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋە ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر قاتناشقان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئىتتىپاق» مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان، ئابدۇكېرىم ئابباسوف «ئىتتىپاق» تەشكىلىي ھەيئەت ئىدىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن. بۇ مەسىلە ئەينى چاغدا بىر قىسىم كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى «خ ئى پ»نىڭ تىنچلىق بىتىمىگە قارشى ئەمەسلىكىنى، «مۇستەقىللىقچى، رادىكاللار تەشكىلاتى» ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئاچچىقىدىن يانماي، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى «ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى» دەپ قاراپ، «تىزگىنىنى تارتىپ» قويماقچى بولغان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف «ئىتتىپاق»نىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزاسى بولمىغان بولسىمۇ، «ئىتتىپاق»نىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1948 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى باش مەسلىھەتچىسىگە بىر پارچە خەت يازغان. بۇ خەتنى ئۇنىڭ ئىنىسى خەمىت ئابباسوف ساقلىغانىكەن (خەمىت يېقىنقى يىللاردا ۋاپات بولغان). 1990 ـ يىللىرى بۇ خەتنى خەمىت ئابباسوف ئۇرۇمچىدىكى ئىنىسى ئابدۇسالام ئابباسوفقا بەرگەن، ئابدۇسالام خەتنى سەيپىدىن ئەزىزىگە ئەۋەتىپ بەرگەن (بۇ خەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدىن ئۇرۇمچىدە بارلىقىنى ئاڭلىدىم). ئاڭلىشىمچە، ئابدۇكېرىم ئابباسوف خېتىدە ئۆزىنىڭ «ئىتتىپاق» تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىقتىن قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى يېزىلغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر «ئۈچ ۋىلايەتتە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى بولغان-

مۇ؟» دېگەن گۇماندا بولغان. ئەمەلىيەتتە رەھبەرلىك ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش بولغان ئەمەس. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكى مۇقىم بولۇپ، بىرەر كىشىنىڭ ئۇنىڭ ھوقۇقىغا خىرىس قىلغىنى يوق، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئېلىخان تۆرە رەھبەرلىك قىلغان مەزگىلدىمۇ ئۇ «ھوقۇق تالىشىش» سەۋەبىدىن ئاغدۇرۇلمىغان، بەلكى ئۇنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى تۈپتىن ئالغاندا، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى زىددىيەتتىن بولغان دېگەن مۇۋاپىق.

ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىكى ئىچىدە بەزىبىر ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتتىمىزدە گەپ تاپمىسا، غەيۋەت قىلمىسا يېگەن ئاش ـ نېنى تېنىگە سىڭمەيدىغان ئادەملەر بار. بەزى غەيۋەتلەر ياكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. 1948 ـ يىلى بىر قېتىم غۇلجىدا غېنى مەست ھالدا گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ ئالدىنى توسۇپ قالايمىقان سۆزلىگەن ئەھۋال بولغان. بۇنى ھوقۇق تالىشىش دېگىلى بولمايدۇ، بۇ نادانلىق، مەنمەنلىك، مەستلىكنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بىر كۆرۈنۈشتىنلا ئىبارەت.

## سەككىزىنچى، ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپتە ئوتتۇرىغا چىققان ھەم بىر مەزگىل (1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە) رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن تارىخىي شەخس ئېلىخان تۆرە زادى كىم؟ قانداق قىلىپ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ قالغان؟ بۇ ھەقتە بىلگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

ئېلىخان تۆرە شاكىرخان تۆرە ئوغلى 1885 ـ يىلى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ توقماق (بالاساغۇن) شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەرەبىستان ۋە بۇخارالاردا ئوقۇپ، ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللىرىنى ھەم تېبابەت ئىلمىنى ئىگىلىگەن. 1929 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ تېۋىپلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېلىخان تۆرە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە تۆت يىل ياتقاندىن كېيىن، 1941 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن.

تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە غۇلجىغا بېرىپ يەنە تېۋىپلىق قىلغان. ئۇ غۇلجىدا خېلى ئۇستا تېۋىپ سانىلىپ، خەلق ئىچىدە مەلۇم ئابرۇيغا ئىگە بولغان. ئېلىخان تۆرە تېۋىپلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يۇقىرى سەۋىيىلىك دىنىي ئۆلىما ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىققاندىن كېيىن، تېۋىپلىق قىلغاندىن باشقا، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمى ھەم ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان خەلق ئېلىخان تۆرىنىڭ ۋەز ـ تەبلىغلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىغان. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش باشلانغاندا «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ رەئىسى بولغان. خەلق قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئېلىخان تۆرە ئۇنىڭ رەئىسى بولغان. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئېلىخان تۆرىگە «مارشال» ئۇنۋانىنى بەرگەن. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەكېتىلگەن، 1976 ـ يىلى 91 يېشىدا تاشكەنتتە

ۋاپات بولغان.

ئېلىخان تۆرە سۆزگە ماھىر، ناتىقلىق قابىلىيىتى بولغانلىقتىن، ئىنقىلاب باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى غەزەپتىن تاشالماي تۇرغان خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرگەن. ئېلىخان تۆرە ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆتكەن ۋەزىپىلىرىنى ۋە خىزمىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيى ۋە ھۆكۈمەتتىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كەتمىگەن. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشى بىلەنلا ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كەتتى دەپ چۈشىنەتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قوللىشى بىلەن بولغانلىقى، يۇقىرىدىكى «سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كەتمىگەن» دېگەن قارىشىمغا زىت كېلىدۇ. ئەينى چاغدا ئېلىخان تۆرە ھەققىدە مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم مۇنداق:

1945 - يىلى 3 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا (ئالمۇتىدا) داۋالىنىپ ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا ئىشلەپ قايتقان بىر دىپلوماتىيە خادىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ كىشى ئىلىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ، مەندىن: «ئېلىخان تۆرىنى تونۇمسىز؟» دەپ سورىدى. مەن: «غۇلجىدىكى ‹تۆرەم مەھەللىسى› دېگەن مەھەللىنى بىلىمەن، لېكىن ئۇنداق ئىسمى بار ئادەمنى تونۇمايمەن» دېدىم. شۇ چاغدا ئۇ كىشى: «ئۇ دېگەن بىر شەيتان… ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسى» دېدى. مەن بۇ گەپكە ھەيران قالدىم.

شۇ چاغدا مەندە «ئېلىخان تۆرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشەنمەيدىكەن» دېگەن قاراش پەيدا بولدى، شۇنداقلا، ئەگەر ئۇ جاسۇس بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە رەئىس بولىدۇ؟ دېگەن سوئالمۇ پەيدا بولماي قالمىدى. بۇ مەسىلىدە ئۆزۈممۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ مەسىلىگە مۇنداق قارىغانىدىم: سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسلىدە ئېلىخان تۆرىگە ئىشەنگەن، بىراق ئېلىخان تۆرە رەئىس بولغاندىن كېيىن يەنىلا ئۇ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر شەخس بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ۋاقىتلىق پايدىلانماقچى بولغان. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندا، ئېلىخان تۆرە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، كېلىشىم ئىمزالىنىش ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەخپىي ئەكېتىلگەن.

1945 ـ يىلى باھار ئايلىرىدا ئېلىخان تۆرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئابرۇيغا ئىگە شەخسكە ئايلانغانلىقىنى كۆردۈم. مائارىپ نازارىتىگە خىزمەتكە كىرىپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئېلىخان تۆرىنىڭ قېشىغا بىللە بارىدىغان بولدۇق. بىز ئېلىخان تۆرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىناسى (سابىق ۋالىي مەھكىمىسى) غا باردۇق. بۇ بىنا چوڭ بىر قورۇغا جايلاشقان بولۇپ، خېلى بالدۇر سېلىنغان رۇس پاسونىدىكى بىر قانچە كورپۇسلۇق، بىر قەۋەتلىك، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، قاڭالتىردا يېپىلغان ئىمارەتلەر ئىدى. ئېلىخان تۆرە شۇ كورپۇسلارنىڭ بىرىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى ئىشخانا قىلغانىكەن. بۇ ئۆينىڭ بېزىلىشى ئىشخانىغا ئوخشاشمايتتى، تاختاي ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئېلىخان تۆرە گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، ئالدىغا يۇمىلاق شىرە قويۇۋاپتۇ. شىرەنىڭ ئۈستىگە

قويۇلغان قەغەز، قەلەم، سىياھلار شۇ شىرەنىڭ ئۈنىڭ ئىش ئۈستىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئېلىخان تۆرىنىڭ بۇ ئىشخانىسى ماڭا خۇددى قازىخانىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

بىز ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن قائىدە بويىچە سالام بەردۇق. سەيپىدىن ئەزىزى ئېلىخان تۆرىگە مېنى قىسقىچىلا تونۇشتۇردى. ئېلىخان تۆرە «شۇنداقمۇ؟» دېگىنىچە ماڭا كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ قويدى، ئاندىن «ياخشى، ياخشى ئىشلەيلى» دەپ بىرنەچچە ئېغىزلا گەپ قىلغاندىن كېيىن، بىز قايتىپ چىقتۇق. ئېلىخان تۆرىنىڭ ماڭا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇشى مېنى ئەجەبلەندۈردى. ئەينى ۋاقىتتا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەسەممۇ، تۆرەم مەھەللىسى غۇلجىدىكى «تائالىيە» مەكتىپى ئەتراپىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، 1941 - يىلى مېنىڭ ئۇ مەكتەپكە بىر مەزگىل مۇدىر بولغانلىقىمنى ۋە 1943 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىمنى ئېلىخان تۆرە بىلمەي قالمايدۇ، شۇڭا ماڭا سىرلىق قارىغان بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدىم.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئېلىخان تۆرىنىڭ شۇنچە يۇقىرى مەرتىۋە - ئابرۇيغا ئىگە بولالىشى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىمى ۋە ناتىقلىقىغا تايىنىپ، جامائەت سورۇنلىرى ۋە مەسچىتلەردە ئىنقىلابىي تەشۋىقاتنى دىن بىلەن باغلاپ، قۇرئاندىن ئايەت - ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ ئاممىنى جەلپ قىلغانلىقىدىن بولغان. ئېلىخان تۆرىنىڭ بۇ خىل تەشۋىقاتلىرى شۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلارنى قوزغىتىش، ئۇلارنى ئىنقىلابقا سەپەرۋەر قىلىشتا مەلۇم رول ئوينىماي قالمىغان. بولۇپمۇ غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى ھەرەمباغ، ئايرودروم ئۇرۇشلىرىدا ئۇ: «ھۇببۇل ۋەتەن، مىنەل ئىمان (ۋەتەننى سۆيۈش — ئىماننىڭ جۇملىسى)»، «بىر جەڭچىنىڭ بىر كېچە پوستتا تۇرۇشى 100 يىل قىلغان ئىبادەتكە تەڭ»، «جەڭگە قاتنىشالمىساڭمۇ، ئىككى سائەت پوستتا تۇرساڭ، خۇدا ساڭا جەننەتنىڭ

ئىشكىنى ئېچىۋېتىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولمىسا، خۇدا قازى،
پەيغەمبەر شاپائەتچى بولۇپ تەختكە چىققاندا، سېنىڭ تۆمۈر تىر-
نىقىڭ مېنىڭ ياقامدا بولسۇن!» دېگەن سۆزلەرنى قىلغان. ئېلى-
خان تۆرە جەڭچىلەرگە، خەلق ئاممىسىغا سۆز قىلغاندا، كىچىك
قۇرئاننى قولىغا ئېلىۋېلىپ، كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ دې-
گەنلىرىم ئاللانىڭ سۆزى، سىلەر بۇنى ئەقىل قۇلىقىڭلار بىلەن
ئاڭلاڭلار» دەپ تەكىتلەيدىكەن.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپ-
رەكىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر تەشكىل
قىلاتتى. شۇڭلاشقا شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ياڭ زېڭ-
شىن، جىن شۇرېنلارمۇ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا دىندىن پايدى-
لانغان. شېڭ شىسەي خەلقنى قاتتىق باشقۇرغان بولسىمۇ، دىنىي
مەسىلىدە يەنىلا يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان. مەسىلەن،
ئۆشرە - زاكات، ۋەخپە يەر، ئۆي - مۈلۈك قاتارلىقلاردىن
يىغىلىدىغان كىرىمنىڭ بىر قىسمىنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلەت-
كەن بولسىمۇ، بىر قىسمىنى دىنىي ئىشلار راسخوتىغا قالدۇر-
غان. مەكتەپلەردىمۇ ھەپتىدە بىرنەچچە سائەت دىنىي دەرس ئۆ-
تۈشكە يول قويغان. مەلۇم دائىرە ئىچىدە دىنىي مەھكىمە، قازى-
خانىلارمۇ ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. 1944 - يىلى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە مايىل-
لىقىدىن ئالغاندا، دىنىي شوئارلاردىن پايدىلىنىشنى چەتكە قې-
قىشقا بولمايتتى، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق بىر دىنىي تەقۋا-
دارنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا دىنىي تەشۋىق قىلىشقا تىرىشىشى
تەبىئىي. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىمۇ ئايرىم دىنىي تەقۋادارلار
دىنىي تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشكە، دىنىي ئىمتىيازلارنى قولغا كەل-
تۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان. مەسىلەن، ئىنقىلاب يېڭى باش-
لانغان ۋاقىتتا، يەنى 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1945 -
يىلىنىڭ باشلىرىدا «ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى ناماز ئوقۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇن» ، «ئايالىلار يۈزىنى يېپىپ يۈرسۇن» دېگەندەك گەپلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولمىدى، چۈنكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ يۈزىنى چۈمبەل بىلەن يېپىۋېلىشى 1944 - يىلىدىن ئىلگە-رىمۇ ئىلىدا يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تەلەپ ئايرىم شەخسلەرنىڭ پىكرى ئىدى. بەزى ئايرىم دىنىي مۇتەئەسسىپلەردە بۇ خىل ئىدىيە بولسىمۇ، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقالمايتتى. 1947 - يىلى كۈزدە ئابلىمىت داموللا تۇرپانى (غۇلجىغا يېڭى بارغان) ئىسىملىك بىر موللا بىر كۈنى كوچىغا چىقىپ، قولىغا دەررە ئېلىپ، يۈزى ئوچۇق بىر ئايالنى ئۇرماقچى بولۇپ قوغلە-غاندا، كىشىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان، دىنىي نازا-رەت بۇ موللىنى ئەيىبلەپ، بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى قاتتىق چەكلە-گەن. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئېلىخان تۆرە جەڭچىلەرگە سۆز قىلغاندا: «ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ غازى» دېگەننى تەشۋىق قىلغان، ئەمما بۇ سۆز تېزلا يوقالغان. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان رۇسلار جەڭ مەيدانىدا ئۇيغۇر جەڭچىلىرىگە: «جەڭدە سەن ئالدى-دا مېڭىشىڭ كېرەك، چۈنكى ساڭا ئۆلسەڭمۇ پايدا بار، تىرىك قالساڭمۇ پايدا بار. سەن ئۆلسەڭ غازى بولىسەن، بىز ئۆلسەك ئۆردەكمۇ بولالمايمىز» دېگەنىكەن. ئۇن نەچچە ئەسىر بۇرۇن چىققان «غازات» شوئارىنى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىلى شارائىتىدا قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولسۇن. ئەينى چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭمۇ ئۇنداق شوئارلارغا يول قويماسلىقى تەبىئىي.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قارىلاپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرىنى ھەدەپ «قى-زىل پاچاقلار» ، «دىننى يوقىتىدىغانلار» دەپ تىللاش بىلەن ئالتايدا ئوسمان ئىسلامنى، ساۋەندە قالىبەكنى قۇترىتىپ، ئۈچ

ۋىلايەتكە قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگۈزۈپ، خەلقنى بىر-مۇنچە خانىۋەيران قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەينى چاغدا تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنى يېڭىپ غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەزى دىنىي تەشۋىقاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇ دەۋردە ئېلىخان تۆرە ئۈستىدە بەزى گەپ - سۆزلەرمۇ تارقالغان. مەسىلەن:

(1) بەزىلەر: «ئېلىخان تۆرە گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب قىلىش ھەققىدە قىزغىن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە، ئۇ: ‹بىز ئىنقىلاب قىلغان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بەربىر بىزگە ھوقۇق بەرمەيدۇ›، دەپ ئارىشاڭ ناھىيىسىگە بېرىۋالغان، غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى ئارىشاڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ: ‹ئازاد بولغاندا ھاكىمىيەتنى ئۆزۈڭلار تۇتىسىلەر›، دېگەندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، خىزمە-تىنى داۋاملاشتۇرغان» دېيىشىدۇ. ھەتتا بەزى گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، غۇلجا ئازاد بولغاندىن كېيىن، «ئازادلىق تەشكىلاتى» ئەزالىرىنىڭ ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرىشى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئارىشاڭدا ئېلىخان تۆرىگە بەرگەن كاپالىتى ئىكەنىمىش. بۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بىر خىل سۆزمۇ تارقالغان. بەزىلەر ئېلىخان تۆرە تەشۋىقاتنى جىددىي ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈن-لەردە، گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنتىش (ئاختۇرۇش - تۇتۇش) ئىشلىرى كۈچەيگەنلىكتىن، ئېلىخان تۆرە چۆچۈپ كېتىپ جىم-جىتلا ئارىشاڭ ناھىيىسىگە قېچىپ بېرىۋالغان، غۇلجىدىكى سو-ۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى ئادەم ئەۋەتىپ، بىرمۇنچە خىزمەت-لەرنى ئىشلىگەندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ خىزمە-تىنى داۋاملاشتۇرغان، دېيىشىدۇ.

(2) ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا يۈرگۈزگەن سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشقا نارازىلىق بىلدۈرگەن، دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ تارقالغان. 1946 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى

ئالىي سوۋېتىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىنىنىش بىلەن، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قېچىپ كەلگەنلەردىن باشقا، يەرلىك پۇقرالاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقى پاسپورتى ئالغان. ئەتىياز پەسلىدە ئىلى دەرياسىدا ئاسسىرتتىن بېلىقى پەيدا بولغان، بېلىقچىلار ئىلى دەرياسىدىن ھەربىرى ئون نەچچە كىلوگرام كېلىدىغان بېلىقلارنى تۇتۇپ، بازاردا سېتىشقا باشلىغان. نەتىجىدە بازاردا بېلىق ئەرزان بولۇپ كەتكەن، بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى: «بۇ بېلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا (بالقاش كۆلىدە) بېقىلغان بېلىقلار ئىدى، بۇ يىل ئەتىيازدا ئىلى دەرياسىغا قويۇلغان سىم توسۇق ئۈزۈلۈپ كەتكەچكە، بۇ بېلىقلار يۇقىرى ئۆرلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قالغان بېلىقلار» دەپتۇ. ئېلىخان تۆرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «قېچىپ ئۆتۈۋالغان بۇ بېلىقلارنىمۇ پۇقرالىققا ئۆتكۈزۈۋالسىڭىز بولغۇدەك» دەپ چاقچاق قىلىپ، نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن، دېيىشىدۇ.

(3) سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن چېگرىنىڭ بىرقانچە جايلىرىدا غەيرىي رەسمىي سودا پونكىتلىرى تەسىس قىلغان، بۇ پونكىتلارغا ئېلىپ بېرىلغان مال - چارۋىلارغا تاۋار ئالماشتۇرۇپ بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن چېگرىدىكى ئەتكەسچىلىك سودىسى (كانتراباند) باشلانغان، ھەتتا بەزى ئات - كالا ئوغرىلىرى ئوغرىلىغان ماللارنى چېگرىغا ئېلىپ بېرىپ تاۋارغا ئالماشتۇرۇپ، ئوغرىلىق ئىزلىرىنى يوقاتقان. بۇ خىل ئەھۋال موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ سومبە دېگەن چېگرا سودا پونكىتىدا سېزىلگەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، بۇنداق بولمىغۇر ئىشنىڭ

تەكرارلانماسلىقىنى تەلەپ قىلغان...

(4) 1945 - يىلىنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، ئېلىخان
تۆرە گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ما بۇفاڭغا خەت يېزىپ ئۇنىڭدىن ياردەم
تەلەپ قىلىپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ تارقالغان (بۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ
ئىشى بولماستىن، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن
مەقسەتلىك يېزىلغان خەت). ئەينى ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈ-
مىتى ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق قىسمىدىن 75 - جۈن (كورپۇس)
نى شىنجاڭغا ئەكېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە قارشى تۇرۇشتا
ئۇلاردىن پايدىلانماقچى بولغان. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپ ما بۇفاڭنىڭ تەقۋادار مۇسۇلمانلىقىدىن پايدىلى-
نىپ، ما بۇفاڭغا سالام خەت يېزىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەر
ئەۋەتمەسلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان.

(5) ئېلىخان تۆرە تىنچلىق بىتىمىگە رازىمۇ؟ 1946 -
يىلى ياز پەسلى كىرىشى بىلەن (5 -، 6 - ئايلاردا) ئۈچ ۋىلايەت
ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بى-
تىم ماددىلىرى ئۈستىدە ئاساسەن كېلىشىپ بولغانىدى. ئاڭلى-
شىمىزچە، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا، ئېلىخان تۆرە
ئۆز يېقىنلىرىدىن بىرنەچچىسىگە ئۆزىنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە
قارشى ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىللىق ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش
قىلىش لازىملىقىنى سۆزلەپ، ھوشيار بولۇشنى ئېيتقانىمىش.
ئېلىخان تۆرىنىڭ بۇ نارازىلىق سۆزلىرىنى مەلۇم بىر ئاخباراتچى
باش ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغان. ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەر-
دار كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئېلىخان تۆرىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى
ھەققىدىكى مەلۇمات باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈم
باشلىقى قاسىم قىسمەتنىڭ خىزمەت ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدا
ساقلانغان، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسلىھەتچىسى ئېلى ئەپەندى قاسىم قىس-
مەتنىڭ ئىشخانىسىنى مەخپىي تەكشۈرۈشكە ئالاھىدە ئادەم ئەۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىپ (ئىشخانا ۋە تارتىمىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلى ئەپەندى ئۆزى بەرگەن)، مەلۇماتنىڭ كوپىيىسىنى ئېلىۋالغان. ئېلىخان تۆرە ھەققىدىكى بۇ ئاخباراتنىڭ كېلىش مەنبەسى قانداق؟ ئاخباراتنى مەخپىي تەكشۈرۈش، كۆچۈرۈۋېلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ بۇ سىرنى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسلىھەتچى ئېلى ئەپەندىلا بىلىشى مۇمكىن. ئېلىخان تۆرىنىڭ تىنچلىق بىتىمگە قارشى چىقىشى تامامەن مۇمكىن، چۈنكى ئۇ، 1944 - يىلىدىن تارتىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. شۇنداقلا ئۇ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتا گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يار-دىمىنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن كوممۇنىزمغا قارشى شەخس ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

ئېلىخان تۆرە ھەققىدە ئاڭلىغان يۇقىرىدىكى بەزى گەپلەرگە ئاساسەن، مەندە «ئېلىخان تۆرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشەنمەيدۇ» دېگەن كۆز قاراش شەكىللەنگەن. مېنىڭ بۇ قارىشىمنى تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە يەنىمۇ كۈچەيتتى. بىرى، سېيىت ھۆججەتنىڭ كىملىكى مەسىلىسى، يەنە بىرى، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇش مەسىلىسى.

## 1. سېيىت ھۆججەت كىم؟

1946 - يىل باھاردا، ئېلىخان تۆرىنىڭ يېنىدا سېيىت ھۆججەت ئىسىملىك بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا تۇراتتى. ئۇ ئېلىخان تۆرە بىلەن ئەركىن كۆرۈشۈش شارائىتىغا ئىگە ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە، شۇ كۈنلەردە موڭغۇلكۈرەدىكى كۆۋرۈك يېنىدا ئۈچىنچى گىمناستۇركا، پۇتىغا يېپىيېڭى خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن بىر كىشى پەيدا بولغان، ئۇ «مەن بۇخارا ئەمىرىنىڭ شاھزادىسى بولىمەن، ئىلگىرى ئافغانىستاندا تۇراتتىم، ئىسمىم سېيىت ھۆججەت، مەن غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە خىزمەت قىلاي دېگەن نىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ، ئاندىن

مۇزداۋان ئارقىلىق مىنىڭ بىر جاپادا ئىلىغا قېچىپ كەلدىم» دەپتۇ. سىرتتىكى كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىلمىسىمۇ، «بىر ئافغان كەپتۇ» دېيىشەتتى. سېيىت ھۆججەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئادەم بولۇپ، سىياسىي، ھەربىي ۋە تېخنىكا ئىشلىرىغا ماھىر، بىرنەچچە خىل تىلنى بىلىدىغان، بولۇپمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇ ئېلىخان تۆرە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا، ئېلىخان تۆرىنىڭ قولىدا قورال تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان رەسىمىنى تەخمىنەن ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىرچە قىلىپ ماي بوياقتا سىزىپ چىققان ھەم ئۇنى ئېلىخان تۆرىگە تەقدىم قىلغان. دەل شۇ كۈنلەردە ئېلىخان تۆرىنىڭ رادىئو قوبۇللىغۇچى بۇزۇلۇپ، رېمونتچى تاپالماي تۇرغاندا، ئۇنى تېزلا ياساپ بەرگەن، ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىپ، ماشىنىلارنى قورۇ ئىچىدە ھەيدەپ ئۆزىنىڭ تېخنىكا ماھارىتىنى نامايان قىلغان. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىكى ھەربىيلەرگە، جۈملىدىن ئېلىخان تۆرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىگە ھەربىي قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرغان. دېمەك، سېيىت ھۆججەت ئۇستا رەسسام، يۇقىرى ماھارەتلىك تېخنىك، شوپۇر ھەم تەربىيە كۆرگەن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ھەربىي ئىدى.

ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە ئۆزبېك مەسچىتىدىكى بىر قېتىملىق جۈمە نامىزىدىن كېيىن، خەلققە «سېيىت ھۆججەت جاھانگىرلارنىڭ ئىشپىيونى ئىكەن» دەپ سۆزلىگەن، شۇ ئارىدا ساقچى ئورۇنلىرى سېيىت ھۆججەتنى تۇتۇپ كەتكەن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاچقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان. بىراق كۆپ كىشىلەر بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز ئىدى. تېخى كېيىنكى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان بەزى كادىرلار ئۈچ ۋىلايەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەزى مەسىلىلەرنى، جۈملىدىن سېيىت ھۆججەتنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى مەندىن سورىغانىدى.
سېيىت ھۆججەت زادى قانداق ئادەم؟ دېگەن سوئالغا شۇ چاغدىكى ئىلى باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچىسى (پولكوۋنىك دەرىجىلىك) ك گ ب ئوفىتسېرى ئېلى ئەپەندى ئېنىق جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن.
ئەينى چاغدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىخان تۆرىگە ئىشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇلار كۆزىتىش ئۈچۈن سېيىت ھۆججەتنى مەخسۇس ئەۋەتكەن، سېيىت ھۆججەت تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ئەكېتىلگەن، دەپ قارايدىغانلار بولغان. مەن سېيىت ھۆججەتنىڭ بۇخارا ئەمىرىنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىگە، جەنۇبىي شىنجاڭدىن قېچىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنمىگەن. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئادەم ئەمەس ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەيدىغان مۇزداۋاندىن ئۆتۈش، يەنە كېلىپ پىيادە ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، تاغ ئاتلاپ قېچىپ كەلگەن ئادەم موڭغۇلكۈرەگە يېڭى خورۇم ئۆتۈك، يېڭى كىيىملەر بىلەن كېلەلەمدۇ؟ ئافغاندىن كەلگەن «شاھزادە» ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە كىرىشى بىلەنلا تۇپتوغرا تۈرمىگە كىرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما سېيىت ھۆججەت ئۇدۇل ئېلىخان تۆرىنىڭ بىقىنىغا ئورۇنلىشىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈلگەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا قاراپ سېيىت ھۆججەتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم پەرەز قىلالىسا كېرەك، شۇنداقلا بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن غەلىتىلىك ھېس قىلماي قالمىسا كېرەك.

## 2. ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

1946 - يىلى ئورۇمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىرلىشىپ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدىكى كۈنلەر ئىدى، غېنىنىڭ مېنى «كېلىپ كەتسۇن» دەپ ئېيتىپ بېرىشى

بىلەن، مەن ئىشتىن چۈشۈپ غېنى باتۇرنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇ يەردە تۇرسۇن تاھىر (باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ كادىرى)، مەھمۇت پارماش، رەپىق بايچۇرىن، ھوشۇر باتۇر، ھاشىر ۋاھىدى (بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي)، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم بار ئىكەن. ھە دېگەندە غېنى باتۇر ئېلىخان تۆرە ھەققىدە شىكايەت قىلىشقا باشلىدى، ئېنىقراق قىلغاندا تىللاشقا باشلىدى، ئاخىرىدا «كىم ئۇ تۆرىنى باشلىق قىلىپ سايلاپتۇ، مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنى ئالدىمغا سېلىپ قامچىلاپ تۇرۇپ، ئىدارىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن» دېدى. بىرنەچچەيلەن دەرھال ئۇنى قوللىدى. ساقچى ئەترەت كوماندىرى ھوشۇر باتۇر غېنىغا: «سەن بارمىغىن، بۇيرۇق قىلساڭ 200 ئەسكىرىمنى باشلاپ بېرىپ، ھازىر ئۇنى تۇتۇپ كېلىمەن» دېدى. بۇ گەپلەرنى تۇيۇقسىزلا ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن ھەيران بولۇپ جىم ئولتۇردۇم. غېنى ئۆزى ئېيتقاندەك قالايمىقانچىلىق چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ئارىدا غېنى: «ئەپەندىم، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ بىر نەرسە دەپ باققىنە!» دېدى. مەن شۇئانلا جاۋاب بېرىپ: «ئېلىخان تۆرىنى ئورنىدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلىمەن، ئەمما ھازىر دېگەن ئۇسۇللۇڭلار ياخشى ئەمەس» دېدىم. غېنى باتۇر: «ئەمىسە قانداق قىلساق بولىدۇ؟ بىرنېمە دەپ باققىنا» دەپ تۇرۇۋالدى. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن: «ئىسمىمىز خەت يېزىپ ئۇنى ئىستېپا بېرىشكە زورلاش لازىم» دېگەن يەرگە كەلدۇق. بەزىلەر: «ئۇ ئىستېپا بېرەرمۇ؟» دېيىشتى. ئاخىرىدا «ئاۋۋال خەت يېزىپ كۆرەيلى، ئىستېپا بېرىشكە ئۇنىمىسا، يەنە ئويلىنىپ كۆرمەيمىزمۇ» دېيىشتۇق. غېنى باتۇر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قامچىسىنى ئالدى ـ دە، «20 مىنۇتتىن كېيىن كېلىمەن، دەرۋازىدىن چىقىشقا رۇخسەت يوق» دەپلا ئالا ئېتىغا مىنىپ، مۇھاپىزەتچىسى قۇربان شائخونى ئەگەشتۇرۇپ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە قورۇدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئويلىنىپ: «بۇ

www.uyghurkitap.com

ئىش غېنى باتۇرغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە؛ ئوتتۇرىغا چۈشكەن پەكىر غېنىگە ئالاھىدە تۇيۇلدى بولغاي، شۇڭا ئۇ ھازىر يولىيورۇق سورىغىلى كەتتى» دەپ قارىدىم. غېنى باتۇر دېگەندەك 20 مىنۇتلاردىن كېيىن ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە قورۇغا كىرىپ كەلدى، ئات قارا تەرگە چۈمگەنىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا: «ھەممىڭلار ئۆيگە كىرىڭلار!» دېدى. ھەممەيلەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، غېنى بىزگە مۇنداق دېدى: «بۇ ئىشنى بايا دېيىشكىنىمىزدەك قىلىمىز، ××× ، خەتنى سەن يېزىپ چىقىپ، ئەتە ئەتىگەندە ماڭا يەتكۈزۈپ بەر» دېدى. ××× «خەتنى باشقا بىرى يازسۇن» دېسە، غېنى ئۇنىمىدى. ئەلقەمگە قاراپ: «ئەلقەم، سەن گېزىتخانىدا ئىشلەيسەنغۇ؟ ئۇنى - بۇنى يازىسەنغۇ؟ سەن ××× كە ياردەملەشكىن» دېدى. كېيىنكى ئەھۋالنىڭ مۇنداق بولغانلىقى مەلۇم: كەچتە ئەلقەم ئەختەم ××× نى ئىزدەپ كەلگەن، ××× ئۇنى بىرەر ئولتۇرۇشقا بېرىپ قايتىپ كېلەلمەي قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، خەتنى ئۆزى يالغۇز يېزىپ چىققان. خەتتە ئالدى بىلەن ئېلىخان تۆرىنىڭ خىزمەتلىرى ئاز - تولا مەدھىيىلىنىپ، ئاخىرىدا خەلق ئىچىدە نارازىلىقنىڭ كۆپلۈكى، شۇڭا ئېلىخان تۆرىنىڭ تېزدىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەكلىكى، ئىستېپا بەرمىسە، قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقىدىغانلىقى، قانچە تېز ئىستېپا بەرسە شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقى يېزىلغان. ئەتىسى سەھەردە بۇ خەت غېنىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

بۇ خەتنى شۇ ۋاقىتتىلا ھاشىر ۋاھىدى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى ھەربىي پوچتىخانىغا ئېلىپ بېرىپ، پوچتىخانىدا ئۆزىگە كەلگەن خەت بار - يوقلۇقىنى ئاختۇرۇپ كۆرگەن بولۇپ، شۇ كۈنلۈك خەتلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇپ قويغان، خەت شۇ كۈنىلا ئېلىخان تۆرىنىڭ قولىغا تەگكەن.

ئېلىخان تۆرە خەتنى ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز يېقىن-

لىرىدىن بىرقانچىسىگە كۆرسەتكەن. ئۇلار بۇ خەتنى كۆرۈپ: «بۇ خەلقنىڭ ئىشى ئەمەس، ئايرىم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشى» دېيىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئېلىخان تۆرە شەھەر كومىنداتورىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، چۈشتىن كېيىن كوچىلارغا ئاتلىق چارلىغۇچىلارنى چىقارغان. مەن چارلاپ يۈرگەن ئەسكەرلەرنى كۆردۈم. ئەتىسىدىن باشلاپ «ئېلىخان تۆرە ئارشاڭغا كېتىپتۇ»، «ئېلىخان تۆرە يوقىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن پاراڭلار تارقىلىشقا باشلىدى. ئېلىخان تۆرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەكېتىلگەنلىكىنى خەلق تېزلا بىلىپ كەتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئېلىخان تۆرە ئىشتىن چۈشۈپ، نامسىز خەتنى كۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسئۇل خادىمغا (2 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى) كۆرسەتكەندە، ئۇ خادىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، شوپۇرى بىلەن مۇھاپىزەتچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەن. تۈن يېرىمىدا قورغاس چېگرىسىدىن بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەكەتكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇقۇشىمىزچە، شۇ چاغدا ئېلىخان تۆرىنىڭ يېقىنلىرى بۇ مەسىلىنى خېلى غۇلغۇلا قىلىشقانىكەن. ئېلىخان تۆرە ئەكېتىلگەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە ئاغدۇرۇلۇشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ھاكىمبەگ غوجا غۇلجىدىن توققۇزتارا ناھىيىسىگە كەتكەن. ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، ھاكىمبەگ غوجىنىڭ توققۇزتاراغا كېتىشى، قايتىپ كېلىپلا ۋالىي بولۇشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن پىلانلانغان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسە، ئۆزۈمچە كۈلۈپ قويىمەن.

1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىم:

(1) ئېلىخان تۆرە ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادىمى بولۇپ، ئۇ 1929 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، شىنجاڭغا كېلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىن بۇرۇن قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىقكۆل بويىدىكى قاراقول شە-
ھىرىدە ياشىغان. مىللىتى ئۆزبېك، ئاكىسى ئالىمخان تۆرە ئۆز-
بېكىستان «ك گ ب» سىدا مۇھىم ئەمەلدار بولغان.

(2) بەزىلەر ئېلىخان تۆرە 1929 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتى-
پاقىدىن قېچىپ كەلگەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى سوۋېت ئىتتى-
پاقىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، قولغا ئېلىنغاندا تۈرمىدىن قېچىپ،
شىنجاڭغا كەلگەن دەيدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭغا قانداق كەلگەنلىكى
ئېنىق ئەمەس.

(3) ئېلىخان تۆرە غۇلجىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى
بولغان كۈنلەردە، تاشكەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىغانىكەن
دېگەن گەپلەرمۇ بار.

(4) ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەكېتىلگەندىن كې-
يىن، تاشكەنتتە مەلۇم ۋاقىت تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە
دىنىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن دېيىشىدۇ. ئېلىخان تۆرە ۋاپات
بولغاندا، زور داغدۇغا بىلەن دەپنە قىلىنغان، دېگەندەك گەپلەر-
مۇ بار.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللارغا قارىغاندا ئېلىخان تۆرە زادى
كىم؟ دېگەن مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرىش تەس. شۇنداقتىمۇ،
مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارىغانىدىم:

(1) ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادىمى، ئۇنداق
بولمىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپتە مەخپىي تەشكى-
لاتىنىڭ رەئىسى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولالمايدۇ.

(2) خەلق گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن جاق تويۇپ، زۇ-
لۇمغا چىدىماي تۇرغان چاغدا، ئېلىخان تۆرىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي
شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە بىر يېرىم يىل رەھبەرلىك
ئورنىدا تۇرۇشى ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرگەن.

(3) مېنىڭچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئېلىخان تۆ-
رىگە دەسلەپتە ئىشەنگەن، شۇنداقلا گۇمانلانغان، كېيىن ئىشەن-

ﻣﯩﮕﻪﻥ ﮬﻪﻣﺪﻩ ﺷﯩﻨﺠﺎﯓ ﺭﺍﻳﻮﻧﯩﺪﺍ ﺭﻩﮬﺒﻪﺭﻟﯩﻚ ﻗﯩﻠﯩﺶ ﺳﺎﻻﮬﯩﻴﯩﺘﻰ ﻳﻮﻕ ﺩﻩﭖ ﻗﺎﺭﯨﻐﺎﻧﻠﯩﻘﺘﯩﻦ، ﺗﯩﻨﭽﻠﯩﻖ ﺑﯩﺘﯩﻤﻰ ﺋﯩﻤﺰﺍﻟﯩﻨﯩﺶ ﺑﯩﻠﻪﻧﻼ، ﺳﻮﯞﯦﺖ ﺋﯩﺘﺘﯩﭙﺎﻗﯩﻐﺎ ﻗﺎﻳﺘﯘﺭﯗﭖ ﻛﻪﺗﻜﻪﻥ.

## ﺗﻮﻗﻘﯘﺯﯨﻨﭽﻰ، ﺟﺎﯓ ﺟﯩﺠﻮﯓ ﯞﻩ ﻣﻪﺳﺌﯘﺩﻻﺭﻧﯩﯔ ﻏﯘﻟﺠﯩﻐﺎ ﺑﯧﺮﯨﺸﻰ

ﺗﯩﻨﭽﻠﯩﻖ ﺑﯩﺘﯩﻤﻰ ﺋﯩﻤﺰﺍﻟﯩﻨﯩﭗ ﻳﻮﻝ ﺋﯧﭽﯩﻠﻐﺎﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ، ﺋﯜﺭﯛﻣﭽﯩﺪﯨﻦ ﻏﯘﻟﺠﯩﻐﺎ ﻧﯘﺭﻏﯘﻥ ﺗﯩﺠﺎﺭﻩﺗﭽﯩﻠﻪﺭ ﺑﺎﺭﺩﻯ. ﮔﻮﻣﯩﻨﺪﺍﯓ ﺋﻪﻣﻪﻟﺪﺍﺭﻟﯩﺮﯨﺪﯨﻦ ﮔﯧﻨﯧﺮﺍﻝ ﺟﺎﯓ ﺟﯩﺠﻮﯓ، ﻣﻪﺳﺌﯘﺩ ﺳﻪﺑﺮﻯ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻘﻼﺭﻣﯘ ﻏﯘﻟﺠﯩﻐﺎ ﺑﺎﺭﺩﻯ. ﺟﺎﯓ ﺟﯩﺠﻮﯓ ﺋﻪﭘﻪﻧﺪﻯ ﻏﯘﻟﺠﯩﻐﺎ ﻛﻪﻟﮕﻪﻧﺪﻩ ﺋﻪﺧﻤﻪﺗﺠﺎﻥ ﻗﺎﺳﯩﻤﻰ ﺑﺎﺷﻠﯩﻖ ﺋﯜﭺ ﯞﯨﻼﻳﻪﺕ ﺗﻪﺭﻩﭖ ﺋﯘﻧﻰ ﻳﺎﺧﺸﻰ ﻛﯜﺗﯜﯞﺍﻟﺪﻯ.

1946 ـ ﻳﯩﻠﻰ ﻛﯜﺯﺩﻩ، ﻣﻪﺳﺌﯘﺩ ﺳﻪﺑﺮﻯ ﺗﯘﻏﻘﺎﻥ ﻳﻮﻗﻼﺵ، ﻳﯘﺭﺗﯩﻨﻰ ﻛﯚﺭﯛﺵ ﻧﺎﻣﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻏﯘﻟﺠﯩﻐﺎ ﺑﺎﺭﻏﺎﻥ. ﺑﯘ ﺋﺎﺩﻩﻡ ﺋﻪﺳﻠﯩﻲ ﻏﯘﻟﺠﯩﻠﯩﻖ ﺑﻮﻟﯘﭖ، 1932 ـ ﻳﯩﻠﻰ ﻏﯘﻟﺠﯩﺪﯨﻦ ﺗﯜﺭﻛﯩﻴﯩﮕﻪ ﻛﻪﺗﻜﻪﻥ. ﻛﯧﻴﯩﻨﻜﻰ ﻳﯩﻠﻼﺭﺩﺍ ﻗﺎﻳﺘﯩﭗ ﻛﯧﻠﯩﭗ ﻧﻪﻧﺠﯩﯖﺪﺍ ﮔﻮﻣﯩﻨﺪﺍﯓ ﮬﯚﻛﯜﻣﯩﺘﯩﻨﯩﯔ ﺋﻪﻣﻪﻟﺪﺍﺭﻯ ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ. ﺋﯘ ﻏﯘﻟﺠﯩﻐﺎ ﺗﯘﻏﻘﺎﻥ ﻳﻮﻗﻼﺵ ﻧﺎﻣﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻛﻪﻟﮕﻪﭼﻜﻪ، ﻳﻪﺭﻟﯩﻚ ﺋﯘﺭﯗﻧﻼﺭﻧﯩﯔ ﺋﺎﻧﭽﻪ ﻛﺎﺭﻯ ﺑﻮﻟﻤﯩﻐﺎﻧﯩﺪﻯ. ﻳﻪﻧﻪ ﺑﯩﺮ ﺗﻪﺭﻩﭘﺘﯩﻦ، ﺧﻪﻟﻖ ﺋﯩﭽﯩﺪﻩ ﺑﯘ ﺋﺎﺩﻩﻣﻨﻰ ﮔﻮﻣﯩﻨﺪﺍﯓ ﺋﻪﻣﻪﻟﺪﺍﺭﻯ، ﭘﺎﻧﺘﯜﺭﻛﯩﺴﺖ ﺩﻩﭖ ﺗﻮﻧﯘﻏﺎﭼﻘﺎ، ﻛﯩﺸﯩﻠﻪﺭ ﺋﺎﻧﭽﻪ ﻳﯧﻘﯩﻨﻠﯩﺸﯩﭗ ﻛﻪﺗﻤﯩﺪﻯ. ﻣﻪﺳﺌﯘﺩ ﺳﻪﺑﺮﻯ ﺋﻪﻳﻨﻰ ﭼﺎﻏﺪﺍ ﮔﻮﻣﯩﻨﺪﺍﯓ ﮬﯚﻛﯜﻣﯩﺘﯩﻨﯩﯔ ﺷﯩﻨﺠﺎﯓ ﺋﯚﻟﻜﯩﺴﯩﺪﯨﻜﻰ ﺑﺎﺵ ﺗﻪﭘﺘﯩﺶ ﺋﻪﻣﻪﻟﺪﺍﺭﻯ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺗﯩﻨﭽﻠﯩﻖ ﺑﯩﺘﯩﻤﻰ ﺋﯩﻤﺰﺍﻟﯩﻨﯩﭗ ﺑﯩﺮﯨﻨﭽﻰ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﻏﯘﻟﺠﯩﻐﺎ ﻛﻪﻟﮕﻪﻥ ﺋﻪﻣﻪﻟﺪﺍﺭ ﺑﻮﻟﻐﺎﭼﻘﺎ، ﺋﯩﻨﻘﯩﻼﺑﭽﯩﻞ ﻳﺎﺷﻼﺭ ﺗﻪﺷﻜﯩﻼﺗﯩﺪﺍ ﺧﯩﺰﻣﻪﺕ ﻗﯩﻠﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻢ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﻣﻪﻥ ﻣﯘﻧﺪﺍﻕ ﺑﯩﺮ ﺋﯩﺸﻘﺎ ﺋﺎﺭﯨﻼﺷﻘﺎﻧﯩﺪﯨﻢ: ﻣﻪﺳﺌﯘﺩ ﺳﻪﺑﺮﯨﻨﻰ ﺑﯩﺮ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﻳﺎﺷﻼﺭﻏﺎ ﺩﻭﻛﻼﺕ ﻗﯩﻠﯩﭗ ﺑﯧﺮﯨﺸﻜﻪ ﺗﻪﻛﻠﯩﭗ ﻗﯩﻠﯩﭗ، ﻣﻪﻥ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﻪﺳﺌﻪﺕ ﺋﯩﺴﮭﺎﻗﻮﻑ (ﺷﯘ ﭼﺎﻏﺪﯨﻜﻰ ﺋﯩﻠﻰ ﯞﺍﻟﯩﻲ ﻣﻪﮬﻜﯩﻤﯩﺴﯩ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ باش كاتىپى) ئىككىمىز مەسئۇدنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئىنقى-
لابچىل ياشلار تەشكىلاتى نامىدىن ئۇ كىشىنىڭ بىر قېتىم نۇتۇق
سۆزلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشتۇق، ئۇ دەرھاللا ماقۇل
بولدى. نۇتۇق «ئۇيغۇر - قازاق - قىرغىز كۇلۇبى» دا سۆزلەن-
دى. يىغىنغا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىدىن 400
دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مەسئۇد سەبرى ئىككى سائەتكە
يېقىن سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاساسەن مائارىپنىڭ مۇھىملى-
قى، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدىكى سۆزلەر ئىدى. شۇ
ئارىدا كۇلۇبقا قارىغۇچى قالايمىقان ئادەملەرنىڭ كۇلۇبقا كىرىشى-
نى توسۇش ئۈچۈن ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ قويۇپتۇ، يىغىن
ئاياغلاشقاندىن كېيىن قۇلۇپنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق... ئەمما
ئىشىككە قارىغۇچى تېزلا كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. قالاي-
مىقانچىلىقمۇ كۆرۈلمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا
ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى ئارىسىدا مەسئۇد سەبرى
غۇلجىدا بىر ئىلمىي جەمئىيەت قۇرماقچى بوپتۇ، دېگەندەك
مىش - مىش گەپلەر ئاڭلاندى. بۇ ئىش مەقسەتلىك ھالدا پانتۇر-
كىزملىق تەشكىلات قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغانلىق دەپ ھېسابلاندى
(يېقىنقى يىللاردا شۇ مەزگىلدە مەسئۇد سەبرى دىنىي نازارەتتە
يىغىن ئاچقاندا ئىلمىي جەمئىيەت تەشكىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ
باشلىقلىقىغا داموللا رازى سايلانغانلىقىنى ئاڭلىدىم) . بۇ ئىلمىي
جەمئىيەت تەشكىل قىلىنغانلىقىنى سىرتقا ئېلان قىلىشقىمۇ ئۈل-
گۈرمەي تۇرۇپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. چۈنكى شۇ چاغدا
(1946 - يىلى كۈزدە) بۇ ئىشنى توسۇش ئۈچۈن، ئىنقىلابچىل
ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىدىن بىرنەچچە كىشى مەسئۇدقا قارشى
تەشۋىقات ۋەرىقى تەييارلاپ، شاپىگرافتا بىرنەچچە نۇسخا بېسىپ
كېچىدە شەھەردىكى نوۋگورد قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارغا چاپ-
لىغان. تەشۋىقات ۋەرىقىسىدە «مەسئۇد، غۇلجىدىن تېز يوقال،
بولمىسا ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭ مەسئۇل» دېگەندەك سۆزلەر بار ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەسئۇد سەبرىمۇ تېزلا غۇلجىدىن يوقالدى. شۇ قېتىم ئەزالىرىمىز كوچىدا تەشۋىقات ۋەرىقى چاپلاۋاتقاندا ساقچىلار ئەزا ھاكىم جاپپار (80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى) نى تۇتۇۋالغان، ئەتىسى ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن. دېمەك، مەسئۇد ئەپەندىنى بىر قېتىم «ھۆرمەت» قىلىپ ياشلارغا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئارقىدىنلا ئۇنى غۇلجىدىن قوغلاپ چىقارغان.

## ئونىنچى، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىدا

11 ماددىلىق بىتىمدا: «... ئۈچ ئاي ئىچىدە ناھىيىلەردە سايلام ئۆتكۈزۈپ، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى، ناھىيە ھاكىملىرىنى سايلاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ھەمدە ۋالىيلارنى سايلاش؛ ئۇلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلاش لازىم دېگەن بەلگىلىمىلەر بولغان. كېلىشىمدە يەنە، ناھىيىلەر سايلىغان ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى خەلقنىڭ ئارزۇلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ دەپ يېزىلغان.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆلكە بويىچە بىتىم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ سايلامغا تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يەنىلا سايلاپ چىقىلدى. ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغان كىشىلەر ئۇقتۇرۇش بويىچە 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە توپلاندى. مەنمۇ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلانغاچقا، ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەلدىم. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى تۇرىدىغان ئورۇن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى قىزىل سىفەن (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تېتى ئورنىدا) گە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، يىغىن ئورنىمۇ شۇ يەردە ئىدى. خوتەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شەھەر ئىچىدىكى باشقا جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇقۇشىمىزچە، يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرىنى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئايرىم جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. گەرچە يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ تۇرىدىغان ئورنى باشقا - باشقا جايلاردا بولسىمۇ، باشقا ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئامال تېپىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى. يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللايدىغانلىقى، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئايرىم ۋەكىللەر گومىنداڭ تەرەپتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان شەھەر ئىچىدىكى ياتاقلارغا بارماي، قىزىل بىناغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى كىچىك شەھەر بولغاچقا، پۈتۈن شەھەردە 40 — 50 كىشىلىك ياتىقى بار بىرەر مېھمانخانا يوق ئىدى. شۇڭا ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى قىزىل بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ۋاقىتلىق تاختاي كارىۋات قويۇلغان سىنىپلار ياتاق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن، مەكتەپنىڭ يىغىن زالى چوڭ يىغىن زالى قىلىپ تەييارلانغانىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆز ئىشپىيونلىرىنى يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتچىسى، كۈتكۈچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ياتاقلىرىغا، ئورۇن - كۆرپىلىرىنىڭ ئاستىغا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تاشلاپ قوياتتى؛ يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىچىدىكى بەزىلەرگە مۇكاپات پۇللارنى بېرىش، مەنسەپ ۋەدە قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، كورلا ۋەكىلى ئوسمان ياقۇپ بىر كۈنى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، بىر باغلام پۇلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «تۇرمۇشۇڭغا ئىشلەتكىن دەپ ماڭا بۇ پۇلنى بەردى،

ئۇقۇشسام باشقا ۋەكىللەرگە پۇل تارقاتماپتۇ، يالغۇز ماڭا پۇل
بەرگەنلىكىگە قارىغاندا، مېنى سېتىۋالماقچى بولسا كېرەك» دې-
گەنىدى. بىر نەپەر بوگۇر ۋەكىلى (دىنىي زات) گە ئۈچ ۋىلايەتكە
ئېغىپ كەتمەي، گومىنداڭ تەرەپىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، يىغىن-
دىن كېيىن بوگۇر ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىش-
قان. لېكىن ئۇ كىشى نارازى بولغانلىقتىن، شۇ ھامان يۇرتىغا
قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدۇق. گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا ھەر خىل
ئۇسۇللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، يىغىن ئېچىش مۇم-
كىن بولماي قالدى. دەل ئەكسىچە گومىنداڭ تەرەپ يىغىنىنىڭ
ئېچىلماي قېلىشىغا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى جاۋابكار قىلماقچى بول-
دى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك بەزى
تالاش - تارتىشلار بولغان، گومىنداڭ تەرەپ ئۆلكىلىك كېڭەش
ئەزالىرى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن بىرنەچچە ئاز ساند-
لىق مىللەت كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلماي-
دىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەتتىن كەل-
گەن شىبە، داغۇر، خوېزۇ ئۈچ مىللەتتىن بولغان ئۈچ نەپەر
ۋەكىلنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇلار: «سايلام بەلگىلى-
مىسىدە: ئۇ مىللەتلەرنىڭ ۋەكىلىنى شۇ مىللەتنىڭ مەركىزىي
مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دېيىلگەن، بۇ ئۈچ
ۋەكىل ئۇرۇمچىدىكى مەركىزىي ئۇيۇشمىلار تەرىپىدىن كۆرسە-
تىلگەن ئەمەس» دەپ تۇرۇۋالدى. بىز: «شىبە، داغۇر مىللەت-
لىرىنىڭ 99.5 پىرسەنتى ئىلى ۋە تارباغاتايدا ئولتۇراقلاشقان،
شۇڭا بۇ ئىككى ۋەكىل چوقۇم ئىلى - تارباغاتاي رايونىدىن
بولۇشى كېرەك؛ ئىلىدا 30 مىڭدەك خوېزۇ بار، شۇڭا ئۆلكە
بويىچە تۆت خوېزۇ ۋەكىلنىڭ بىرى ئىلىدىن بولۇشى لازىم، ئۆز
خەلقى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، بىلمىگەن، تونۇمىغان، ئۇرۇم-
چىدە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئۇ مىللەتكە ۋەكىل بولسا بولماي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇ، خەلق ئۆزلىرى ئىشەنگەن كىشىلىرىنى ۋەكىل قىلىشى لازىم» دېدۇق.

بەلگىلىمە بويىچە 50 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار ناھىيىلەردىن ئىككى ۋەكىل سايلىنىدىغان بولغاچقا، ئىلىدا بىر ناھىيە، قەشقەردە ئىككى ناھىيە نوپۇسقا قاراپ بىردىن كېڭەش ئەزاسىنى ئارتۇق سايلىغان، گومىنداڭ تەرەپ بۇنىمۇ ئېتىراپ قىلمىغان.

ۋەكىللەر مەسىلىسىدە گومىنداڭ تەرەپ يەنە «ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىچىدە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار بار ئىكەن، بۇ سايلام قوللانمىسىغا توغرا كەلمەيدۇ» دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ھەربىيلەر سايلامدىن بۇرۇن ھەربىي خىزمەت قىلغانلار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتتە ئۇرۇش يىللىرىدا ھەربىي خىزمەت قىلمىغانلار ئاز ئىدى. بىز: نېمە ئۈچۈن سايلام مەزگىلىدە ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن سايلام ھەيئىتى مەسئۇلى مەمۇرىي خادىملارنى سايلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتمايدۇ؟ سايلانغان ئەزالارنىڭ ئانكېتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە ئەكەتكەن تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن نەچچە ئايغىچە ئۆزلىرىنىڭ سايلانغۇچىلار ھەققىدىكى پىكرىنى بىزگە ئۇقتۇرمايدۇ؟ دېدۇق.

رەسمىيىتى تولۇق بولمىغان (ئالماشقان) ئاقسۇ ۋەكىلىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئىككى كۈن ئىچىدە تولۇقلىيالايدىكەنۇ، رەسمىيىتى تولۇق بولمىغان قەشقەر ۋەكىلىنىڭ رەسمىيىتى نېمە ئۈچۈن ۋاقتىدا سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ؟ قەشقەرنىڭ تېلېگراف ئاپپاراتلىرى بۇزۇلۇپ قالغانمۇ ـ يە؟ بۇ يەردە قەشقەر ۋەكىللىرىنى چەتكە قېقىش بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

ۋەكىللىك سالاھىيىتى ھەققىدىكى بۇ تالاش ـ تارتىشلار دەسلەپكى تالاش ـ تارتىشلار ئىدى. يىغىن جەريانىدىكى تۈپ زىددىيەت گومىنداڭ تەرەپتىن ئۆلكە رەئىسى قىلىپ مەسئۇدنىڭ بېكىتىلگەنلىكى بولدى. بۇنىڭغا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق تالاش ـ تارتىش داۋام قىلىنىۋات-

قان كۈنلەردە خەلق ئىشلىرى نازىرى ۋاڭ ×× (جالالىدىن هاجى) ئۈمەك باشلىقلىرى يىغىنى چاقىردى (مەن ئىلى ۋىلايەتلىك ۋەكىللەر ئۈمىكىنىڭ باشلىقى بولغاچقا، يىغىنغا قاتناشقانىدىم)، شۇ كۈنى چوڭ يىغىن باشلىنىدىكەن دېگەن مىش - مىش گەپلەرمۇ بولغانىدى، لېكىن رەسمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنغىنىنى ئۇقمىدۇق. ئەمما شەھەر ئىچىگە چۈشكەن خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ ۋەكىللىرى چوڭ يىغىنغا قاتناشماقچى بولۇپ كېلىشكەنىكەن، ئۇلار چوڭ يىغىن زالىغا كىرىپ كېتىشتى. مەن ئۈمەك باشلىقلىرى يىغىنىغا كىردىم. بۇ يىغىندا نازىر ۋاڭ ×× چوڭ يىغىن ھەققىدىكى بەزى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، يىغىن جەريانىدا تۆۋەندىكى تۆت مەسىلە ئۈستىدە پىكىر بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى:

(1) شىنجاڭدىكى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ سانى ۋە ئورنى ھەققىدە (مەقسىتى — گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆزلەشنى چەكلەش).

(2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدە (مەقسىتى — مەسئۇدنىڭ رەئىس بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى چەكلەش).

(3) مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە (مەقسىتى — ئۈچ ۋىلايەتنى ھوقۇق دەۋاسى قىلماڭلار، دېمەكچى).

(4) بىتىم ۋە سىياسىي پروگراممىغا خىلاپلىق قىلماسلىق ھەققىدە (مەقسىتى — ئۆزىنى بىتىمگە سادىق كۆرسىتىپ، باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر قىلىشىنى توسماقچى).

ۋەكىللەرنىڭ پىكىر بېرىشىنى چەكلەشتەك بۇنداق شەرتلەرگە شۇ يىغىندىلا نارازىلىق بىلدۈردۈم ھەم: «ئەگەر بۇنداق شەرتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىكەن، مەسىلە ھەل بولمىغۇچە چوڭ يىغىنغا كىرمەيمىز» دەپ ئۇ يىغىندىن چىقىپ كەتتىم. گومىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داڭىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت كىچىك ئەزالىرى چوڭ يىغىنغا كەلمەي، يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى» دېگەن بوھتاننى چاپلىشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مەن ئۇدۇل چوڭ يىغىن زالىغا كىرىپ، چوڭ يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر تېخى ھەل بولمىغانلىقتىن، باشقا ۋەكىللەر (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى) نىڭ يىغىنغا كىرمەيدىغانلىقىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

شۇ كۈنلەر گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تۇيۇقسىزلا مەسئۇد سەبرىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە رەئىس بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان كۈنلەر ئىدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ (غەربىي شىمال مەمۇرىي ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى) مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىنى ھېچكىم بىلەن مەسلىھەت قىلمايلا، ئۆزى بېكىتىپ، نەنجىڭغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقان. مەسئۇد سەبرىنى بۇنداق تۇيۇقسىز رەئىس قىلىشقا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ نارازى بولدى. مەسئۇد سەبرى قاتارلىق ئۈچ ئەپەندى (مەسئۇد، مۇھەممەتئىمىن، ئەيسا) 1946 - يىلى بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا نەنجىڭدىن شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، گومىنداڭ تەرەپ بۇ ئۈچىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى كۈرەشتە ئۇلاردىن پايدىلانماقچى بولغان، گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى مەسئۇدنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ «كوممۇنىزمغا قارشى ئاتاقلىق پانتۈركىست» دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردا مەسئۇدنىڭ رەئىس بولغانلىقىغا قارشى نامايىشلار بولغان.

بىر قىسىم ئۆلكىلىك كىچىك ئەزالىرى مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىپ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە خەت يازغاندا، ئۇ بۇنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن 68 ۋەكىل ئىمزا

قويۇپ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە ئوچۇق خەت يېزىپ، يەنە بىر قېتىم مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ ۋەكىللەرگە يازغان جاۋاب خېتىنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنى بىلەن ۋەكىللەرنىڭ قايتا يازغان خېتىنىڭ نۇقتىلىق ئىدىيىسى تۆۋەندىكىدەك:

(1) جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى جاۋاب خېتىدە: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ» دېگەن. ۋەكىللەر: مەسئۇدنىڭ رەئىسلىكى ئېلان قىلىنىشى بىلەن جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا بولدى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسى تەۋرىنىپ قالدى، نارازىلىق نامايىشلىرى بولۇۋاتىدۇ... يۇقىرى ئابرۇيلۇق، ھەربىي ھوقۇقلۇق جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى رەئىس بولغان كۈنلەردە جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەربىيلەرنىڭ بىتىمگە قارشى ھەرىكەتلىرى بولغانلىقىنى ھەممىمىز كۆرگەن، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ھېچقانداق ھەربىي ھوقۇقى يوق كىشى رەئىس بولسا، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ دېگەن مەزمۇندا رەددىيە بەرگەن.

(2) جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى جاۋابىدا: «مەركەزنىڭ قارار - پەرمانىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىش پەقەت مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» دېگەن. ۋەكىللەر بۇ نۇقتىغا قارىتا: خەلقچىل ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان پەرمان ئەمەلىي ئەھۋالغا مۇۋاپىق كەلمىسە، پۇقرالارنىڭ پەرماننى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇش ھوقۇقى بولىدۇ... ھۆكۈمەت خەلقنىڭ توغرا تەلىپىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ دۆلەت خەلقچىل دۆلەت بولالمايدۇ... جۇڭخۇا مىنگو زۇڭلىسىنىڭ تەلىماتى بويىچە، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچى ھۆكۈمەت ئەمەسمۇ؟... ھۆكۈمەت خەلقنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىسا، نېمىشقا خەلققە ۋەكىل سايلىتىدۇ؟ خەلق ۋەكىللىرىنى يىغىنغا چاقىرىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

بار؟ دەپ يازغان.

(3) جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ جاۋابىنىڭ ئۈچىنچى نۇقتىسىدا: «مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي هوقۇقىغا ئەهمىيەت بېرىش ئاساسىدا كۆرۈلگەن مۇۋاپىق چارە،» دېيىلگەن. ۋەكىللەر بولسا: مەسىلە يۇرتداش، مىللەتداش، قانداش زاتنىڭ هۆكۈمەت رەئىسى بولۇشىدا ئەمەس، مەسىلە 11 ماددىلىق بىتىم ۋە سىياسىي پروگراممىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا؛ مەسىلە ئومۇمىيۈزلۈك خەلقچىللىقنى قوللىنىپ، ئۆلكىمىزدە ئەبەدىي تىنچلىقنى ئورنىتىپ، خەلقىمىزنى يۈكسەك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتە؛ كىم بېرىلگەن هوقۇقنى رەت قىلىدۇ، كىم شېكەرنى ئاچچىق دەيدۇ؟ دەپ يازغان.

(4) گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ جاۋابىدا: «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالى تېخى يوقالغان ئەمەس» دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى تارقىتىۋېتىلىپ، ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالغانىدى. ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭنىڭ بايرىقى ئېسىلىپ، ۋىلايەت ئىدارىلىرى ئۆلكىگە بويسۇنۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ۋەكىللەرنىڭ خېتىدە بۇ پاكىتلار سۆزلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سانىنىڭ ساناقتىن ئۆتمىگەنلىكى، ئۈچ ۋىلايەتكە گومىنداڭ چېگرا ساقچى ئەسكەرلىرىنىڭ بارمىغانلىقى ئەمەلىيەت، لېكىن بۇ مەسىلە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى تۈمەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئامانلىق ساقلاش قىسمىنىڭ تەشكىل بولۇشى بىلەن هەل بولىدىغان مەسىلە؛ بىتىمنى ئىجرا قىلىشقا ئىككى تەرەپ ئوخشاش مەسئۇل بولۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. بۇ مەسىلىدە ۋەكىللەر تىنچلىق بىتىمىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئىككى تەرەپكە ئەۋەتىشنى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا پەۋقۇلئاددە هوقۇق بېرىپ، جايلاردىكى تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلىش

بىلەن ئىشلارنى تاماملاپ قايتسۇن، دەپ تەلەپ قويىدى.

(5) ئاخىرىدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىپ، ھېچبولمىغاندا گېنېرال جاڭ جىجۇڭ-نىڭ سايلامغا قەدەر ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆزى ئۆتەپ تۇرۇشى قايتا تەلەپ قىلىنغان. ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى گو-مىنداڭ تەرەپنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى «دېموكراتىك ھاكىمىيەت» دەۋېلىشىغا بىر دىنبىر دەسمايە ئىدى. ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىند-نىڭ ئۆلكە رەئىسلىرىنى سايلاش ھوقۇقى يوق، پەقەت خىزمەت تەكشۈرۈش، خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىلا بولغان. دېمەك، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاشقا جۇرئەت قىلالمىغان.

ۋەكىللەر ئۇرۇمچىدە يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى ئىككى ئايغا يېقىن كۈتۈپ ياتقان بولسىمۇ، يىغىن ئېچىش مۇمكىن بولمىغاند-لىقتىن، ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتتى. ۋەكىللەر قايتقان مەز-گىلدە، قەشقەر ۋەكىللىرىدىن 25 ى، خوتەن ۋەكىللىرىدىن بىرى، قاراشەھەر ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئاقسۇ ۋەكىللىرىدىن بىرى، تۇرپان ۋەكىللىرىدىن ئىككىسى، جەمئىي 30 ۋەكىل گومىنداڭچىلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆز جايلىرىغا قايتماي، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غۇلجىغا كەتتى (شېڭ شىسەي دەۋ-رىدىكى توختام بويىچە قۇمۇل - ئالمۇتا ئارىلىقىدا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان بار ئىدى). شۇ چاغدا غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى: قەشقەر ۋىلايىتىدىن سىدىق موسا-يېف، ئابدۇرېھىم لېتىپ، خەلپەت سۇزۇك ھاجى، ئەسئەت يا-قۇپ، سوپى سەلەي، ئابلىز نىياز، ئېمىرباقى، ئابدۇكېرىم ھاشىم، مۇسا سايىت، مۇھەممەت تۇرسۇن (قىرغىز)، مۇھەم-مەت ھەسەن (قىرغىز)، ئىسمائىل ئىبراھىم، ئىبراھىم ئىس-مائىل، ئوسمان داموللا، ئابدۇراخمان قارى ھاجى، ئەھمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

قازى، ئابدۇرېشىت ئەلەم، يۇسۇپ قارى ھاجى، ئەمەت خوجاڭ، تۇردى ئابدۇرېھىم، نەمەت ئەشرەپ، روزى ئەييۇپ، سىدىقخان خوجا (تاجىك)، دۆلەت كەلدى (تاجىك)، ئابدۇراخمان روزى (خىزمەتچى)، خوتەندىن ئوسمان تۇردى، ئاقسۇدىن سەمەتخان، قاراشەھەردىن ئوسمان ياقۇپ، تۇرپاندىن سىراجىدىن زەپەر، مۇھەممەت زەئىدى قاتارلىقلار.

غۇلجىغا بارغان يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىدا قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە مۇۋاپىق خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى خىزمەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، مۇزداۋان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ، ھەر ساھەلەردە مەسئۇل خىزمەتلەرنى زىممىسىگە ئېلىپ ئىشلىدى. بىر قىسمى ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەت قىلدى.

## ئون بىرىنچى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ بۇزۇلۇشى

1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقتىن، ۋەكىللەر جايلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، 8 ـ ئايدا غۇلجىغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىتىم بۇزۇلۇپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتمۇ مەۋجۇت بولماي قالدى.

بىتىم نېمە ئۈچۈن بۇزۇلدى؟ بۇنىڭ بىر قاتار سەۋەبلىرى بار. تۈپ مەسىلە بىتىم تۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مەقسەت ـ مۇددىئالىرى بار ئىدى: ئۈچ ۋىلايەت ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداپ قېلىش بىلەن تىنچلىق بىتىمى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى بويىچە يەتتە ۋىلايەت

خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان، گومىنداڭ تەرەپ ھەر خىل ئامال - چارىلەر ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنى بېسىپ ۋە چەكلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى يوقىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان.

گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى دائىم دېگۈدەك «ئالاھىدە بولۇۋالدىڭلار» دەپ ئەيىبلەشكە ئۆرۈندى. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ئەمەس، شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ خەلقئارا كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى باشلانغان دەسلەپكى سۆھبەتلەردىلا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلىپىنىڭ مۇستەقىللىق ئەمەس، ئاپتونومىيە ئىكەنلىكىنى بىلدىم»① دېگەن. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مىللىي قۇرۇلتاي ئاچقاندىمۇ، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. گومىنداڭ تەرەپ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، ھەدېسىلا زۇلۇمغا قارشى پىكىر - تەلەپ قويغان، تىنچلىق بىتىمىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغانلارنى «شەرقىي تۈركىستانچى» دەپ ئەيىبلىدى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەسلىدە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاش ۋاقتىدىلا سەمىمىي بولغان ئەمەس. پەقەت ۋاقىتنى

① جاڭ جىجۇڭنىڭ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» دېگەن ئەسلىمىسىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قولغا كەلتۈرۈشنىلا مەقسەت قىلغان. شۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ئارمىيىسى يوق دېيەرلىك بولۇپ، گەنسۇدىن يۆتكەلگەن ما بۇفاڭنىڭ 5 ـ ئاتلىق جۇنى تېخى شىنجاڭغا يېتىپ كېلەلمىگەن، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭچىلار ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان ۋاقىت ئىدى.

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ تەرەپ ئىزچىل ھالدا تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلدى، بۇ ھەقتە پاكىت ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە پاكىتلارنى قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن:

(1) تىنچلىق بىتىمىنىڭ 11 ـ ماددىسىدا، ئەينى ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپتىن قولغا ئېلىنىپ قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلارنى، بىتىم ئىمزالىنىپ ئون كۈن ئىچىدە، بىرلا ۋاقىتتا تەڭ قويۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ بېسىمغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ تەرەپ بۇ ماددىنى پۇتۇنلەي ئىجرا قىلمىدى، مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش ۋە بېسىمغا ئۇچراتماسلىق ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قورالنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتقانلارنىمۇ ئۆلتۈردى. دېمەك، بىتىم ئىمزالىنىپ، تېخى ئۇنىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپلا تىنچلىق بىتىمى گومىنداڭ تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى.

(2) تىنچلىق بىتىمىنىڭ 1 ـ ماددىسىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆزلىرى ئىشەنگەن يەرلىك كىشىلەردىن مەمۇرىي خادىملارنى سايلاش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بىراق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقنىڭ دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئۆتكۈزۈشىگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا سايلام باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا گومىنداڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى، جاسۇسلىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، ساقچى ئورۇنلىرىغا مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تە-

رىپىدىن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەن سايلام ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى سايلام خىزمىتى ئېلىپ بارغاندا، يەرلىك گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ساقچى، جاسۇسلىرىنى، بەگ، بوجاڭ، لۈكچەك-لەرنى ئىشقا سېلىپ، دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلارنى ئۇرغان، ئۇلارغا تەھدىت سالغان؛ بولۇپمۇ ئەكسىيەتچىلەر تەشكىللىگەن چوماقچىلار گۇرۇپپىلىرى ئۇلارنى كالتەكلەپ ئۇرۇپ ناكار قىلغان، بەزىلىرىنى ئۆلتۈر-گەن. خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ قوراللىق كۈچ-لىرى سايلام تەشۋىقات يىغىنلىرىنى ئوققا تۇتۇپ ئادەم ئۆلتۈر-گەن. 1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كۇچانىڭ ھۇرۇز-باغ مەيدانىدا ئېچىلغان ئاممىۋى يىغىننى ئوققا تۇتۇپ، نەق مەيداندىلا ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆت كىشىنى يارىلاندۇرغان ھەم ئەزىز يۇسۇپ باشلىق ئون نەچچە كىشىنى تۇتقۇن قىلغان. بەزى جايلاردا خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى ياقتۇرغان كىشىلەرنى ھاكىملىققا سايلىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەر خىل رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، بېسىم ئىشلىتىپ، تەھدىت سال-غان، شۇڭا بەزى ناھىيە ھاكىملىرى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

يەكەن ۋىلايىتىدە بىتىمنى قوغدىغان، دېموكراتىك سايلامنى تەشۋىق قىلغان نۇرغۇن كىشى گومىنداڭ تەرىپىدىن قامالغان. يەكەن ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ ئۆز دائىرىسىدىكى خەلقنى خالىغانچە قاماش، ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا ئۇرۇمچىدىن خىز-مەت مۇناسىۋىتى بىلەن يەكەنگە بارغان مائارىپ تەپتىش خادىمى ئەنۋەر يۇسۇپنى قولغا ئېلىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقىتىۋەتكەن. شۇ كۈنلەردە يەكەندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىلغار زىيالىي ياش ئىمىن ئىسلامىمۇ جۇ فاڭگاڭ تەرىپىدىن تۈرمىگە قامىلىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقالغان. ئۇ ئۆلكىلىك سايلام ھەيئىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يېزىلاردا سايلام تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرى-

ۋاتقانلاردىن تۇرسۇن ھەسەن، مەھمۇت نۇر ، ئابدۇقادىر قارى، توختى نىياز، مۇھەممەت ئۆمەرئەلى، مەمتىمىن توختى قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۇتۇپ، تۈرمىگە تاشلاپ، ئۇلارغا «تاش-يول ياساشقا قارشى چىققانلار» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرگەن. ھەر خىل بەتنامىلار بىلەن قولغا ئېلىنغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

(3) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1947 - يىلى «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى»نى پەيدا قىلدى. ئەسلىدە ئۈرۈمچىدە 200 چە كىشى نامايىش قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىغا بېرىپ، جيۇچۈەندىكى قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلگەن بىر ئۇيغۇر ئىش-چىنىڭ جەسىتىنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ قىل-دى، بۇ ۋەقەدىن كېيىنلا 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەھەت مەخسۇم باشلىغان بىرنەچچە مىڭ كىشى تىنچلىق بىتىمىنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە نامايىش قى-لىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە 50 نەچچە خىل تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. گومىنداڭ تەرەپ بۇ نامايىشنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەش-كىللىگەن، بىزمۇ «نامايىشقا نامايىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرى-مىز» دەپ، يىغىن ئېچىپ قارار قىلىش ئارقىلىق بىر قېتىملىق «كەڭ كۆلەملىك نامايىش» ئۇيۇشتۇردى. ئەسلىدە ئابلەھەت مەخسۇمنىڭ نامايىشى خەلق ئۆزى تەشكىللىگەن نامايىش ئىدى. گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۈن گومىنداڭ پىرقىسى مەسئۇللىرىنى يىغىپ، «25 - فېۋرال نامايىشى»نى تەشكىللىدى. شۇ كۈنكى نامايىشتا، ئۇلار ئەخمەت-جان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا قورشاۋغا ئېلىپ، ئۇلارغا تەھدىت سالدى. نامايىشتا بىرنەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقىپ ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى. 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى بۇ نامايىشچى قوشۇن ئىچىدە پوقراچە كىيىنگەن، قورالنى يوشۇرۇۋالغان گومىنداڭ ھەربىيلىرى، ساقچىلى-

ــرى، جاسۇسلىرى بار بولۇپ، ئاتالمىش بۇ نامايىشچىلارنىڭ توۋلىغان شوئارلىرى ئالدىن تەييارلاپ بېرىلگەن «گومىنداڭنى ھىمايە قىلىمىز!» «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا يول قويمايمىز!» دېگەندەك يامان غەرەزلىك شوئارلار ئىدى.

(4) بىتىم ئىمزالانغاندىن باشلاپ گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە داۋاملىق ئىشپىيون، جاسۇسلارنى ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەن جاسۇسلاردىن 90 نەچچىسى ئاشكارىلاندى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئويغىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى مەلۇم قىلغانلار ئىدى. گومىنداڭ ئەۋەتكەن جاسۇسلار ئالتاي، ساۋەن، قوبۇقسار قاتارلىق جايلاردىن ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئادەملەرنى تېپىپ ئۇلارنى قورال - ياراغ ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى، بۇ باندىتلار تېگىشلىك دەككىسىنى يەپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا قېچىپ بېرىۋالدى.

(5) 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ 10 - ماددىسىدا ۋە قوشۇمچە ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن ھەربىي ئىشلار مەسىلىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى 12 مىڭ كىشى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ئاماننىق ساقلاش تۇەنى تەشكىل قىلىش ھەققىدىكى مەزمۇن گومىنداڭ تەرەپتىن ئىجرا قىلىنمىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ گومىنداڭنىڭ چېگرا ساقلىغۇچى قىسىملىرىنى ئۈچ ۋىلايەت رايونلىرىغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە يول قويمايتتى.

(6) تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق كىرىم - چىقىملىرىغا گومىنداڭ تەرەپ مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي، مائارىپ راسخوتىنى، ھەتتا ھەربىي قىسىملارنىڭ تەمىناتىنى بېرىشتىن باش تارتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى گومىنداڭ تەرەپتىن راسخوت تەلەپ قى-

لىپ، ئۈرۈمچىدىكى مالىيە نازارىتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئايلاپ - ئايلاپ ياتتى. ئامال بولمىغان شارائىتتا راسخوتنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئاساسەن ئۆزى ھەل قىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەر بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا دائىر ئاساسىي مەسىلىلەردىن ئىبارەت. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە بىتىمگە خىلاپ كېلىدىغان تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بىرى، 1947 - يىلى ئالتاي سايلام ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى تۇركىستان (خەنزۇچە ئىسمى تۇدىزى) دۆربىلجىنگە بارغاندا، كەچتە كىنوخانىدا ئۈرۈمچىدىن تەييارلاپ ئېلىپ بارغان تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقاتقان، كىنوخانىدىكى ئامما تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىشقا قارشى تۇرغان، نەتىجىدە پەيدا بولغان ماجىرادا ئامما تۇركىستاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ بۇ خاتالىقنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا قوشۇلغان. يەنە بىرى، 1945 - يىلى چۆچەك ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، چۆچەكتىكى گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي، ساقچى ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 1400 دەك كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن، بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا، چۆچەك خەلقى ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭ ھەربىي - ساقچىلىرىدىن «ئۆچ ئالىمىز» دەپ، 30 نەچچە كىشىنى قوغلاپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. بۇ مەسىلىدىمۇ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ خاتالىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گومىنداڭ تەرەپ يۇقىرىقىلاردىن سىرت ئالتايدا ئوسمان ئىسلامنى كۈشكۈرتۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى سالدىيۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىدى دەپ، بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئۈچ ۋىلايەتكە دۆڭگەپ قويدى.

ئوسمان ئىسلام ئەسلىدە ئالتاي تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن كىچىك قوراللىق گورۇھ ئىدى. 1943 - يىلى يازدا تاشقى موڭغۇلىيىدىن بىر قىسىم قورال ۋە قالقاباي قاتارلىق تۆت مەسلىھەتچى كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭغا قارشى كۈرەش باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان ئىسلام بىلەن دەلىلقان سۇگۇربايوف پارتىزانلىرى بىرلىكتە ئالتايدا گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. 1944 - يىلى ئىنقىلاب ئىلىدا غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئوسمان ئىسلام، دەلىلقان سۇگۇربايوف پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ كۈچلىرىنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقارغان ۋە ئالتايدا ئۇچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى تەشكىل قىلىنغاندا، ئوسمان ئىسلام ئالتايغا ۋالىي، دەلىلقان سۇگۇربايوف مۇئاۋىن ۋالىي ھەم قوشۇمچە ئالتاي ھەربىي قىسىملىرىنىڭ مەسئۇلى قىلىنغان. لېكىن ئوسمان ئىسلام ئىش ئورنىغا كەلمىگەن. بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىنغاندا سارسۇمبە (ئالتاي) گە كېلىپ، ئاز ۋاقىت شەھەردە تۇرغان بولسىمۇ، يەنە يامانلاپ ئۆز يۇرتىغا بېرىۋالغان، شۇنداقلا ئورۇمچىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە باغلاشقا كىرىشكەن. ئوسمان نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ تەرەپكە ئېغىپ ئاسىيلىق قىلىدۇ؟

ئوسمان ئىسلام ساۋاتسىز كىشى بولۇپ، ئالتاينى ئىگىلەپ، چەكسىز ھۆكۈمران بولۇشنى، ئۆز ئالدىغا خان بولۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئۇنىڭ قازاق خەلقىنىڭ قەدىمكى ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، ئاق كىگىزگە ئولتۇرۇپ، خانلىققا ئولتۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرگەنلىكى ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا ئىسپات بولالايدۇ. ئوسمان ئىسلامنىڭ دىنىي جەھەتتە بىلىمى بولمىسىمۇ، قاتتىق ئىسلام مۇرىتى بولغاچقا، خۇراپاتلىقلارغا قاتتىق ئىشەنگەن، ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان «كوممۇنىستلار دىننى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يوقىتىدۇ... ئاياللارنى ئومۇمنىڭ قىلىدۇ...» دېگەن سۆزلەرگە قاتتىق ئىشەنگەن، چۈنكى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا 1930 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن قاپاس موللىدەك ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلىرى بولغان. شۇڭا ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت قىزىللىشىپ كەتتى... ئۇلار دىنىنى يوقىتىدۇ» دېگەن. ئوسمان ئىسلام ئالتايدا ۋالىيلىققا تەيىنلىنىپ، ئالتايدا بىرنەچچە ھەپتە تۇرغاندا، ئاياللارنىڭ ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە خىزمەت قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، «ئاياللار ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەك»، «كىنو قويۇلمىسۇن، ئۇ دېگەن جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئىشى» دېگەن. ھەتتا روزا تۇتمىغان، ناماز ئوقۇمىغان، ھاراق ئىچكەنلەرنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە دەررە بىلەن ئۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىشنى تەلەپ قىلغان، ئوسمان ئىسلامنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرىگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭمۇ بۇ خىل تەلەپلەرگە قوشۇلماسلىقى تەبىئىي ئىدى. ئوسمان ئىسلامنىڭ خالىغانچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئاقمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز تەبىئىتى بويىچە گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. دىنىنى دەستەك قىلىۋېلىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭغا تايىنىپ ئالتاينى ئىگىلەپ، ئالتاينى ئۆزى بىلگەنچە باشقۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. گومىنداڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوسماننى تېپىۋېلىش خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئوسماننى قوللاپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلدۇردى.

ئوسمان ئىسلام ۋالىيلىقنى تاشلاپ ئۆز ئاۋۇلىغا قايتقاندىن كېيىن، 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى، كونا قەدىناسلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، مەخپىي ھالدا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتىپ، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلىدى.

گومىنداڭ تەرەپمۇ ئۇرۇمچىدىن ئوسمانغا ئالاقىچى، رادىست گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەن، ئاز - تولا قورال، گەزمال، چاي، شې-كەر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتكەن. 1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17- كۈنى ئوسمان ئىسلام ئۇرۇمچىگە لاتىف باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ، گومىنداڭدىن ھەربىي ياردەم سورىغان. گومىنداڭ تەرەپ بۇ قېتىم ئۇنى دەرھال 200 تۆگىگە ئارتىلغان 400 دانە مىلتىق، 30 پىلىموت، بىر قىسىم ئوق بىلەن تەمىنلىگەن، شۇنداقلا ئاسىلبەك بىلەن قابدۇشنى ئىككى پەي پىلىموتچى ئەسكەر بىلەن، ما تيەنفۇنى 200 قوراللىق ئەس-كەر بىلەن ئوسمانغا ياردەمگە ئەۋەتكەن. گومىنداڭنىڭ قورال ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوسمان ئىسلام 1947 - يىلى باھاردا ئىس-يان كۆتۈردى. دەلىلقان ئاتلىق تۈەنى ئوسماننى تارمار قىلدى. ئوسمان بەيتىك (تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسى) تەرەپكە قېچىپ بېرىپ، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا قىسىملىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ «بەيتىك ۋەقەسى»نى توغدۇرۇپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغى-دى. يەنە شۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ ئادەم-لىرى قونانباي بىلەن قۇرمان گېنېرال سۇڭ شىليەن ۋە ئامېرى-كىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى كونسۇلى ماكنان بىلەن كۆرۈشتى ۋە ماك-نان بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمانى مىجىتلەرنى بەيتىككە باشلاپ باردى. ماكنان بەيتىكتە تۆت كۈن تۇرۇپ قايتتى. يۇقىرىقىلار گومىنداڭ تەرەپنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۈنلەر-دە تىنچلىق بىتىمىگە قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى.

ئوسمان ئىسلام ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، بەيتىككە قاچقاندىن كېيىنمۇ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەرىكەتلىرى-نى توختاتمىدى. 1948 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتايغا يەنە 800 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلدى، بىر قىسىم قەبىلە باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇل-

دى. بۇنداق ئەھۋالدا دەلىلقان سوگورباييوف نەچچە يۈز ھەربىي-مەمۇرىي خادىمنى باشلاپ، ئالتايدىن چېكىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق چۆچەككە كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئىلى بىلەن چۆچەكتىن 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر تەييارلاپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سارسۇمبىنى ئالدى، كەينىدىنلا پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئوسمان ئىسلام ئالتايدا سارسۇمبىنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتا، كەڭ تۈردە بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ئۇرۇپ - چېقىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا بېرىپ جان ساقلىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گۇچۇڭدا ئوسمان ئۈچۈن ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇپ بېرىپ، ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى تەمىنلىدى، ئوسمانغا 1000 كىشىنى ئەسكەرلىككە تولۇقلاشقا رۇخسەت قىلدى ھەمدە يېڭى ئەسكەرلەرگە تەلىم - تەربىيە بېرىش نامى بىلەن گۇچۇڭغا 40 ئوفىتسېر ئەۋەتتى. ئوسماننى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بېرىپ، ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىدى. ئوسمان يەنە گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، دوست تارتىشتى. ئوسمان گۇچۇڭدا تۇرغان كۈنلىرىدە ئالتايغا ئادەم ئەۋەتىپ، داۋاملىق ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

## ئون ئىككىنچى، تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزى تىنچلىق بىتىمىگە قارشى نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ، «تىنچلىق بىتىمىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇزدى» دېمەكچى بولدى، ھەتتا «تۇرپان قوزغىلىڭى بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىدا ئاساسىي سەۋەب بولدى» دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقى گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا يۇلتۇز ئارقىلىق ئىلىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇ قوزغىلاڭ مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئۈچ ناھىيىدىن 300 دەك كىشى قۇربان بولدى. شۇ چاغدا گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھەربىي گارنىزونىنىڭ قوماندانى بولغان سۇڭ شىلىيەنمۇ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 ـ سانىدا) «تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىغان»، «ئۈچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى كادىر ئەۋەتكەن… بۇنى ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىقرار قىلدى» دېگەندەك ئويدۇرما سۆزلەرنى قىلغان. گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە پاكىتلارنى بۇرمىلايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋەھشىي جازا ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلىپ، بىتىمنى توغرا ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مەزگىلدە، تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيىنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىشنىڭ ئۆزى خەلقنى قىرغىنچىلىققا تۇتۇپ بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقى ئىچىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ئەمەلىيەت. گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپ قىلمىشلىرىنى كۆرگەن خەلق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىن گۇمانلانغان. خەلق ئىچىدە بىرەر تال قورالغا ئىگە بولۇش ئارزۇسىدا بولغانلار گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن مىلتىق، تاپانچا، ئوق دېگەندەك نەرسىلەرنى مەخپىي سېتىۋالغان. بىر تال ئاپتوماتنى مەھەللىدىكى تۆمۈرچى

ئۇستا ياسىغان. يەنە ئون نەچچە تال قورالنى قوزغىلاڭچىلار قاتناش-قان ساقچىلار كۆتۈرۈپ چىققان، مەسىلەن، تۇرپان شەھەر غەر-بىي دەرۋازا ساقچىخانا باشلىقى ئابدۇجېلىل ئون نەچچە قورال-لىق ساقچىنى باشلاپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغان. ئابدۇجې-لىل توقسۇندىكى بىر جەڭدە گومىنداڭنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈ-شۈپ قالغاندا، گومىنداڭ جاللاتلىرى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، توقسۇن بازىرىغا ئېسىپ قويغان. ئابدۇجېلىل ئەسلى ئۈچتۇرپانلىق يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى سېرىق، كۆزى كۆك بولغاچقا، گومىنداڭچىلار ئۇنى ئۇچ ۋىلايەت ئەۋەتكەن رۇس قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان. مەلۇم بولۇشىچە، شۇ چاغدىكى تۇرپان ناھىيىسىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا تۇرلۇك قورال-لاردىن 105 تال (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئاپتومات) بار ئىكەن.

تۆتسۇقما دېگەن جايدىكى بىر ماجىرادا گومىنداڭ ھەربىيلە-رى ئۆز تەرەپدارلىرىغا بىرنەچچە تال قورال تارقاتقان. بۇنى كۆرگەن ياڭخىيلىق ئىمىن ئاخۇن (ئىمىن شياڭجاڭ) بىرنەچچە قورال-لىق ئادەم باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنى قورشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالغان. گومىنداڭچىلار تۇرپان ھاكىمى ئابدۇ-راخمان مۇھەممەتنى قەستلەپ يوقاتماقچى بولغان. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇراخمان مۇھەممەتنى مۇئاۋىن ھاكىم باۋۇدۇن يۇ-سۇپ بىلەن كېچىدە شەھەر سېپىلىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈپ، پاقابۇلاق تەرەپكە قېچىپ بارغان. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئاستانا يېزا ساقچىخانا باشلىقى رەجەپ توختىغا خەۋەر بەرگەن. ئاستانىدا قوراللىق ھەم قورالسىز 1000 دەك كىشى سىڭگىم ئېغىزىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پوتەيلىرىگە ھۇجۇم قىل-غان. پىچان قوزغىلاڭچىلىرىمۇ كېلىپ ئۇلارغا ياردەملەشكەن، لېكىن قوزغىلاڭچىلار قورال ـ ياراغنىڭ كەملىكى ۋە ناچارلىقى، جەڭ تەجرىبىسىنىڭ ھەم تەشكىل ـ ئىنتىزامىنىڭ بولمىغانلىقى-دىن مەغلۇپ بولغان. ئەسلىدە ئابدۇراخمان مۇھەممەتنى بىرلەشمە

ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە تىنچلىق بىتىمىنى قاتتىق قوغداپ كەلگەن. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلارنى نەسىھەت بىلەن توسقان، قوزغىلاڭنى توسۇپ قېلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

## ئون ئۈچىنچى، «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن، تىنچلىق بىتىمى ۋە بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە تۇرۇپ، بىللە ئىشلەش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئەھۋالدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتتى. يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن كۆپلىگەن كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى جايلاردىن ئۈچ ۋىلايەتنى قوللىغان ئىلغار كىشىلەر ۋە ياشلار غۇلجىغا توپلاندى. بىتىم بۇزۇلۇپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداش، شۇ ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىشقا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدە غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىندى. «ئىتتىپاق» تەسىس قىلىش يىغىنىغا يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە كېڭەش ئەزالىرى، تەرەققىيپەرۋەر ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىمۇ قاتناشتى. يىغىندا «ئىتتىپاق»نىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك مۇراجىئەتنامىسى ماقۇللىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك قاتلىمى سايلاپ چىقىلدى. رەھبەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەركىبىگە ئۈچ ۋىلايەت مەسئۇل كادىرلىرى، ھەر مىللەت، ھەر تەبىقە ۋەكىللىرى كىرگۈزۈلدى، «خ ئى پ» ئۆز ئىشىنى توختىتىپ «ئىتتىپاق»قا قوشۇلدى، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»مۇ ئەمەلدىن قېلىپ، «ئىتتىپاق»نىڭ ياشلار بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

تۆۋەندىكى ئاساسىي قاتلاملاردا «ئىتتىپاق»نىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى.

«ئىتتىپاق» باش ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسلىكىنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈستىگە ئالدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ۋالىي، ھاكىملار قوشۇمچە «ئىتتىپاق» رەئىسى بولدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولۇپ، «ئىتتىپاق»قا ئەزا بولغانلارنىڭ سانى 77 مىڭدىن ئاشتى. «ئىتتىپاق» تەشكىلى ئۆز نىزامنامىسىدە، ئۆزىنى سىياسىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلات دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن پەرقى شۇكى، غۇلجىدىكى بۇ «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىدا ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. چۈنكى تىنچلىق بىتىمى بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش مەمۇرىي ئورگىنىنى تەشكىللەش بىتىمگە خىلاپ ھېسابلانغاچقا، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نامىدا رەھبەرلىك قىلغان. 1948 - يىلى 8 - ئايدا، «ئىتتىپاق» تەشكىل بولغاندىن كېيىنمۇ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم «ئىتتىپاق»نىڭ رەئىسى نامىدا رەھبەرلىك قىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن 1950 - يىلى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە «ئىتتىپاق» تەشكىلى قۇرۇلدى. «ئىتتىپاق»نىڭ نامىمۇ «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. «ئىتتىپاق»نىڭ باش ئىجرائىيە ھەيئىتى تەشكىللىنىپ،

سېپىدىن ئەزىزى باشلىق بولدى. «ئىتتىپاق» تەشكىلاتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئۆگىنىش، تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. يەتتە ۋىلايەتتە بولسا، جايلاردىكى ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتى «ئىتتىپاق»قا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇيۇشمىلارنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، كۇلۇب، سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر «ئىتتىپاق» رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈلدى.

1952 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، بۇرۇنقىدەك ئۆشرە - زاكات ۋە ۋەخپە يەرلەرگە تايىنىپ مەكتەپ باشقۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى. «ئىتتىپاق» قارمىقىدىكى بارلىق مەكتەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ خىراجىتى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1953 - يىلى باش ئىجرائىيە ھەيئىتى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدى، دەپ قارىلىپ «ئىتتىپاق»نىڭ تارقىتىلغانلىقى ئېلان قىلىندى. جايلاردىكى «ئىتتىپاق» تەشكىلاتلىرىنىڭ مالىيە ھېساباتى بوغۇلۇپ، ئېشىنغان نەق پۇلنى «ئىتتىپاق» باش ئىجرائىيە ھەيئىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇقتۇرۇلدى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلاردىكى ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق» تەشكىلاتلىرىنىڭ ئېشىنغان پۇلىنىڭ بىر قىسمى «خەلق باغچىسى» قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۆز جايلىرىغا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، قالغان قىسمى باش ئىجرائىيە ھەيئىتىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. جايلاردىكى «ئىتتىپاق» تەشكىلاتلىرىدىن يىغىلغان ئىقتىساد ئۈرۈمچىدىكى ھازىرقى «خەلق كۇلۇبى» قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى.

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2001 - يىل 2 -، 3 - سانلىرىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەيسەر جەڭچى

— يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف توغرىسىدا

يولداش ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولغان يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتى سەھىپىسى ئىچىدە بارلىقىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىگە يېتەكچى قىلدى ۋە ئۇنى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا تەتبىقلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە تۆرتكە بولدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى ئىچىدىكى خەلق ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئاكتىپ قەيسەر جەڭچى ئىدى.

1931 ـ يىللىرى فېئوداللىق زۇلۇم ۋە مۇستەبىت ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ھەر خىل دەھشەتلىك زۇلۇملىرىغا تاقەت قىلالماي تۇرالمىغان قۇمۇل دېھقانلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ

كۆتۈردى، بۇ قوزغىلاڭنىڭ شىنجاڭنىڭ شىددەتلىك تەسىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلىدى.

1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جاللات شېڭ شىسەي ئالدامچىلىق بىلەن پۈرسەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋال-دى، ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىر مەزگىلگىچە مەلۇم ئىلغار سىياسەتلەرنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى، شۇ-نىڭ بىلەن شىنجاڭدا بىرقاتار ئىلغار سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ، ھەتتا ماركسىزم ـ لېنىنىزم پەلسەپىلىرى تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ ۋۇجۇدقا كەلدى. جۈملىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىمۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى، يەنئەندىن بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى كېلىپ ھەرقايسى ساھەلەردە خىز-مەت ئىشلىدى، ئۇرۇمچىدە «8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى» قۇرۇلدى.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايلاردا، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاش-تى. دېڭ فا، چېن تەنچيۇ قاتارلىق يولداشلارمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كوممۇنىستلار يەنئەندىن شىنجاڭغا كېلىپ ھەرقايسى ساھەلەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردا ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، ئىنقىلاب يولىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ ۋەزد-
پىسى توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شىنـ-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى
كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بۇنداق ئۈنۈملۈك تەشۋىقات ـ تەربىـ-
يىلەر ۋە كوممۇنىستلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ـ پائالىيەتلىرى
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ سىيا-
سىي ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، خەلقىمىزنى كوممۇنىستىك
پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە ھاسىل
قىلىشقا يېتەكلىدى. مانا شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، شىنـ-
جاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلۈپ، روھىي قىياپىتىدە يېڭى كەيپىياتلار بارلىققا
كېلىشكە باشلىدى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەنە شۇ دەۋردە
ئۇچتۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا
كىردى.

يەنئەندىن كەلگەن كوممۇنىستلار ئىچىدە لى يۈنلياڭ (يەنە
بىر ئىسمى لى زىلياڭ) 1938 ـ يىلى ئۈرۈمچى 1 ـ ئوتتۇرا
مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ تەربىيىسى
ئالاھىدە ياخشىلاندى، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ماركسىزملىق پەلسەپە
ۋە سىياسىي ئىقتىسادتىن دەرسلەر سۆزلەندى، ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەركەز قىلىنغان تەشۋى-
قات پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1 ـ ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ پائالىيەتلەردە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە
باشلامچىلىق رول ئويناپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كوچا
ئويۇنلىرى تەييارلاپ، كوچىلارغا چىقىپ ئويۇن قوياتتى، تام
گېزىتلىرىنى چىقىرىپ، دېكلاماتسىيە يىغىلىشلىرىنى ئۇيۇشتۇ-
راتتى. مۇشۇ پائالىيەتلەردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاكتىپ رول
ئويناۋاتقان بىر ياش ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، تېتىكلىـ-
كى، روھىي كەيپىياتىنىڭ جۇشقۇنلۇقى، كىشىلەر بىلەن بولغان

مۇئامىلىسىنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بۇ بولسا دەل يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىدى.

لى زىلياڭ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى ئارقىسىدا ياش ئوقۇغۇچى ئابدۇكېرىم ئابباسوفتىمۇ باشقا ھەر مىللەت ياشلىرىغا ئوخشاش كوممۇنىستىك ئىدىيە بىخ تارتتى. 1938 - يىلى ئۇ ئۈرۈمچى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەندە، يولداش لىن جىلۇ ئىنستىتۇتتا ئىلمىي مۇدىر ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ مەكتەپتە يولداش لىن جىلۇنىڭ بىۋاستە تەربىيىسى ئارقىلىق پەننىي بىلىملەرنى، بولۇپمۇ ماركسىزمچە پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد قاتارلىق دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە، خەلقنىڭ پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا، ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقى، سوتسىيالىزم يولىلا خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بىرقەدەر چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردى، بۇ ئارقىلىق ئۇ خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تىكلەپ، جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلەرگە ئۆزىنى بېغىشلىغانىدى.

1941 - يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، غەربتە گىتلېر فاشىزمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ موسكۋا ئەتراپىغىچە بېسىپ كىردى، شەرقتە ياپون باسقۇنچىلىرى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىدى. جۇڭگودا بولسا، جياڭ جيېشى «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»نى تۇغدۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى پاجىئەلىك قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتىكى مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پۇرسەتپەرەس شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىنقىلابقا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلققە قارشى چىقىپ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ىنغا ئاتتى. بۇ چاغدا جىياڭ جىېشى ئـۆز يېقىنـلىرى ۋە ئـەمەلـدارلىرىنى شىنجاڭغا كەينى ـ كەينىدىن ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي بىلەن سىياسىي سودا قىلىپ، ئۇنىڭغا بىرقانچە چوڭ مەنسەپلەرنى كۆرسەتتى.

1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي جىياڭ جىېشىنىڭ ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يالغان دېلو ياساپ چىقىپ، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان 100 دىن ئارتۇق كوممۇنىستنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى، شۇ قاتاردا ھەر مىللەت خەلقىدىن ئىلغار زىيالىيلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىمۇ كۆپلەپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى. شۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي پەيدا قىلغان پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

شېڭ شىسەي قولغا ئالغان كىشىلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى «خائىنلارنىڭ ئائىلە تەۋەسى» دەپ، چەت جايلارغا سۈرگۈن قىلدى. شۇ قاتاردا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىمۇ ساۋەنگە سۈرگۈن قىلغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ئەينى يىللاردا بىرقەدەر تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، 30 ـ يىللاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئاكتىپ قوللىغۇچىلاردىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن شېڭ شىسەي ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغانىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ساۋەندە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى، ئۇ، بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن خەنزۇچە ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا ئۆزىگە خەنزۇچە تىل ۋە يېزىق جەھەتلەردە پۇختا ئاساس سېلىۋالدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن

كېيىن شېڭ شىسەيىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئارىلىقىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىۋالدى، ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئائىلىسى غۇلجىدا ئىدى.

گومىنداڭ كېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پىرقە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى، 1943 - يىلى ئىلىدا گومىنداڭنىڭ پىرقىسى قۇرۇلدى. بۇ پىرقە ئىلىدىكى نەنجىڭگە قاراشلىق ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنى بازا قىلىپ، ئۆزىگە كۈچ توپلىماقچى بولدى. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىۋېلىپ، كۇرس ئېچىش ئۇسۇلى بىلەن مېڭە تازىلاش ئېلىپ باردى. غۇلجىدىكى ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە مەكتەپ دەرسلىكلىرى سېتىلىدىغان خەلقئارا كىتابخانىغىمۇ پايلاقچى قويۇپ، ئۇنى نازارەت ئاستىغا ئالدى ۋە كىتابخانىغا كەلگەن كىشىلەرنى تەقىب قىلدى. شۇ يىلى يازدا «چەت ئەل كىتابلىرى كۆتۈپخانىسى» ئېچىش باھانىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىرىدىكى چەت ئەل كىتابلىرىنى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەرنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

شېڭ شىسەيىنىڭ خائىنلىقى ئارقىسىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى يەرلىك ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، بولۇپمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنىڭ ئادەملىرى ھەددىدىن ئېشىپ، خەلقنىڭ جېنىغا تەگدى، ئۇلار ئاممىۋى سورۇنلاردا، كوچىلاردا خەلقنى بوزەك قىلىدىغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۇدا بىرقانچە قېتىم ماجىرالار چىقتى. گومىنداڭ خەلققە تەھدىت سېلىش، تەقىب قىلىش، قاماققا ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى كۈچەيتتى، ئالۋان - ياساقنى كۆپەيتىپ خەلقنى جېنىدىن جاق تويدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۇستىگە گومىنداڭ هۆكۈمىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئات سېلىقى سېلىپ، چارۋىچى خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى، بۇ قوزغىلاڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرىدىغان پىلتە بولدى.

1944 ـ يىللىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋەزىيىتىدە تۈپكى بۇرۇلۇش هاسىل بولۇپ، گېتلېر گېرمانىيىسى مەغلۇبىيەتكە قاراپ يۈزلەندى، شەرقتە ياپون جاهانگىرلىكىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، شىنجاڭدىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى پىشىپ قالغانىدى. مۇنداق پايدىلىق شەرت ـ شارائىت ئاستىدا «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى. شۇ چاغدىكى كۈرەشنىڭ ئېهتىياجى ۋە تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» رەهبەرلىكى تەركىبىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر گەرچە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىسىمۇ، لېكىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋەكىللىكىدىكى ياش ئىلغار كۈچلەرمۇ بار ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ غۇلجا شەهرىدىكى خىزمىتىگە رەهبەرلىك قىلغۇچىلار ئىچىدە، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بىرقەدەر ياخشى ئۆگەنگەن هەم ئۆزىدە مەلۇم ئاساس ياراتقان بولغاچقا، بۇ جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى توغرا يولغا سېلىش، مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، هەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەهكەملەش، شەهەر خەلقىنى قوزغىتىش، تەشكىللەش ۋە قوراللاندۇرۇشتا ئۇنىڭ تۆهپىسى چوڭ بولدى.

1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، نىلقا تاغلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، گومىنداڭچىلار قوزغىلاڭ باشلىغان ئالتە كىشىنى «ئالتە ئوغرى» دەپ سۈندۈرۈپ، ناهايىتى چاپسان يوقىتىپ تاشلايمىز دەپ داۋراڭ سالدى. ئەمما هەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۇلارنى «ئالتە باتۇر» دەپ هۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى ۋە ئۇلارنى سۆيەتتى. ئۇلارنىڭ

قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا مەدھىيىلىنىپ، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش روھىغا مەدەت بولاتتى.

ئىلقا تاغلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، گومىنداڭچىلارنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى نازارىتى ۋە تۇتقۇن قىلىشلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ شەھەردە تۇرۇپ ئىشلىشى خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ شەھەردىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ، تاغدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ماسلىشىشىنىڭ ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئىلقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلىغان قوراللىق كۈچلەر شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن ھۇجۇم باشلىدى، ئىككى تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇم نەتىجىسىدە 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد قىلىندى، ئەتىسى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق قوراللىق كۈچلىرى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، 1945 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى گومىنداڭچىلارنى تەلتۆكۈس تازىلاپ بولدى.

1945 - يىلى يازدا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ مېۋىلىرىنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجىدا 1 ـ قېتىملىق ياشلار ۋەكىللە-
رى يىغىنى چاقىرىلىپ، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» رەس-
مىي قۇرۇلدى. يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ تەشكىلاتنىڭ
رەئىسلىكىگە سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي ـ تارباغاتاي
ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومى-
تېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئارقىمۇ ئارقا قۇرۇل-
دى. 1946 ـ يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ،
ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنگە قەدەر
ئۇ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىدا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. بۇ
ئارىلىقتا مەنمۇ شۇ تەشكىلاتتا بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف
بىلەن بىرگە ئىشلىگەنىدىم.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ
رەھبەرلىكىدە «كۈرەش» ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىپ، بۇ ئارقى-
لىق ياشلارغا ئىلغار ئىدىيىلەرنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي
روھ بىلەن تەربىيىلەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى
كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلغانىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ياشلارغا قارىتا سىياسىي ـ ئىدىيىۋى
تەربىيىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، ياشلارغا
خەلقئارا ۋەزىيەت، جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتى توغرى-
سىدا ئۆزى بىۋاسىتە دوكلات بېرەتتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بى-
رى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى، خىزمەتنىڭ
شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي ھەر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب
ئوقۇيتتى، ماتېرىيال كۆرەتتى ۋە خاتىرە يازاتتى. ئابدۇكېرىم
ئابباسوفنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئۇ
چاغلاردا يەنئەن بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، شىنى-
خۇا ئاگېنتلىقىنىڭ رادىئو خەۋەرلىرى بىزگە ئاڭلانمايتتى، شۇ-
ڭا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف شىنجاڭغا قوشنا بولغان بىر قانچە

دۆلەتلەرنىڭ خەنزۇچە رادىئو ئاڭلىتىشلىرىدىن بىرقەدەر ئوبيېكتىپ دەپ تونۇلغان ئىستانسىلارنىڭ كۈندىلىك خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ، رەتلەپ، بىزنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى شۇ خەۋەرلەردىن پايدىلىنىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغان ئاساستا ياشلارغا بېرىدىغان دوكلاتلارنى تەييارلاپ چىقاتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف يالغۇز يەرلىكتىكى ياشلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئارمىيە ئىچىدىكى ياشلارنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى.

1948 - يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوف مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا فرونتىغا كېلىپ، قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە سىياسىي دەرس ئۆتۈپ، مەخسۇس تېمىلاردا دوكلات بەرگەندى. بۇنىڭدا ئاساسەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى سۆزلەنگەنىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ماھىر تەشۋىقاتچى ۋە ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى ئىكەنلىكىنى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشلەردە ئوينىغان رولى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تولۇق ئىسپاتلىدى. ھەر قېتىم مىللىي ئارمىيىگە جەڭچى تولۇقلاش توغرا كەلسىلا، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قىسىملارغا كىرەتتى. بىرەر جىددىي ئەھۋال يۈز بەرسە، شۇئان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ قوراللاندۇرۇلاتتى. مەسىلەن، ئالتايدا گومىنداڭچىلار ۋە باندىتلار ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قوراللىق ۋەقە توغدۇرغاندا، چۆچەكتىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى دەرھال سەپەرۋەر قىلىنىپ قوراللاندۇرۇلغانىدى، قىسقىسى، ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپ، زاۋۇت، كان - كارخانا ۋە يېزىلاردا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كەڭ كۆلەمدە

قۇرۇلغانلىقتىن، بۇ تەشكىلاتلار ياشلارنى تەربىيىلەش، ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندۇرۇش، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسى ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. دېمەك، ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشتا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1946 - يىلى 8 - ئايلاردا جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ (سوپاخۇن پولكوۋنىكنىڭ تۆنى بىلەن)، مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ گومىنداڭ قىسىملىرىغا قارشى بولغان جەڭلەرگە رەھبەرلىك قىلدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ماھىر تەشۋىقاتچى، ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، ھوشيارلىقى ۋە ئالدىن كۆرەرمەنلىكى بىلەن يولداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان يېڭى ئەھۋال ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنقىلابقا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلققە قارشى ئەكسىيەتچىل مەيدانىنىڭ زادىلا ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشتا ئىككى قوللۇق تەييارلىق كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالدىنئالا تولۇق مۆلچەرلىگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، شىنجاڭ بويىچە ھەر مىللەت ئىلغار كۈچلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا تەشكىللەپ تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، بىر مەخپىي پارتىيە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ بۇ تەشەببۇسى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ مۇزاكىرىسى-

دە ماقـۇل كـۆرۈلگەندىن كېيىن، 1946 ـ يىلى باھاردا «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قۇرۇلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ يېڭى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، پارتىيىنىڭ پروگرامما ۋە نىزامنامە لايىھىسىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلاپ چىقتى. پارتىيە پروگراممىسىنى تەييارلاشتا شىنجاڭنىڭ مەسىلىسى ئاخىرى قانداق بولىدۇ، دېگەن مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنغاندا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «قەتئىي سوتسىيالىزمغا ماڭىمىز، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكى بولۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى ھەمدە ھازىرقى ئوبيېكتىپ ئەھۋالدا ئۇنداق ئوچۇق يېزىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلىنى گومىنداڭ ئاغدۇرۇلۇپ شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مۇزاكىرىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم، دېگەن مەزمۇندىكى پىكرىنى بەردى، بۇ پىكىرنى ھەممە بىر ئېغىزدىن قوبۇل قىلدى. «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» (قىسقارتىپ «خ ئى پ») دەپ بېكىتىلدى، يىغىندا «خ ئى پ»نىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى. ئابدۇكېرىم ئاببا‌سوف «خ ئى پ»نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى ھەمدە ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى «خ ئى پ»نىڭ ياشلار بۆلۈمى بولىدىغانلىقى قارارلاشتۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا قاتتىق دىققەت قىلىش توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ، خەت ـ ئالاقىلەردە ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى يېزىشقا بولمايدىغانلىقى، ئۆزگەرتكەن ئىسىم قوللىنىش لازىملىقى تەكىتلەندى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئابدۇكېرىم ئاببا‌سوفنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ بەزى مۇھىم جايلىرىدا پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىل قىلدى. ئۇ چاغدا، يەتتە ۋىلايەتتىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى گومىنداڭنى بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلاش، ئۇلارنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويماسلىق ئىدى.

1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جياڭ جيېشى ئاتالمىش «مىللىي قۇرۇلتاي» چاقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى، ئۇنىڭ ئاتالمىش «مىللىي قۇرۇلتاي» چاقىرىش دېگىنى 1945 - يىلى 1 - ئايدا چاقىرىلغان ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەر زاتلار قاتناشقان سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ روھى ۋە پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بولغاچقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بۇ ئاتالمىش قۇرۇلتايغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف گومىنداڭنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ، ئاتالمىش قۇرۇلتايغا قاتناشماقچى بولدى. چۈنكى ئۇ چاغدا، شىنجاڭدا 11 بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلار قۇرۇلتايغا قاتناشماسا گومىنداڭنىڭ بىتىمنى بۇزۇشىغا باھانە بولۇپ قالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ چاغلاردا گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تۇرۇۋاتقان نەنجىڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بار ئىدى. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مەقسەتلىك ھالدا شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە نەنجىڭغا باردى.

قورچاق قۇرۇلتايغا شىنجاڭدىن بارغان ۋەكىللەر 1947 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا «خ ئى پ» نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنى چاقىردى. مەن شۇ چاغدا ئەسئەت ئىسھاقوپ بىلەن بىرگە غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوف نەنجىڭغا بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى، ئۆزىنىڭ يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى، دۇڭ بىۋۇنىڭ مۇھىم يوليورۇق بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرىدىن تەشكىللەنگەن «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرىنىمۇ «خ ئى پ» گە قاتناشتۇرۇشنى مۇزاكىرىگە قويدى ۋە مۇنداق بىرلىشىشنى ئېلىپ بارغاندا «خ ئى پ» نىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئۇلغايتقىلى بولىدۇ دەپ تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ مەسئۇللىرىدىن لى تەيۇ، چېن شىخۇا، لوجىلار يىغىنغا قاتناشتى، بۇ يىغىندا «خ ئى پ» نىڭ رەھبەرلىكى تولۇقلاپ سايلاندى.

رەھبەرلىك تولۇقلانغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ قېتىم ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن نەنجىڭغا بارغاندا، قورچاق قۇرۇلتايغا شەكلەن قاتنىشىپ قويۇپلا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نەنجىڭدىكى ئاسارئەتىقىلەرنى ۋە باشقا مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ يۈرگەچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۇرغان جايىنى ئىزدەپ تاپقانلىقىنى، يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، يولداش دۇڭ بىۋۇغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئەھۋاللىرى، گومىنداڭ بىلەن بىتىم تۈزۈپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغانلىقى، «خ ئى پ» نىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك تەركىبى، نۆۋەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا جىددىي موھتاج بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى دوكلات قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى. دۇڭ بىۋۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇنىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

ـدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەرگەنلە-
كىنى، قايتىدىغان چاغدا يولداش دۇڭ بىۋۇ ئالاقە قىلىپ تورۇش
ئۇچۇن پىلىڭ گوئەننى (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ نەندى، ئازاد-
لىقتىن كېيىن بىر مەزگىل پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغە مۇئا-
ۋىن باشلىق بولغان) ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا قوشۇپ شىنجاڭغا
ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

1947 - يىلى جياڭ جېيشى ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستۈن
ئەسكىرىي كۈچ تولپلاپ يەنئەنگە ھۇجۇم قوزغىدى، پارتىيە مەركە-
زىي كومىتېتى يەنئەندىن ۋاقىتلىق چېكىندى، بۇ چاغدا گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۆرەڭلەپ شىنجاڭدا بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق
قىلىشقا باشلىدى، بىتىمدە بەلگىلەنگەن خەلقنىڭ دېموكراتىك
سىياسىي ھوقۇقىغا ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق چاڭ سېلىپ،
ۋەقە تۇغدۇردى. بىتىم ماددىلىرىدا: «شىنجاڭ خەلقىگە دې-
موكراتىك سىياسىي ھوقۇقى بېرىلىدۇ، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ
كېڭەشلىرىنى خەلق بىۋاستە سايلاپ چىقىدۇ، كېڭەشلەر شۇ
ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىنى سايلاپ چىقىدۇ، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلى-
رىنى خەلق كۆرسىتىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ بېكىت-
ىدۇ (ئاساسىي مەزمۇنى)...» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار ناھا-
يىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ كۆپ
جايلىرىدا گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە ساقچىلىرى ئاشكارا ئوتتۇ-
رىغا چىقىپ، سۇيىقەست ۋە ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ
غەرىزىنى خەلققە مەجبۇرىي تېڭىپ، سايلامغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇن-
چىلىق قىلدى. سايلامدا مەقسىتىگە يېتەلمەي قالسا خەلق سايلاپ
چىققان ھاكىملارغا خىلمۇخىل بەتناملارنى چاپلاپ قولغا ئېلىپ،
تۈرمىلەرگە تاشلىدى. بەزى جايلاردا سايلام مەيدانىنى قوراللىق
قورشاۋغا ئالدى، ھەتتا كۈچا ناھىيىسىدە، سايلىغۇچىلارغا ئوق
ئېتىپ، خەلقلەرنى يارىدار قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. بىر قانچە ۋىلا-
يەتنىڭ ۋالىيلىرىنى خەلقنىڭ نارازى بولۇشىغا قارىماستىن ئۆز

ئالدىغا خىزمەتكە تەيىن قىلدى. خەلق ئۈرۈمچى ۋە باشقا بىر قىسىم جايلاردا ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، گومىنداڭنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى بەزى ئەكسىيەتچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياساكا ئاتلىق 5 - جۈننىڭ ئەسكەرلىرىنى پۇقراچە ياساندۇرۇپ «نامايىش» قىلدۇردى، ئۇلار گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى شوئارلارنى توۋلاپ قانلىق ۋەقە تۇغدۇردى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىردى (بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يولداشلار تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى ئىزدەپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قالغان)، يەنە بىر تەرەپتىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئوڭۇشلۇق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئىشپىيون ئەۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئوسمان ئىسلام قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارغا قورال - ياراغ، ئوق - دورا، پۇل - پۇچەك بېرىپ، ئۇلارنى ئالتايدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ باندىتلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت بازىسىنىڭ ئارقا سېپىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماقچى بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گەرچە بىتىمگە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىتىمگە خىلاپلىق قىلىش ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. 1947 - يىلى 5 - ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىنى ئالمايلا ئۆزىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئورنىغا مەسئۇدنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، بۇنداق قىلىش بىتىمنىڭ روھىغا خىلاپ ئىدى. شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭغا نارازى بولغان ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى نامايىشلارنى ئۆتكۈزۈپ نارازىلىق بىلدۈردى. شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە يىغىن ئېچىشقا كەلگەن يېڭىدىن سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپچىلىك ۋەكىللەر مەسئۇدنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولغانلىقىغا نارازىلىق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن گومىنداڭ تەرەپ كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكىر بېرىشىنى چەكلەپ قويغانلىقتىن، ئاخىرى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنى ئېچىشقا مۇمكىن بولمىدى. نەتىجىدە ۋەكىللەر يىغىن ئاچالماي تارقىلىپ كەتتى، ۋەكىللەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا ماناس دەرياسىنى چېگرا قىلغان بىر — بىرىگە قارىمۇقارشى ئىستىھكام ئەكسىگە كەلدى، ئۈرۈمچى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلدى.

1948 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئىستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتۈپ، ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ۋەزىيەتتىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بولدى. ئۈچ ۋىلايەتتە ھەر مىللەت خەلقلىرى ۋە ھەر ساھە زاتلىرى ئىتتىپاقلاشتۇرۇلۇپ، جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كەڭ دائىرىلىك بىرلىك سەپ قۇرۇلدى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى، بۇ «ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن «خ ئى پ» نىڭ ئىشىنى توختىتىپ «ئىتتىپاق» قا قوشۇۋېتىش لايىق تېپىلدى.

«ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، پېلك گوئەن بىزگە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئۇرۇش ئەھۋالىدىن بەرگەن خەۋەرلىرىنى ئېلىپ ئاڭلىتىپ تۇردى، غۇلجىدىكى گې-زىتلەر شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەستىن بېسىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە خەۋەرلە-رىنى ئۈچ ۋىلايەت خەلقلىرىگە يەتكۈزۈپ تۇردى.

بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىلىدا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ خەلق ئىچىدە غۇلغۇلىلار كۆپىيىشكە باشلىدى، ئابدۇكېرىم ئاببا-سوف پېلك گوئەننىڭ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق ئىشلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەن بىلەن بىر قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ھەمدە ماڭا قورۇغا قالايمىقان ئادەملەرنى كىرگۈزمەسلىكنى، ئەتە - ئاخشامدا دىققەت قىلىشىمنى تاپىلىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى گېزىت - ژۇرناللار ئازادلىق ئۇرۇ-شىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، گو-مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاش-لاپ، خەلقنىڭ ئازادلىققا بولغان ئىشەنچىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف مەتبۇئاتلاردا يەنە ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىگە دائىر ماقالە - نۇتۇقلارنى ئېلان قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىر-نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، خەلققە تەشۋىق قىلىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، شۇ قاتاردا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «يې-ڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە قولياز-مىسىنى تەييارلىدى، مەن بۇ ئەسەرنى تۇنجى قېتىم ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆرگەنىدىم.

جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىر-لىك سەپ خاراكتېرىنى ئالغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ رەھبەرلىرى ھەر دەرىجە-
لىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلات-
لارغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرنى
يولغا قويۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بازىسىنى ئۈزلۈكسىز
مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ-
نى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە يېقىندىن ماسلاشتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ
خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭ-
نى بالدۇرراق ئازاد قىلىش ئۈچۈن دېڭ لىچۈننى سوۋېت ئىتتى-
پاقى ئارقىلىق غۇلجىغا ئەۋەتتى. دېڭ لىچۈن 1949 - يىلى
8 - ئايدا غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، «لىچۈن راتسىيىسى» نى
قۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى،
ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق يولداشلار يولداش دېڭ لىچۈننى
قىزغىن قارشى ئالدى، ئۇنىڭغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن
ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنو-
نوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سۇگۇربايوف، لو جى
قاتارلىق بەش كىشى (يولداش لو جى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، يولغا
چىقىش ئالدىدا غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك يېڭى سىيا-
سىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن
1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى
ئارقىلىق ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقتى. كىشىنى قاتتىق ئېچىن-
دۇرىدىغىنى شۇكى، شۇنچە يىل قان - تەر ئاققۇزۇپ، شۇنچە
زور قۇربانلارنى بېرىپ ئېلىپ يارغان ئازادلىق كۈرىشىنىڭ غەلە-
بىسىنى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى-
نى تەنتەنە قىلىش ئالدىدا تۇرغان شۇنداق ئۇلۇغ كۈنلەردە ئۇلار

ئۇشتۇمتۇت ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى، بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، شۇنداقلا پارتىيىمىز ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەتكە: «... يولداش ئەخمەتجان باشلىق بەش نەپەر يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك مونونوف، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف، يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوف ۋە يولداش لو جى مەڭگۈ ھايات» دېگەن مەزمۇندا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

بۇ قايغۇلۇق ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن ئېغىر قايغۇغا چۆمدى، 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى غۇلجىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق كوماندىر - جەڭچىلىرى، «ئىتتىپاق» نىڭ بارلىق ئەزالىرى، زاۋۇت - كان ئىشچىلىرى، دېھقانلار، ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى ۋە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى بولۇپ نەچچە مىڭلىغان ئادەم قاتتىق سۈكۈت ئىچىدە قايغۇلۇق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلغان قەھرىمانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ناھايىتى قىسقا ياشىغان بولسىمۇ لېكىن ئىنتايىن مەنىلىك ياشىدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىنقىلاب يولىغا قەدەم قويغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنە ھاياتى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان تىرىشچان ھايات؛ جاھان-

گىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش تۇغىنى باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرگەن جەڭگىۋار هايات. ئۇ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېگىلمەي ـ سۇنماي باتۇرانە كۈرەش قىلىپ كەلگەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلابىي ياشلىرىنىڭ تىپىك، قەيسەر ۋەكىلى. شۇڭا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى دائىم ياد ئېتىدۇ ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

بىز بۈگۈن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى ئەسلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئىنقىلاب ئۈچۈن زېرىكمەي ئۆگىنىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئىنقىلابىي روھىدىن ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

(«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 25 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا سۆھبەت

(ئۇنىئالغۇغا ئېلىنغان سۆز ۋە سۆھبەت خاتىرىسىگە
ئاساسەن رەتلەنگەن)

ئىلاۋە:

1986 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئالدىن كېلىشكىنىمىز بويىچە، بىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدۇق. يېشى يەتمىشكە كېلىپ قالغان بۇ پېشقەدەمنىڭ روھى تېتىك، مىجەزى يېقىملىق بولۇپ، بىزنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىمىزنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. ئۇ، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، سۆزگە ماھىرلىقى، يەنە كېلىپ خەنزۇچە سۆزنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقى سۆھبىتىمىزنىڭ ھەم يېقىملىق، ھەم كەڭ ـ كۇشادە ئۆتۈشىگە زور ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. سۆزلىشىدىغان مەسىلىلەرنىڭ مەركەزلىك بولۇشى ئۈچۈن، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، سۆھبىتىمىزنى سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە ئېلىپ باردۇق. يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوف قۇمۇل ۋالىيسى، ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلغا تارقىلىپ كىرىشى، 1931 ـ يىلىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ھەمدە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى دىنىي سوت قاتارلىق شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى. تۆۋەندە بىز بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى ئۇنىڭ-غۇا ئېلىنغان سۆز ۋە سۆھبەت خاتىرىسىگە ئاساسەن، مەسىلىلەر بويىچە رەتلەپ چىقىپ، كىتابخانلىرىمىزغا تەقدىم قىلماقچىمىز.

زىيارەت قىلغۇچىلار: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ما پىنيەن، جاۋ ئېنرۇ؛
ماتېرىيالنى رەتلىگۈچى: جاۋ ئېنرۇ.

## قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى توغرىسىدا

مېنىڭ بىلىشىمچە، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىمقى ۋاڭى ئەبەيدۇللا (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە «额贝杜拉» ياكى «额贝都拉» دەپ يېزىلغان (تۆۋەندە تىرناق (人) ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى رەتلىگۈچى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھات). شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ فېئودال ۋاڭ ـ گۇڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن چىڭ سۇلالىسىگە ئەڭ بۇرۇن بەيئەت قىلغىنى ئەبەيدۇللا. ئۇ بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قاراپ، قۇمۇلنى ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن ئەبەيدۇللاغا مەنسەپ ۋە ئۇنۋان بېرىپ، قۇمۇلنى ئىدارە قىلىشتەك بۇنداق چوڭ ھوقۇقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزىدۇ؟ (كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1696 ـ يىلى، ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان؛ ياندۇرقى يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ‹回部›نىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق تارخانى»

دېگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ، يەنى ئۇنى ۋارىسلىق فېئودال قىلىپ بېكىتىپ، قۇمۇلنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىدۇ؛ كېيىنكى يە-لى، يەنى كاڭشىنىڭ 37 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قۇمۇلغا ئەمەلدار ئەۋەتىپ، ھەربىي قوشۇن تەشكىللەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا رەسمىي ئىدارە قىلىدىغان تۇنجى جايى بولۇپ قالىدۇ.) ئەبەيدۇل-لا جوڭغار خانى غالدانىڭ ئوغلى سېبدان بالجۇرنى قولغا چۈشۈ-رۈپ، ئۇنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەبەيدۇللانىڭ بۇ ھەرىكىتى جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىسيانچىد-لىقىغا ئېغىر زەربە بولۇپ، ئۇبىيېكتىپ جەھەتتە دۆلەتنىڭ بىر-لىكىنى قوغداشتا تارىخىي رول ئوينىغان.

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى توغرىسىدا، مەن قۇمۇلدىكى چېغىمدا كىشىلەردىن سوراپ كۆرگەنىدىم، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى رايونى (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ خۇيچېڭ يېزد-سى) دىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قۇمۇل ۋاڭلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى، دېيىشىدۇ. بۇ سۆزگە مەن شۇ چاغدا گۇمان بىلەن قارىدىم. چۈنكى ئۇنداق بولىدىغان بولسا، قۇمۇلدا ئىلگىرى يەرلىك ئادەملەر يوقمىدى؟ شۇڭا مەن ئۇلارغا: ياق، ئۇنداق ئەمەس، دېدىم. چىڭگىزخان 700 — 800 يىل ئىلگىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۈچلۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئۇ «بىر دەۋرنىڭ ھۆكۈمرانى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى قۇمۇلغىمۇ يېتىپ كەلگەن، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان قۇمۇل رايونىدا ئىند-سانلارنىڭ پائالىيىتى بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا، ئارخې-ئولوگىيە خادىملىرى قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە سۇ ئامبىرىدىن 3000 يىلدىن ئىلگىرىكى جەسەتنى قېزىپ چىققانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ زېمىندا 3000 — 4000 يىلدىن بۇرۇنلا ئادەملەر ياشىغان. شۇڭا، چىڭگىزخاننى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى دېيىش ئاساس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىز. ئەمدى، ياشانغان كىشىلەر نېمە ئۈچۈن چىڭگىزخاننى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادى، دەيدۇ؟ ھەتتا يەنە بەزىلەر، قومۇل ئۇيغۇرلىرىمۇ موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى، دېيىشىدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە، چىڭگىزخان ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ قۇدرەتلىك خان بولۇپ، كېيىن ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغاللىق زېمىن ئايرىپ بەرگەن. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى خان ئاتىغان بولغاچقا، ئۇزاقتىن بويان پۇقرالارنىڭ نەزىرىدە مۇنداق بىر تۇيغۇ — گويا پەقەت چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىلا ھەقىقىي خان (ئاقسۆڭەك) بولالايدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۇ يالغان، دېيىدىغان قاراش شەكىللەنگەن. شۇڭا، قومۇل ۋاڭلىرىمۇ ئۆزلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى، دېۋالغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، پۇقرالارمۇ ئۆزلىرىنى: بىزمۇ موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى بولساق كېرەك، دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ تېگى ـ تەكتى مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئىسلام دىنىنىڭ قومۇلغا تارقىلىپ كىرىشى توغرىسىدا

ئىسلام دىنىنىڭ قومۇلغا تارقىلىپ كىرىشى توغرىسىدا مەن مۇنداق ئىككى خىل گەپنى ئاڭلىدىم: ئېيتىلىشىچە، ئىسلام دىنى ئەڭ دەسلەپتە قومۇل ناھىيىسىنىڭ ئاستانا يېزىسى كۆك گۈمبەز كەنتى (ھازىرقى قومۇل شەھىرى ئاستانا يېزىسىنىڭ كۆك گۈمبەز دېگەن يېرى) گە كىرگەن، دېيىلىدۇ. بۇنى مەن ئاستانىگە بارغاندا كىشىلەردىن ئاڭلىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەرەبىستاندىنمۇ ياكى باشقا بىر جايدىنمۇ، ئىشقىلىپ غەربتىن شەرققە يۈرۈپ قومۇلغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان بىر كىشى بولغانىمىش، ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇرېھىم تۈركىستان ئىكەنىمىش، ئۇ

ئالدى بىلەن ئاستانىدىكى كۆك گۇمبەزدە ئولتۇراقلىشىپ ماكانلىشۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەتراپتىكى جايلارغا بېرىپ دىن تارقاتقانىمىش. يەنە بىر خىل ئېيتىلىشتا، 50 نەپەر خوجا غەربتىن شەرققە كېلىپ، ئالدى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قارادۆۋە دېگەن يېرى (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسى) دە ئىسلام دىنىنى تارقاتقان، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قازا قىلىپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، دېيىلىدۇ. ھازىر قارادۆۋىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بىر پارچە زاراتگاھلىق — 50 خوجا مازىرى بولۇپ، بۇ ئەنە شۇ 50 نەپەر دىن تارقاتقۇچى كىشىنىڭ ئاخىرەتلىك جايى ئىمىش. بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلار بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قاچان، قەيەردىن قۇمۇلغا كېلىپ دىن تارقاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس.

## قۇمۇل ۋاڭلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 200 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولغىنى شاھ مەخسۇت چىنۋاڭ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن (ئۇ 1930 - يىلى ئۆلگەن)، ئۇنىڭ ئوغلى نەزەرنىڭ ۋاڭلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېندىن ئۆزىنىڭ ۋاڭلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى. ئۇ يېرىم يىل كۈتۈپ ياتتى، لېكىن جىن شۇرېن ئۇنى تەستىقلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ، ۋاڭلىق ئۇنۋانىنى ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىپ تاشلاپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدى. قۇمۇل رايونىدا قۇمۇل، يەتتەقۇدۇق، ئاراتۇرۇكتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىپ، ھاكىم (ئامبال) تەيىنلەپ ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن مەقسەت، قۇمۇل ۋاڭنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھوقۇقىنى تارقىتىپ، ئاجىزلاشتۇرۇپ، تارتىۋېلىش ئىدى. گەرچە نەزەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى كىچىك بېشىر (قۇمۇل ۋاڭىنىڭ 7 - ئەۋلادى بېشىر بولۇپ، نەزەرنىڭ ئوغلى بېشىرنى ئۇنىڭدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، تارىختا ئىلگىرىكى ۋاڭنى چوڭ بېشىر دەپ، نەزەرنىڭ ئوغلىنى كىچىك بېشىر دەپ ئاتىغان) ۋاڭلىق تەختىگە رەسمىي ۋارىسلىق قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋاڭ ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۇقرالارنىڭ تەسىراتىدا ئۇلار يەنىلا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تەخت ۋارىسى، ئۇلار يەنىلا ۋاڭ غوجام، ئۇلاردا ھوقۇق بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراش بولغان. كېيىنكى چاغلاردا ئاراتۇرۇك بىلەن يەتتەقۇدۇقتا ئايرىم - ئايرىم ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىمۇ، كىچىك بېشىر ۋاڭ بولۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچمەي، ۋاڭلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە يول قويۇلماسلىقى تەبىئىي ئىدى، ئەلۋەتتە.

قۇمۇل ۋاڭلىرى بىرنەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرۈش جەريانىدا، ئۇلار دىنىي زاتلارنى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى قانداق ئىدارە قىلغانىدى؟ قۇمۇل ۋاڭلىرى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ۋاڭلارغا ئوخشاشمايتتى. ئۇلار چىنۋاڭ (شاھزادە) ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا قوش چىنۋاڭ بولغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئورنى ئالاھىدە بولۇپ، تاكى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن، شاھ مەخسۇت ۋاپات بولغانغا قەدەر قۇمۇلدىكى پۇقرالار ۋاڭ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ۋاڭلىق ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىپ، ھوقۇقنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ۋاڭلىق

ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىنىشتىن ئىلگىرى، دىن قانۇنىغا ئارىلىشاتتى. بارلىق ئىشلار ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى (شەرىئەت) بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى، يەرلىك ھۆكۈمەتتە ئۇنى سوراۋشتە قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىمۇ شۇنداق بولغانىدى، مىراس ماجىرالىرى، نىكاھ، دەپنە (ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاخۇنلار مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلاتتى. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا دىنىي ئىمتىياز بىكار قىلىندى. لېكىن ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت سۈپىتىدە بەزى ئىشلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، مەسىلەن، ئەر - ئاياللار توي قىلىشتا، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا بېرىپ نىكاھ رەسمىيىتىنى ئورۇندىغاندىن سىرت، يەنە ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ نىكاھ ئوقۇتىدۇ، بۇ ئۆتمۈشتە ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ نىكاھ ئوقۇتۇش بىلەن شەكىل جەھەتتە ئوخشاشسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. بۇ شەكىل ئورۇنداشقا تېگىشلىك قانۇنىي رەسمىيەتلىكتىن قېلىپ، بىر خىل ئۆرپ - ئادەتكە ئايلاندى.

قۇمۇل ۋاڭلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ۋاڭنىڭ ئاستىدا مەخسۇس بىر چوڭ ئاخۇن بولاتتى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ، ۋاڭنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى ياكى دىنىي ئىشلار ياردەمچىسىگە تەڭ بولۇپ، مەسلىھەتچىلىك رولىنى ئوينايتتى. ۋاڭ دىنىي جەھەتتە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئاخۇندىن پىكىر ئالاتتى، ئاخۇن «قۇرئان كەرىم» ياكى باشقا دىنىي كىتابلاردىن ئاساس تاپقاندىن كېيىن، ۋاڭ غوجا ئاخۇن تېپىپ بەرگەن ئاساس بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى. چوڭ ئاخۇن پۈتۈن قۇمۇل رايونىدىكى ئاخۇنلارنى باشقۇراتتى. ئاخۇن يەنىلا ئالىي سەردار — ۋاڭ غوجىغا بويسۇناتتى، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولسا، ۋاڭ ئۆز تەۋەسىدىكى پۇقرالارنى قانداق باش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇراتتى؟ شاھ مەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە (1882 — 1930)، قۇمۇل 13 رايونغا بۆلۈنگەن (ئۇيغۇرلار ئۇلتۇراقلاشقان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ، باركۆل بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، ھەربىر رايونغا بىردىن دورغا (يېزا باشلىقىغا باراۋەر) قويۇلغان، دورغىلار ئاساسلىقى ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ئىجارە ـ باج يىغىش، ھاشار ـ سەيسى سۆيلەش، تۈرلۈك ئالۋان ـ سېلىق چېچىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغلاردا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىلكىدە 40 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولغان. لېكىن ۋاڭ قۇمۇلدىكى بارلىق تېرىلغۇ يەر، چۆل ـ جەزىرە، يايلاق، تاغ، ئورمان، كان بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىلكىمدە بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىغان، شۇڭا پۇقرالار ئۇنىڭدىن ئىختىيارى پايدىلىنالمىغان. مەسىلەن، دېھقانلار كارىز كولىماقچى بولسا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەستىقىسىز كولىيالمىغان. ۋاڭ ئوردىسى بىر قىسىم يەر ۋە چارۋىلارنى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئىجارىگە بېرىپ، ھەر يىلى ئىجارە ھەققى ئالغان. چارۋىچىلارنىڭ ئىجارە ھەققى تۆلىشىنى ئېلىپ ئېيتساق، ۋاڭ ئوردىسى مۇنداق بەلگىلىگەن: شۇ يىلى چارۋىچىلارغا قانچىلىك چارۋىنى باققىلى بەرگەن بولسا، قەرەلى توشقاندا ئەسلىي بەلگىلەنگەن ئىجارە ۋە باج مىقدارى بويىچە ۋاڭ ئوردىسىغا ئىجارە ۋە باج تاپشۇرۇشى شەرت، كەم تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ، بولمىسا تاختايغا مىخلاپ قويۇلىدۇ، ئۇنى تاپشۇرماي مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بۇ «تۆمۈر چارۋا» دەپ ئاتالغان، بېقىشقا تاپشۇرغىنى قوي بولسا «تۆمۈر قوي» دېيىلگەن، يەنە «تۆمۈر كالا»، «تۆمۈر ئات»، «تۆمۈر تۆگە» لەرمۇ بار. ۋاڭ ئوردىسى بۇ «تۆمۈر چارۋىلار» نى زادى قانداق شەرت بىلەن چارۋىچىلارغا بېقىشقا تاپشۇرغان؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە تۈرلۈك ئېيتىمشلار بار، ئۇنىڭ زادى قايسىسى توغرا، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەس.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋاڭ ئوردىسىغا يەر ئىجارىسى تاپشۇرغان-

دىن باشقا، يەنە ھەربىر ئائىلىنىڭ ھەر ئايدا ۋالىڭ ئوردىسىغا ئۈچ
كۈن ھەقسىز ئەمگەك قىلىشى بەلگىلەنگەن، كېيىن ئۇ بەش
كۈنگە كۆپەيتىلگەن، شۇڭا پۇقرالارنىڭ نارازىلىقى قوزغىلىپ،
1907 ـ يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن، دېھقانلار
قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا
قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا دۇدۇ
بولۇپ كەنسۇدىن كېلىۋاتقاندا، قۇمۇلدىن ئۆتۈۋېتىپ مۇشۇ ۋەقە-
نى بىر ياقلىق قىلغان. مەمۇرىي تۈزۈم يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگە-
رى قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئۇنىڭ ئىدارە قىلىش دائىرىسىدىكى ئۇيغۇر-
لار ھۆكۈمەتكە مەجبۇرىيەت ئۆتىمەيتتى، يەنى ئىجارە ھەققىمۇ،
باجمۇ تۆلىمەيتتى، ئۇيغۇر ۋاڭلىقى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن
ئاندىن يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج تۆلەيدىغان بولغانىدى.

مۇسۇلمانلاردا يەنە ئۆشرە ـ زاكات بېرىش مەجبۇرىيىتى
بولغانلىقتىن، دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىغا يەر ئىجارىسى تۆلىگەندىن
سىرت، مەيلى قانچىلىك ئاشلىقى قالسۇن، ئۆزلىرى يەيدىغان
ئاشلىقى يەتسۇن ـ يەتمىسۇن، ئاشلىقىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى
ئۆشرە قىلىپ بېرىشى شەرت ئىدى. مۇسۇلمانلار يەنە يىللىق
كىرىمىنىڭ قىرىقتىن بىر قىسمىنى زاكات ئۈچۈن تاپشۇراتتى.
ئۆشرە ـ زاكاتنىڭ بىر قىسمى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات
كىشىلەرنى، تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈ-
چۈن ئىشلىتىلەتتى، بىر قىسمى مەسچىتلەرگە تاپشۇرۇلاتتى،
بىر قىسمى ئاخۇنلارنىڭ سەرپ قىلىشىغا بېرىلەتتى. مۇسۇلمانلار
مانا مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئۆزىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتىنى
ئادا قىلغان بولاتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن
كېيىن، ئۆشرە ـ زاكات «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» غا بىر تۇتاش
تاپشۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ
ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولدى، بۇ ئەھۋال 1953
ـ يىلى ئاياغلاشتى. ئۇيغۇر ۋاڭمۇ ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇراتتى،

لېكىن ئۇنى بىۋاسىتە مەسچىتكە تاپشۇرماي، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيت، روزا ھېيتقا ئوخشاش چوڭ بايرام كۈنلىرىدە كەمبەغەللەرگە ئاز - تولا خەير - ساخاۋەت قىلىپ قويۇشقا ئىشلىتەتتى، شۇ قاتاردا دېھقانلارغا، ئاخۇنلارغا ۋە ئوردا خىزمەتچىلىرىگىمۇ ئىنئام بېرەتتى.

قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا دىنىي سوت تەسىس قىلىنغانمۇ، يوق، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، مېنىڭ بىلىشىمچە، دىنىي سوت تەسىس قىلىنمىغان، لېكىن ۋاڭ ئوردىسىدا بەزىدە سوراق ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى. دىنىي شەرئىي مەھكىمىسى مەسچىتلەردە تەسىس قىلىناتتى. مەسىلەن، شەھەر ئىچىدىكى چوڭ جامەدە مەھكىمە شەرئىي بار ئىدى. ئۇيغۇر ۋاڭ شاھ مەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، ۋاڭ ئوردىسىدا بىر نەپەر كاتىپ بولۇپ، ئىسمى ياقۇپ خېتىپ ئىدى، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ۋاقتىدا مەن بۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكەن (كېيىن بۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەن)، ئۇ بەزى ئەھۋاللارنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغلاردا مەھكىمە شەرئىينىڭ بىر چوڭ قازىسى بولۇپ، ئۇ ھەر دائىم ۋاڭ غوجا بىلەن بىللە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن، دىنغا چېتىلىدىغان جېدەل - ماجىرا، ھەق تەلەپ دەۋاسى، جىنايى ئىشلار دېلوسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەھكىمە شەرئىي سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىدىكەن. ۋاڭنىڭ قول ئاستىدا ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىككى ئەمەلدار، يەنى چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى بولۇپ، ئۇلار ھەممە ئىشنى باشقۇرىدىغان باش غوجىدارغا ئوخشاش، ۋاڭ غوجىغا ياردەملىشىپ ئىش بېجىرىدىكەن.

ۋاڭ ئوردىسىدا يەنە تۈرمە، يەنى «زىندان» بولغان. «زىندان» دېگىنىمىز، ئىككى مېتىرچە چوڭقۇر كولاپ ياسالغان تۈرمە بولۇپ، گۇناھكارلار شۇنىڭغا سولاپ قويۇلاتتى. ئاراتۇرۇكنىڭ نوم دېگەن يېرىدە زىندان بار ئىكەن، قۇمۇلدىمۇ بول-

غان. نومدىكى زىندانغا ئۇزۇن مۇددەت سولىنىدىغان گۇناھكارلار سولانغان. قۇمۇل شەھەر ئىچىنىڭ جەنۇبىدىن راھەتباغقىچە باردىغان يول بويىدىكى سايلىقتا بىر كىچىك زىندان بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا قاماش مۇددىتى قىسقا بولغان يەتتە ـ سەككىزلا گۇناھكارنى سولىغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭدىن مەقسەت گۇناھكارلارنى ئۆيلىرىگە قايتۇرماي، سايلىقتا ۋاقىت ئوردىسى ئۈچۈن ئەمگەك قىلدۇرۇش ئىكەن. كېيىن يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ، بۇ كىچىك زىندان بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، نومدىكى زىندان بىنا قىلىنغانىكەن.

شەھەر ئىچىدىكى جامەدە يەنە دىنىي مەكتەپ تەسىس قىلىنغان، ئەمما سىنىپلارغا ئايرىلمىغان، ئاخۇن، مولللار دەرس ئۆتەتتى. ۋاقتى قىسقا بولغانلىرىدا بىر ـ ئىككى ياكى ئۈچ ـ تۆت يىل، ئۇزۇن بولغانلىرىدا يەتتە ـ سەككىز يىل ھەتتا ئون يىل ئوقۇلاتتى. دەرس جەھەتتە، ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئاساسلىقى ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى ئۆگىنىلەتتى. ئۇ چاغلاردا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئازراق بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى.

## 1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا

قۇمۇلدا يۈز بەرگەن بىرىنچى قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يۈز بېرىشىدە مۇنداق بىرنەچچە سەۋەب بار: بىرىنچى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنى پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى، مەسىلەن، ئاشلىق، چارۋا، مېۋە قاتارلىق نەرسىلىرىنى بۇلىغان ھەمدە دېھقانلارنى ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك تاپشۇرۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەجبۇرلىغان. تاشۋېلىق (چىلك سۇلالىسى ۋاقتىدىكى ھۆججەت-
لەردە تارناشىن « 塔尔钠心 » ياكى تالناچىن « 塔勒钠沁 »
دەپ يېزىلغان، ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۋېلىق يېزىسى)
نىڭ شوپۇل دېگەن كەنتىدە سالى ئىسىملىك بىر دورغا بولۇپ،
ئۇ ئۆلكە ھەربىي قوشۇنى تۇرۇشلۇق جايغا ئوت - چۆپ، يەم-
خەشەكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار
ئۇنى بىرنەچچە كۈن قاماپ قويغان ھەمدە شوپۇلدىكى باج نازارەت-
چىسى ئۇنى قامچىلاپ ئۇرغان. سالى بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ
قويۇپ، پەيتى كەلگەندە ئۆچ ئالماقچى بولغان، كىشىلەر ئۇنىڭغا
ھېسداشلىق قىلغان. ئىككىنچى، 1930 - يىلى شاھ مەخسۇت
قوش چىنۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدا مەمۇرىي باشقۇرۇش
يولغا قويۇلۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ بۇرۇن
ئىگىلىۋالغان يەرلىرىنى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بېرىش؛
لېكىن يەر گۇۋاھنامىسى، يەنى يەر خېتى ئېلىش رەسمىيتىنى
ئۆتەشنى؛ يەنە بوز يەر تەقسىم قىلىۋالغان دېھقانلاردىن ئۈچ
يىلغىچە يەر بېجى ئالماسلىقنى بەلگىلىگەن. لېكىن، بۇ ئىشنى
كونكرېت بېجىرگۈچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇ بەلگىلىمىنى
ئادىل ئىجرا قىلماي، پەقەت خەنزۇ دېھقانلار ئىچىدىلا ئىجرا
قىلغان (بۇ يەردە دېيىلگەن خەنزۇ دېھقانلار، گەنسۇدىن كەلگەن
ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق بولۇشى كېرەك)، ئۇنىڭ ئەكسىچە، بوز
يەر — ئەمەلىيەتتە بىرنەچچە يىل تېرىلغان يەر — تەقسىم قىلى-
ۋالغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئۈچ يىللىق يەر بېجىنى تولۇقلاپ
تاپشۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. بەزى دېھقانلار ئۈچ يىللىق يەر
بېجىنى تاپشۇرۇشقا ماجالى يەتمىگەنلىكتىن، يەرلىرىنى قايتۇ-
رۇپ بەرگەن، ئەمەلدارلار بۇ يەرلەرنى يەنە ئاشۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان
خەلقلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن، بۇ يەرلەر يەنە ھېلىقى بەلگى-
لىمە بويىچە ئۈچ يىل باج ئېلىنمايدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالغان.
بۇ ئەھۋال يەرلىك دېھقانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. شۇ

چاغدا، شوپۇلدىكى دېھقانلاردىن نەچچە يۈز كىشى سالى دورغى-
نىڭ باشچىلىقىدا تاغقا چىقىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ
ۋەقەنى ماڭا، شوپۇلدىكى 62 ياشلىق ساۋۇر ئىمام دېگەن
كىشى 1962 - يىلى ئېيتىپ بەرگەن. شىڭ شىسەي تەختكە
چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان
دوكلاتىدا، شۇ چاغدا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەرلىرى پۈتۈنلەي دېھقان-
لارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىكەن، بىراق جىن شۇرېننىڭ ئىشقا
قويغان ئادەملىرى ناباب بولغانلىقتىن چاتاق چىقىپ، 1931 -
يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن، دېيىلگەن. بۇ، ئەمەلىي
پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇ چاغدا دېھقانلارنىڭ ھەممىسىگىلا يەر
تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇلار ئەمەلىي مەن-
پەئەتكىمۇ ئېرىشەلىگەن ئەمەس. ئۈچىنچى، قۇمۇل تاغلىرىدىكى
چوڭ ئائىلىلەردە مۇنداق بىر ئادەت بار: ئۇلار كۈز پەسلى سۇنىڭ
كۆپ بولۇشىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن قىش بويى يەتكۈدەك ئۇن
تارتىپ تەييارلىۋالىدۇ، شۇڭا تارتقان ئۇننىڭ مىقدارى ناھايىتى
كۆپ بولىدۇ. ئاراتۇرۇكلۇك سالى دورغا بىرنەچچە ئادەم بىلەن
ئۇن تارتىپ كېلىۋاتقاندا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن
ئۇنى بۇنچىۋالا جىق ئۇننى تارتىپ تاشقى موڭغۇل تەرەپ (ھازىر-
قى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى) كە قاچماقچى، دەپ تۇتقۇن
قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇنلىرىنى مۇسادىرە قىلىش بىلەن يەنە جەرىمانە
قويغان. نەتىجىدە ھەربىي قوشۇن ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك
پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ،
كۆرەش بارغانسېرى كەسكىنلەشكەن. تۆتىنچى، ئاخىردا خەنزۇ
ئوفىتسېرنىڭ بىر ئۇيغۇر قىزىنى زورلۇق بىلەن ئۆز نىكاھىغا
ئېلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بۇ ۋەقە قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىغا
تۇتۇرۇق بولغان (ئۇيغۇر قىزىنى زورلۇق بىلەن نىكاھىغا ئېلىش
ۋەقەسى مۇنداق بولغان: شوپۇلنىڭ تۇخۇلۇ چازىسىدا تۇرۇشلۇق
ئوفىتسېر جاڭ گوخۇنىڭ بىر ئۇيغۇر قىزىغا كۆزى چۈشۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنى زورلۇق بىلەن ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولىدۇ. قىزنىڭ
ئاتا - ئانىسى ئىلاج يالغاندىن ماقۇل بولىدۇ، توينى مىنگونىڭ
20 - يىلى [1931 - يىلى] 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قىلىشقا
بېكىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتىسى يۇرتداشلىرى
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، توي بولىدىغان كۈنى بىرلىكتە قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈشكە كېلىشىدۇ. توي بولىدىغان كۈنى، قىز قىياپىتىدە
ياسانغان يىگىت ۋە توي كۆچۈرگۈچىلەر قىياپىتىدە ياسانغان دېھ-
قانلار بىردىنلا ھەرىكەتكە كېلىپ، جاڭ گوخۇنى ۋە ئۇ باشلاپ
كەلگەن 32 ئەسكەرنى بىراقلا ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى
بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ
پارتلايدۇ).

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى —
خوجىنىياز ھاجى. ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۆزۈم بىلىدىغان بەزى ئەھ-
ۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتەي: خوجىنىياز ھاجى ئىلگىرى تۆمۈر خە-
لىپە رەھبەرلىك قىلغان 1912 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار
قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،
ئۇ بىرنەچچە يىل سىرتتا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ، كېيىن يەنە
قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن ھەمدە قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۇھاپى-
زەتچى ئەترەت باشلىقى بولغان. خوجىنىياز جەڭ قىلىشقا بىرقە-
دەر ماھىر ھەم داڭلىق مەرگەن، ئەمما بىلىم ساۋاتى ئانچە يوق.
ئۇ 1931 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ،
خەلقنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، خەلق ئۈچۈن بىرمۇنچە ياخشى ئىشلار-
نى قىلغان. كېيىن ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشىدىكى ئەھ-
ۋال توغرىسىدىمۇ ئاڭلىغانلىرىم بار. 1961 - يىلى، ئاپتونوم
رايوندىن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىككى
نەپەر يولداش 1931 - يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر

ئەھۋاللارنى ئۇقۇش ئۈچۈن قۇمۇلغا كەلگەنىدى. شۇ چاغدا، ئۆز زامانىدا خوجىنىياز ھاجى قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئون نەچچە نەپەر 60 — 70 ياشلىق قېرى كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېھمانخانىدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. ئۇلار بىر-لىكتە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەشتى. خوجە-نىياز ھاجى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى مەن شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئاڭلىغانىدىم. خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا، سابىت داموللا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلا-لىيەت جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىگە قاتناشقان - قاتناشمىغانلىق مەسىلىسى ھەققىدە كۆپچىلىك مۇنداق دېيىشتى: سابىت داموللا ئۇ ھۆكۈمەتنى تەشكىللەۋاتقاندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆزى قەشقەردە ئەمەس، ئاقسۇدا ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمى شۇ ھۆكۈمەت تەركىبىنىڭ ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغان، قەشقەر كوناشەھەرگە يېتىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا، چېگرىغا بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سورىغان. ئېيتىش-لارغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ: شىنجاڭ بولسا شېڭ شىسەي رەھبەرلىكىدىكى رايون، بىز پەقەت شېڭ شىسەيىنىلا ئېتىراپ قىلىمىز، قورال بېرىدىغان بولساق بىر تۇتاشلا شېڭ شىسەيگە بېرىمىز، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ، بىرىنچىسى. ئىك-كىنچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ يەنە خوجىنىياز ھاجىغا: سابىت داموللا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» ياخشى ئەمەس، ئۇ جاھانگىرلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى، دېگەن ھەمدە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇ-شىنى تەلەپ قىلغان. قېرىلارنىڭ ئېيتىشىچە، خوجىنىياز ھاجى «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»نى ئېتىراپ قىلمىغان؛ گەرچە ئۇ نام جەھەتتە قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەت-تە ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىغان، بەلكى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەكسىچە، شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، سابىت داموللا قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. كېيىن، 1937 ـ يىلى كۈزدە، خوجىنىياز ھاجىنى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ھەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

سابىت داموللا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشتىن ئاۋۋال، ئۇ مۇھەممەتئىمىن بىلەن خوتەندە يەنە بىر ئاتالمىش «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بىرنېمىنى قۇرغان. ئۇ چاغدا تۆمۈرئەلى (تۆمۈر شىجاڭ) قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خوتەندىكى سابىت داموللا، مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر قاتارلىقلار قەشقەرگە كېلىپ، تۆمۈر شىجاڭ بىلەن بىرلەشمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلۇپ، تۆمۈر شىجاڭ سابىت داموللا ۋە شاھ مەنسۇر قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ قاماپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا قەشقەردە گۇرۇھلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەھۋال مۇرەككەپ ئىدى. سابىت داموللا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، قەشقەردە، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»نى قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ «باش مىنىستىرى» بولغان سابىت داموللا، ئىلگىرى چەت ئەللەرگە چىققان بولۇپ، دىنىي، سىياسىي ئىشلار، خەلقئارا ۋەزىيەت جەھەتلەردىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىكەن. «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» يىمىرىلگەندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىن ئافغانىستانغا قېچىپ كەتكەن.

سابىت داموللا قاتارلىقلارنىڭ خوجىنىياز ھاجىنى نامدا «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»نىڭ پرىزىدېنتى، يەنى زۇڭتۇڭى قىلىپ تىكلەپ قويۇش ھەمدە قەشقەردە ئۇنى چاجاڭ قىلىپ قارشى ئېلىشتىكى مەقسىتى، مېنىڭچە، ئۇنىڭ كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى ئىناۋەت ـ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىش ئىدى. ھازىر بەزى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ خوجىنى-

ياز ھاجى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى ئۇنى ئىجابىي شەخس دېسە، بەزىلىرى سەلبىي شەخس، دەپ قارىماقتا. مېنىڭ قارىشىمچە، ئەمەلىي پاكىت قانداق بولسا شۇنداق قاراش كېرەك. قىسقىسى، خوجىنىياز ھاجىغا ئوبيېكتىپ ۋە تارىخىي يوسۇندا قاراپ، ئۇنىڭغا ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان، ئادىل، توغرا باھا بېرىش كېرەك بولۇپ قالدى.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مەھكىمە شەرئىي توغرىسىدا

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە دىنىي نازارەت تەسىس قىلىنغان، مەھكىمە شەرئىي يەنىلا مەسچىتلەردە قۇرۇلغان. دىنىي نازارەت ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ قارىمىقىدىكى بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا نوپۇزلۇق دىنىي زاتلار رەھبەرلىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى دىنىي ئىشلارغا نازارەت قىلىش، دىنىي زاتلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش قاتارلىق ئىشلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت قارىمىقىدا يەنە سوت ئورگىنىمۇ بار ئىدى. دىنىي نازارەت قانداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەشكىلىي ئاپپاراتى بولۇپ قالغان؟ قارىماققا بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش قىيىن. لېكىن بۇ مەسىلىگە شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ قارىغاندا، چۈشىنىش تەسمۇ ئەمەس. ئۇ چاغلاردا دىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ناھايىتى چوڭ زىددىيەت كېلىپ چىقاتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشىمۇ قىيىن بولاتتى. چۈنكى بەزى مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، «ئۈچ تالاق» مەسىلىسىنى سوت بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، بۇنى پەقەت دىنىي ئادەت بويىچە ئاخۇنلار ھەل قىلىدۇ. مىراس مەسىلىلىرىنىمۇ ئومۇمەن ئاخۇنلار ھەل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ چاغدىكى جەڭچىلەر ئىسلام دىنىغا

www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، جەڭچىلەر جەڭدە قۇربان بولسا، ئۇنىڭغا ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىشقا توغرا كېلەتتى، ئەگەر ئۇنداق قىلىنمىسا، ئەسكەر بولۇپ جەڭگە بېرىشقا ھېچكىم ئۇنىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي قوشۇنىنى گومىنداڭغا قارشى جەڭگە ئاتلاندۇرۇشتىمۇ دىنىي جەھەتتە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، شۇ چاغلاردا ھەربىر تۈەندە بىردىن باش ئاخۇن، يىڭ، لىيەنلەردە بىردىن ئاخۇن ياكى ئىمام قويۇلغان. پەي (ۋىزۋوت)، بەن (ئوتدېلېنىيە) لەرگە شتاتلىق ئاخۇن ياكى ئىمام قويۇلمىغان، پەي، لىيەنلەر ئايرىم ھەرىكەت قىلغان (جەڭ ياكى باشقا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن چىققان) چاغلاردا ناماز ئۆتەش توغرا كەلگەندە، كۆپچىلىك ئۆز ئىچىدىن دىنىي ساۋاتى بارلاردىن بىرىنى ۋاقىتلىق ئىماملىققا سايلاپ ناماز ئۆتەيتتى، لېكىن، ناماز ئۆتەشكە مەجبۇر قىلالمايتتى، شۇڭا جەڭچى ـ ئوفىتسېرلەر ئىچىدە ناماز ئۆتىگۈچىلەر كۆپ ئەمەس ئىدى. كوماندىرلار ئىچىدە بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلار دىنىي پائالىيەتلەرگە قىزىقمايتتى، قىسىملاردىكى ئاخۇنلارمۇ دىنىي نازارەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلمايتتى.

مەھكىمە شەرئىي بىلەن ئەدلىيە سوتى خىزمەت تەقسىم قىلىشۋالغان. ئىسلام دىنىغا دائىر مەسىلىلەر، مەسىلەن، مىراس دەۋاسى، نىكاھ ئىشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەھكىمە شەرئىي بىر تەرەپ قىلاتتى، باشقا ئىشلارنى ئەدلىيە سوتى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئەگەر دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ دىنىي سوتنىڭ كېسىمىگە رازى بولمىسا، ئەدلىيە سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقىمۇ بولاتتى. ئۇ چاغلاردا دىنىي جەھەتتىكى ئىشلار خېلى مۇرەككەپ ئىدى، بەزى ئىشلارنىڭ شۇ چاغدا ھوقۇق تۇتقانلار ئىچىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە رولى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋىتى بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

## مەسئۇد توغرىسىدا

سىلەر مېنىڭدىن: «بەزىلەر مەسئۇدنى پانتۇركىزمچى دەيدى-
كەن، بۇ گەپنىڭ ئاساسى بارمۇ؟» دەپ سورىدىڭلار. مېنىڭچە،
ئۇ گەپنىڭ ئاساسى بار. مەسئۇد ئىلگىرى تۈركىيىگە چىقىپ
ئوقۇغان. ئۇ شۇ چاغلاردا پانتۇركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلى-
غان، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا پانتۇركىزم
ئىدىيىسى سىڭگەن، ئۇ كوممۇنىزمغا، سوتسىيالىزمغا قارشى
تۇرغۇچى تىپىك ئۇنسۇر ئىدى، شۇڭا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
غا قارشى ئىش قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى
ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، گومىنداڭ — جياڭ جيېشى بولسا ئۇنى
قوللىغان ھەم ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
رەئىسى بولغاندا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۇنىڭغا قارشى
تۇرغانىدى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بەزىلەر مەسئۇد، مۇھەم-
مەتئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارنى «چىنى (جۇڭگو) تۈر-
كىستانچى»، ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلەر بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغدىغان ۋەھاكازا، دېگەن گەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان، ھەتتا
«چىنى تۈركىستان» دېگەن بۇ نام جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمدىن كې-
لىپ چىققان، دېيىشكەن. بۇ گەپ - سۆزلەر كىشىلەرنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. مەسىلىگە قا-
راشتا، ماھىيەتتىن قاراش كېرەك. مەسئۇد قاتارلىقلاردا ۋەتەن-
پەرۋەرلىك ئىدىيىسى بارمۇ، يوق، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى-
ى قوغدىغانمۇ، يوق؟ بۇنىڭدا پاكىتقا قاراش كېرەك. ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستى-
لىك ھالدا ئالاقە باغلىغان، بۇ ئىنقىلاب جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك
ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. مەسئۇد قاتارلىقلار: «سو-

ۋەت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلەشسەك بويىنىمىزغا تۆمۈر زەنجىر باغلانغانغا باراۋەر. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، گومىنداڭ بىلەن بىرلەشسەك، بويىنىمىزغا كەندىر ئاغامچا باغلانغانغا باراۋەر، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ئۈزۈپ تاشلاپ قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدۇ» دېيىشكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، مەسئۇد قاتارلىقلار ماھىيەتتە تامامەن ئەكسىيەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆمۈر بويى كوممۇنىزمغا، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇپ، ئەكسىيەتچىلەر ئۈچۈن كەتمەن چاپقان ئۇنسۇرلاردۇر. ئۇلار ئۆمۈر بويى خەلققە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىلىق بىرەرمۇ ياخشى ئىش قىلمىغان تۇرسا، ئۇلاردا قانداقمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بولسۇن؟

(خەنزۇچە رەتلەنگەن خاتىرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى)

ئەزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

(شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 1987 ـ يىلى 1 ـ توپلامدىن ئېلىندى)

# «ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا شاكەرىم ئەكرەمنىڭ «ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار يېزىلغان، ھەممە كىشى قىزىقىدىغان تېمىدىكى ماقالە بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن تولغان 30 ـ يىللار شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاجايىپ يىللاردۇر. خەلقىمىز ئىچىدە «گا سىلىڭ» دەپ ئاتالغان ما جۇڭيىڭ ئەنە شۇ يىللاردا بىر قىسىم پۇقرالارنى قىرغىن قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى قالايمىقان قىلغان، ئاخىرىدا ھېچ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالغان بىر شەخس بولغاچقا، 60 ياشتىن ئاشقان بوۋايلاردىن ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغانلار ئاز بولسا كېرەك. يېقىنقى يىللاردا مەتبۇئاتلاردا ما جۇڭيىڭ ھەققىدە بىرمۇنچە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالەمدە يولداش شاكەرىم ئەكرەمنىڭ «ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىسىدە يول قويۇلغان، ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان بەزى خاتالىقلار ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈزىتىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

ماقالىنىڭ بېشىدا «قۇمۇلدا جىن شۇرېننىڭ بىر لۇي ئەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىرى تۇرغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا بارماي، ئاۋۋال باركۆلگە بېرىپ، قازاقلاردىن ئات، ئۇيغۇر، تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، 36 - شىنىڭ كەم - كۇتىسىنى تولۇقلىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن قۇمۇلنى ئالماقچى بولغان. ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىشقا قۇمۇلدىن يولۋاسنى ئەۋەتكەن» دېيىلگەن. ئاپتور بۇ يەردە بىرنەچچە خاتالىقتا يول قويغان:

(1) ما جۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا، يەرلىك قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان ھەتتا شەھەر سېپىلى ئاستىدىن يەر ئاستى يولى ئېچىپ شەھەر (لوچېڭ) گە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، غەلىبە قىلالمىغان. بۇ ئارىدا جىن شۇرېننىڭ باركۆلدە بىر ئاتلىق تۇەن ئەسكىرى بولغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم كۈچىنى باركۆلگە ئەۋەتىپ باركۆلنى ئالغان. باركۆلدە ئەسىرگە ئېلىنغان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمى (خەنزۇلار) نى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ما جۇڭيىڭ باركۆلدە ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر ئالغىنى يوق. قازاقلاردىن ئات ئالغان ئىشمۇ بولمىغان.

(2) قوزغىلاڭ باشلىقلىرىدىن ئابدۇنىياز مىراب (ئاراتۇرۇكلۇك) ۋە سالى دورغا (شوپۇللۇق) لار ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىشقا يولۋاسنى، ئەمەس شاقورمال ۋە ئابدۇرېھىم روزى دېگەن ئىككى كىشىنى بىر تەرجىمان بىلەن ئەۋەتكەن. بۇ 1931 - يىلىنىڭ① بېشىدىكى ئىش بولۇپ، بۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجى تېخى قوزغىلاڭ رەھبىرى ئەمەس، مەھمۇت مۇھىتىمۇ تۇرپاندا ئائىلىسىدىكى (بۇ چاغدا تۇرپاندا قوزغىلاڭ باشلانمىغان). كۈنلەر ئىدى. بۇلار قانداقسىغا ما جۇڭيىڭنى قارشى ئالسۇن؟ ما جۇڭ-

---

① «قۇمۇل ناھىيە تەزكىرىسى» دە (693 - بەتتە)، 1931 - يىلى دېيىلگەن.

يىلىك بىرىنچى قېتىم 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇمۇلغا كېلىپ
قۇمۇل، باركۆل، يەتتەقۇدۇق، لياۋدۇڭ ئارىلىقىدا جىن شۇ-
رېنغا قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ، پۈتى يارىلانغانلىقىنى باھانە
قىلىپ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، غەنىيمەت ئالغان قورال -
ياراغلارنى ئېلىپ گەنسۇغا قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن جىن
شۇرېن قۇمۇلغا كۆپلەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باس-
تۇرۇشقا كىرىشكەن. قوزغىلاڭچىلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالغان. شۇ كۈنلەردە يولۋاس بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇر-
ىسىدا زىددىيەت كۈچەيگەنلىكتىن، خوجىنىياز ھاجى ھەتتا يول-
ۋاسنى تۇتۇۋېلىپ قاماپ قويغاندا، يولۋاس قېچىپ قۇتۇلغان
ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن. بۇ چاغ يولۋاس بىلەن خوجىنىياز
ھاجىنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ۋاقىت ئىدى. شۇڭا
يولۋاس ما جۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا ئۆزىگە
قىلغان مۇئامىلىسىنى ئەسلەپ گەنسۇغا ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا
كەتكەن. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم
قۇمۇلغا چىققاندا يولۋاسمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇمۇلغا قايتىپ
چىققان.

ئاپتور ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇمۇلغا چىقىشى
ھەققىدە توختىلىپ «1933 ـ يىلى ئەتىيازدا ما جۇڭيىڭ 300
چە كىشى بىلەن باركۆلگە كەلگەن، قۇمۇل، باركۆل، تۇرپان
باشلىقلىرىدىن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت،
نۇرغالى، ئۆكىردايلار ئۇلارنى سېغىز تاي، قويلىرىنى سويۇپ
قارشى ئالغانىدى» دەيدۇ.
ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق: ① 1933 ـ يىلى باھاردا ما
جۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىقتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ
شىنجاڭغا چىقىشتىكى جەريانى مۇنداق: يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك
يولۋاس گەنسۇغا قېچىپ بېرىپ ما جۇڭيىڭنى تاپىدۇ. كېيىنكى
يىللاردا يولۋاس تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن «ئەسلىمە

www.uyghurkitap.com

يېزىش» ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ قومۇلدىن «ئەھۋال يەتكۈزۈش ئۈچۈن نەنجىڭگە ماڭغان» لىقىنى، «ئەنشىگە كەلگەندە ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن نەنجىڭگە بارماي، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭغا بېرىپ، ئەكسىيەتچى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىدىغان بولغان» لىقىنى يازغان. يولۋاس قومۇلدىن ئەنشىگە (ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا) قېچىپ بارغانلىقىنى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ گومىنداڭغا سادىق ئىكەنلىكىگە پاكىت قىلماقچى بولغان.

② 1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى تۇرپاندا ما شىمىڭ بىر پەي ئەسكەر بىلەن پىچانغا چىقىپ «خوجىنىياز ھاجى كېلىۋاتىدۇ... قوزغىلايلى» دەپ خەلقنى قوزغىلاڭغا باشلايدۇ. نەتىجىدە ما شىمىڭ (ما شىمىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ قومۇلدا قالدۇرغان ئادىمى ئىدى)، مەھمۇت مۇھىتىلار باشچىلىقىدا ئۈچ ناھىيىدە قوزغىلاڭ بولۇپ، چوڭ غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. بىراق چوڭ كۈچ بىلەن قومۇلغا بېرىپ قوزغىلاڭنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتقان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى 1933 - يىلى 3 - ئايدا تۇرپانغا كېلىدۇ. ما شىمىڭ، مەھمۇت مۇھىتىلار قاراشەھەرگە چېكىنىدۇ. تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تۇرپاندىن مەخسۇت مۇھىتى باشلىق بىر تۈركۈم ئادەمنى خوجىنىياز ھاجىنى باشلاپ چىقىشقا قومۇلغا ئەۋەتىدۇ. قاراشەھەرگە چېكىنىپ بارغانلار ما شىمىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن مۇسۇلباي، تاھىربەگ، ۋاڭ نىياز (تۇرپانلىق خۇيزۇ) قاتارلىقلارنى چۆل يولى ئارقىلىق ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭغا ئاچىقىشقا ئەنشىگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. مۇسۇلباي قاتارلىقلار 4 - ئاينىڭ بېشىدا ئەنشى ئەتراپىغا يېتىپ بارىدۇ. ما جۇڭيىڭ شۇ كۈنلەردە شىنجاڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىشنى پىلانلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى (ئاساسەن ما شىمىڭنىڭ ئەھۋالى)نى بىلىپ كېلىشكە 30 ئەسكەر بىلەن يولۋاسنى چۆل يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا يولغا سالغانىدى. يول-

ۋاس يولغا چىقىپ ئىككىنچى كۈنىلا يولدا مۇسۇلبايلار ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. يولۋاس مۇسۇلباي قاتارلىقلارنى باشلاپ، ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىغا قايتىدۇ. ما جۇڭيىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، تېزدىن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. بۇ كۈنلەردە، ما شىمىڭ، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار تۇرپان تەرەپتە ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قوموۇلدا ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا ھېچكىممۇ ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىپ مېھمان قىلمىغان.

ماقالىدە يەنە «كامال، خوۋاڭ نىڭۇېن ئەپەندىلەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان... شەرىپقان باشلىق ئالتاي، تارباغاتاي قازاقلىرىغا مۇراجىئەتنامە ئەۋەتكەن. مۇراجىئەتنامىدە ياپونىيە بىلەن تۈركىيە قوللاۋاتقان ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ شىمەنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى، 36 ـ شى شىنجاڭدا ‹شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى› نى قۇرماقچى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بارلىق تۈركىي قېرىنداشلار بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ، يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشقا چاقىرىلغانىدى» دېيىلگەن.

1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا مەتبەئە ئەمەس، شاپىگرابمۇ يوق. «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپمۇ كۆرمىگەن. ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزىنى «ياپونىيە بىلەن تۈركىيە قوللىغان» دېيىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. خوۋاڭ نىڭۇېن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ بىرلىكتە مۇشۇنداق بىر مۇراجىئەتنامىنى يېزىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمىسە كېرەك.

ماقالىدە «ئايەمبەت رەھبەرلىكىدە بارىكۆل قازاقلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

بىر ئاتلىق تۈەنى قورۇلغان، ما جۇڭيىڭ تۈەنى، خوجىنىياز ھاجى تۈەنى، ئايەمبەت تۈەنى بىرلىكتە باركۆل ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان... باركۆل ئەسكەرلىرىدىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەر كېلىشىم بويىچە تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقى...، باركۆل ئېلىنغاندىن كېيىن ياخشى تەييارلىق كۆرۈلۈپ، قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىنغان» دېيىلگەن.

بۇ گەپلەر توغرا ئەمەس، باركۆلدە بولغان جەڭ ما جۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا بولغان، بۇ يەردە قازاقلاردىن تەشكىللەنگەن تۈەن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۈەنى دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس، بۇنداق گەپ يوق. ما جۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ما خەيىڭ باشچىلىقىدا باركۆلگە بارغان. باركۆلنى ئالغاندىن كېيىن، باركۆلدە ئازراق ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ، قۇمۇلغا قايتقان. باركۆلدە غەنىيمەت ئېلىنغان ھەممە قورالنى ما جۇڭيىڭ ئالغان. باشقىلارغا بىرەر تال مىلتىقمۇ بېرىلمىگەن.

ماقالىدە يەنە «قۇمۇل گازارمىسىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان 500 چە مىلتىق ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنغان» دېيىلگەن.

يەنە شۇ يەردە خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ تۈەنلىرىدە 500 دىن ئەسكەر بولغانلىقى، كېيىن ماجۇڭيىڭ ئىككى تۈەن، خوجىنىياز ھاجى بىر تۈەن، ئايەمبەت بىر تۈەن بولۇپ جەمئىي تۆت تۈەن ئەسكەر مورىغا يۈرۈش قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە تۈزىتىشكە تېگىشلىك مۇنداق نۇقتىلار بار:

(1) قۇمۇل گازارمىسىدا 500 دانە قورال قولغا چۈشۈپ ئۇيغۇر، قازاق ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىنغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس. خوجىنىياز ھاجى ۋە ئايەمبەتلەرنىڭ 500 دىن ئەسكىرىمۇ بولغان ئەمەس.

(2) باركۆلدىن مورىغا ماڭغان پەقەت ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئىبارەت. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىن مورىغا ماڭغاندا

خوجىنىياز ھاجى تۇرپان تەرەپتە بولۇپ، قۇمۇلدىن مورىغا ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ئىش يوق. ئايەمبەتنىڭ ئاتالمىش 500 قازاق ئەسكىرىمۇ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرگە مورىغا يۈرۈش قىلغان ئەمەس.

ما جۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىققاندا، ئەنشىدە تۇرۇۋاتقان يولۋاس ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. يولۋاستا بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلا بولغان. يولۋاس تۇرپاندا تۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۈچۈن ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلەپ، خەلقتىن يېمەك - ئىچمەك ۋە يەم - خەشەك يىغىش، دېھقان ياشلىرىنى ما جۇڭيىڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىش ئىشلىرىنى قىلغان. بېشىرۋاڭ قۇمۇلدىن ئالغان بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن تۇرپاندا «جىڭفاڭ سىلىڭ» نامىدا تۇرۇپ، يولۋاسنىڭ خەلقتىن سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. كېيىن ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندا، يولۋاس جەنۇبقا بارماي قۇمۇلغا قېچىپ بېرىۋالغان.

ئاپتور يەنە «مالىك ئەپەندى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىغا يازغان خەتلىرىنى بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھۈسەيىن باي ئەكەلگەنىدى» دەپ يازغان.

شېڭ شىسەي بىلەن مالىك ئەپەندىنىڭ ما جۇڭيىڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىغا خەت، ئادەم ئەۋەتىشى 1933 - يىلى 5 - ئايدىكى ئىش. سوۋېت ئىتتىپاقلىق مالىك ئەپەندى ئۇ كۈنلەردە شىنجاڭغا تېخى كەلمىگەن دەپ بىلىمەن.

بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھۈسەيىن باي لوچىتەيدىكى ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئۆتكۈزۈۋاتقان مەركىزگە قاتناشقاندا، بۇ يەرگە يىغىلغان تۇڭگان زىيالىيلىرى بىلەن ئاقساقاللىرى ما جۇڭيىڭغا ××× پىكىر بەرگەنلىكى يېزىلغان.

خوجىنىياز ھاجى تۇرپان تەرەپتىن مورىغا كېلىپ، قۇمۇل تەرەپتىن مورىغا كەلگەن ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورېتى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈشكەن، شۇ يەردە ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ گوچۇڭغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ جىمسارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. خوجىنىياز ھاجى جىمسارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، جىمساردىكى دۈشمەنلەرنى قورال تاپشۇرۇشقا قىستىغاندا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى كېچىدە مەخپىي كېلىپ جىمساردىكى قوراللارنى ئەكەتكەچكە، خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭدىن رەنجىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. دېمەك، موردىن چىققاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئەمەس. بۇ يەردە ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى قانداقسىغا مەركە ئۆتكۈزىدۇ؟

ماقالىدە يېزىلىشىچە، ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىدىكى خۇاڭ نىڭ-ۋېن (ياپونىيىلىك) بىلەن كامال ئەپەندى (تۈركىيىلىك) ئىككى دۆلەتنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش پىلانى بويىچە ئەۋەتىلگەن ئادەملەر. ما جۇڭيىڭ «شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرماقچى بولغاچقا، بۇ ئىككى ئەپەندى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ مۇناسىۋىتى ناچارلاشقان.

ھازىرغىچە ما جۇڭيىڭ «شەرقىي تۈركىستان» قۇرماقچى دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمىز. ئەمما ما جۇڭيىڭنىڭ موردا (1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا) خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىلا «شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ، 500 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ، قوشنا مۇسۇلمان ئەللىرىنىمۇ ئازاد قىلىمەن» دەپ سۆزلىگەنلىكى ئەمەلىيەت. مەن ياش ۋاقتىلىرىمدا تۇرپاندا ما جۇڭيىڭ يېڭىشەھەردە زەپەر ھاجى مەسچىتىدە بىر جۈمە نامىزىغا كېلىپ، نامازدىن كېيىن، ئۆتىنىڭ خەلققە «ھىندىستاندىكى، روسىيىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ماقالىدە «خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق قوشۇنلىرى مالىكىنىڭ تەكلىپى بويىچە بوغدىنىڭ تىرەكلىك داۋۇ-

نى ئارقىلىق تۇرپانغا چۈشكەن. خۇاڭ نىڭ ئۈەن ۋە كامال ئەپەندىلەر خوجىنىياز ھاجىغا ئەگىشىپ تۇرپانغا بارغان، مەھمۇت شىجاڭ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە راتسىيە بولغاچقا، بۇ ياقتا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز دۆلەتلىرىگە مەلۇم قىلىپ تۇرغان» دېيىلىدۇ.

ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

(1) خوجىنىياز ھاجى 1933 - يىلى 6 - ئايدا شېڭ شىسەي بىلەن تۈزۈلگەن «فۇكاڭ ئەھدىنامىسى» بويىچە «يوغانتېرەك» ئارقىلىق تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ توقسۇن ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغان.

(2) خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ يېنىدا قازاق ئەسكەر يوق. خوجىنىياز ھاجى جەنۇبقا ماڭغاندا ما جۇڭيىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن، تۇرپاندا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تۇرپانغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

(3) خۇاڭ نىڭ ئۈەن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى ئارقىسىدىن تۇرپانغا بارغانلىقى ھەمدە راتسىيە توغرىسىدىكى گەپلەر پۈتۈنلەي ئويدۇرما. شۇنداقلا «مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى» دېگەنمۇ يوق گەپ. 1933 - يىلى 6 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلار جەنۇبقا ماڭغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيىنى ئۆزىگە ئارقا سەپ قىلىپ، ئۈرۈمچى تەرەپ بىلەن (شېڭ شىسەي بىلەن) جەڭ قىلغانىدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە كامال ئەپەندىنىڭ تۇرپاندا ما جۇڭيىڭنىڭ ھەربىي شتابىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ ياپونىيىلىك خۇاڭ نىڭ ئۈەننى شېڭ شىسەيگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەندە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە قالغانلىقى مەلۇم. ئېنىقكى، خۇاڭ نىڭ ئۈەن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتكەنلىكى ئەمەلىيەتتە بولمىغان بىر توقۇلمىدىنلا ئىبارەت.

يەنە «خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرى تۇرپانغا كەلگەندە، مالىك ئەپەندى ئۇلارنى يېڭىدىن تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ كەلگەن بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە قارشى ئالغان. مالىك ئەپەندى ھاكىم بۇرھان شەھىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەنسۇر ئەپەندى، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت تۆەنجاڭلارنى ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلغان...» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئاپتور بىرنەچچە خاتالىققا يول قويغان:

(1) يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى جەنۇبقا ماڭغاندا تۇرپانغا بارمىغان. تۇرپاندا ما جوڭيىڭ تۇرسا، ئۇ يەردە مالىك ئەپەندى نېمە قىلسۇن؟ شۇنداقلا ما جوڭيىڭ قولىدىكى تۇرپانغا بۇرھان شەھىدى قانداقسىغا ھاكىم بولالايدۇ؟ بۇرھان شەھىدىنىڭ بىرەر قېتىم «تۇرپانغا ھاكىم بولدۇم» دەپ يازغىنىنىمۇ بىلمەيمىز. 1934 ـ يىلى ما جوڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي تۇرپانغا ئەكبەر جەلىلوف (ئۈرۈمچىدە خەنزۇچە ئوقۇغان)نى بىرىنچى قېتىم ھاكىم قىلغان.

(2) مالىك ئەپەندى ۋە مەنسۇر ئەپەندىلەر ئۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخى كەلمىگەن.

«ئايەمبەت خوجىنىياز ھاجىدىن رۇخسەت ئېلىپ باركۆلگە كەتكەن. ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن يولۋاسمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتقان» دېگەن گەپكە كەلسەك، گوچۇڭ ئەتراپىدا خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى بىلەن قانداقتۇر قازاق قىسىملىرىنىڭ بولغانلىقىنى ھېچكىم يازمىغان. يولۋاسنى قۇمۇلغا قايتتى دېگەن توغرا ئەمەس. خوجىنىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغاندا، يولۋاس ما جوڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ، ما جوڭيىڭنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ما جوڭيىڭ 1934 ـ يىلى باھاردا جەنۇبىي شىنجاڭغا

قاچقاندا، يولۋاس جەنۇبقا قاچماي، تۇرپاندىن قۇمۇلغا قاچقان، يولۋاستا بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلا بار ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قۇمۇلدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان 100 ئۇيغۇر بىشىرۋاڭ باشچىلىقىدا تۇرپاندا تۇرغان ھەممە يولۋاسقا ئوخشاش قۇمۇلغا قاچقان.

ئاپتور مالىك ئەپەندى موسكۋادا ما جۇڭيىڭنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «... ئۇنىڭ ياپونىيە ۋە تۈركىيە ئىشپىيونلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرماقچى بولغانلىقىنى... قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بولسا سابىت داموللا خوجىنىياز ھاجى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشكارا قارشى چىققانلىقى... شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن خۇاڭ نىڭۋېن، كامال ئەپەندىلەرنىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاساس قىلغانىدى...» دەيدۇ. بۇ يەردە مەن مالىك ئەپەندى ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆزلەشكەنمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىمەكچى ئەمەس. بۇ يەردە مۇنۇ ئىككى نۇقتىنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرما ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپ ئۆتەي. بىرى، ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە قېچىپ بېرىپ، سابىت داموللا، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇردى دېگەن گەپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بارغاندا (1933-يىلى 7-ئاي) «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئاللىقاچان ئاغدۇرۇلغان. 1933-يىلى 1-ئاينىڭ ئاخىرىدا ما فۇيۈەن قىسىملىرى قەشقەرگە بارغاندا خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى، سابىت داموللا ھۆكۈمىتى قەشقەرنى تاشلاپ چىققان. خوجىنىياز ھاجى 1933-يىلى 4-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا (ئەركەشتامغا) قورال ئېلىشقا بېرىپ قايتقاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن، يەكەندە سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە مىنىستىرىنى قولغا ئالغان، بىرنەچچە مىنىستىرى قېچىپ كەتكەن.

يەنە بىرى، «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن خۇاڭ نىڭشۈەن، كامال ئەپەندىلەر مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەن...» دېگەن گەپلەرمۇ پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە مەھمۇت مۇھىتى جەنۇبىي شىنجاڭ مۇئاۋىن قوماندانى، 6 ـ شىنىڭ شىجاڭى بولۇپ قەشقەردە تۇردى. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خۇاڭ نىڭشۈەن، كامال ئەپەندىلەر قەشقەردە نېمە قىلىسۇن؟ مەھمۇت مۇھىتى بىر ياپونىيىلىك، بىر تۈرك ئىشپىيونىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۆت يىل ساقلىغانمۇ؟ بۇ بىر بىمەنە گەپ.

ئاپتور يۇقىرىدا «خۇاڭ نىڭشۈەن بىلەن كامال ئەپەندىنى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ مەھمۇت مۇھىتى ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتتى» دېگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنلا ئۇلارنى «مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ياپونىيىگە قاچتى» دېگەن بولسا كېرەك.

ئاپتور ماخۇسەننىڭ قېچىپ كېتىشىنى بايان قىلغاندا «... ئالدىنقى سەپكە بارماي... پىلانى بويىچە قولىدىكى 400 نەچچە ئەسكەرنىڭ 350 ىنى تارقىتىۋېتىپ، قالغان 50 ئادەمنى ئۆزى بىلەن 40 قېچىرنى قوغداپ مېڭىشقا قالدۇرغان. قولىدىكى قورال ـ ياراغلارنى يەرلىك تۇڭگان، خەنزۇلارغا سېتىۋەتتى» دېگەن.

ئەمەلىيەتتە ماخۇسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئابدۇنىياز بىلەن (ئەسلىي مەھمۇت شىجاڭنىڭ قالدۇق قىسمى) بىرلىكتە شېڭ شىسەيگە قارشى چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى-

نىڭ يارىدىمىدە قوزغىلاڭنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان. ما خۇسەن قىسىملىرىدىن ئاز بىر قىسمىلا چەرچەن يولى بىلەن دۈنخۇاڭ تەرەپكە قېچىپ كېتەلىگەن. قالغان ئەسكىرى يوقىتىلغان. ما خۇسەن ئۆزى 40 قېچىر ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەتلىك ماللار بىلەن ئۆز يېقىنلىرىنى ئېلىپ ھىندىستان تەرەپكە قېچىپ كەت- كەن. بۇنداق شارائىتتا ما خۇسەن نەدىكى خەزىنۇ، خۇيزۇلارغا قورال ساتالىسۇن؟ ياكى قايسى پۇقرا قورال سېتىۋالسۇن؟

يۇقىرىقىلار مېنىڭ بىلگەنلىرىم ياكى قاراشلىرىم، توغرا بولمىغان جايلىرى بولسا، تۈزىتىپ قويۇشىڭىزلارنى سورايمەن.

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1999 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى

— «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 30 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى خۇددى باشقا ساھەدىكى خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى 1981 ـ يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى 30 سان نەشر قىلىپ، بىزنى ناھايىتى نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تونۇشتۇرۇش، شىنجاڭ تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى چوڭ بىر خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ ۋە زور كۈچ بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكىنىڭ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىپ ياردەم قىلغانلىقىنىڭ، شۇنداقلا تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، تەرجىمە ـ نەشر قىلىش

خىزمىتى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، قېتىرقىنىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر مىللەت خادىملىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىشتىكى مەقسەت خەلقىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە جاھانگىرلارنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان پىداكارانە كۈرەشلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تارىخ بىلىملىرى ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ ياشلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى زامانىۋى قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشكە تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك — بىر دۆلەتكە، بىر مىللەتكە ھەتتا بىر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى تىرەك؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك — دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا، شەخسنىڭ ھەر جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلىشىدە ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق مىللەت ئۆز خەلقىگە ئۆز تارىخىغا دائىر بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ۋەتەنگە، خەلققە سادىق، ۋەتەننى، خەلقنى سۆيىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئۆگىنىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان ئالىيجاناب كىشىلەردىن بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ ھەربىر كىشىنىڭ ئاز - تولا تارىخ ئۆگىنىشى لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلغاندىن سىرت، «ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلمەسلىك — نومۇس»

دېگەنىدى. شۇڭلاشقا تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئۇنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي بىلىمىنى بېيىتىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق روناق تېپىشى، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا بېغىشلاش ھەربىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر. ئەنە شۇ تەلەپ ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئون يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»دا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەسلىمىلەر ئېلان قىلىندى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، نەشر قىلىشتا ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غىچە بولغان دەۋرنى ئاساس قىلىش لازىم، دېگەن تەلىپى بويىچە، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»دا ئېلان قىلىنغان ئەسلىمە ۋە تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە 1932 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا، شېڭ شىسەي دەۋرىگە ۋە 1944 - يىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەسلىمىلەرمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»دا ئېلان قىلىنغان تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەسلىمىلەر ھەربىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىقتىساد ۋە تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تەدرىجىي بېيىپ باردى، ئۇنى كۆرگۈچىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باش-

لىدى. ئەسلىدە مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسۈپ، شىنجاڭدا ياشاۋاتقانلىقىم ئۇچۇن، ئۆزۈم باشتىن كەچۈرگەن دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەردىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار دەپ قارايتتىم. ئەمما «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى كۆرگەندىن كېيىن، مېنىڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنىڭ، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر هېس قىلدىم. شۇڭا مەن ئۇنىڭ هەربىر سانى نەشردىن چىققاندا، تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، ئۆزۈمنىڭ تارىخ بىلىمىنى تولۇقلىماقتىمەن. مەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق، تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىرىلىشىنى هەمدە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بارىدىغان ياخشى قوللانما بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 31 - سانىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر

1981 ـ يىلى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، مەدەنىيەت ساھەسىدە زور خۇشاللىنارلىق ئىش بولغانىدى. ئون يىل جەريانىدا بۇ ژۇرنال جەمئىي 30 سان نەشر قىلىندى؛ نۇرغۇنلىغان تارىخ ماتېرىياللىرى ئېلان قىلىنىپ، خەلقنى ئۆز تارىخى بىلەن تونۇشۇش ۋە تەربىيىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش جەھەتتە غايەت چوڭ رول ئوينىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مەزمۇنلۇق ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىش زۆرۈر بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىخنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، ئەڭ مۇھىمى خەلقنى، بولۇپمۇ ياشلارنى تەربىيىلەشتە غايەت زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار ئون يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا خېلى نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش ئاساسىدا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ كېتىدىغانلىقىغا تامامەن ئىشىنىمەن. شۇنداق بولسىمۇ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى نەشر قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر كىتابخان سۈپىتىدە ھېس قىلغان بەزى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

**تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە يۈك-سەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ئۇنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك**

تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ئۇنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. شۇنى چۈشىنىش لازىمكى، تارىخىي ماتېرىياللارنى كەڭ كۆلەمدە ئەتراپلىق توپلىغاندىلا، ئاندىن ئۇنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلى بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تارىخنى خەلق يارىتىدۇ، شۇنداقلا تارىخنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا خەلق يازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشتا، تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار يېزىپ قالدۇرغان ھۆججەت - ماتېرىياللارنى توپلاپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ھۆججەتلەرنى، شۇ دەۋردە تارىخىي ۋەقەلەرگە بىۋاستە قاتناشقان گۇۋاھچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرىنى، تارىخىي ۋەقەلەرگە دائىر تەپسىلىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار كىشىلەر يازغان ماتېرىياللارنى ھەمدە شۇلار ئاغزاكى سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنى توپلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، شۇ ئارقىلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق، تولۇق ۋە ھەقىقىي توپلاشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئېگىلمەي - سۇنماي كۆرەش قىلىدىغان شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە. ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپقا قارشى كۆپ قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ ۋە ھايات ـ ماماتلىق ئىنقىلابىي كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتكەن، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ ۋە 40 ـ يىللىرىدا شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر ئاز ئەمەس. 30 ـ يىللاردا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە يېزىلغان ماتېرىياللار كۆپ ئەمەس. ئازادلىقتىن بۇرۇن خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار بىلەلمىگەندەك، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نۇرغۇن ئەھۋاللاردىنمۇ كەڭ خەلق ئاممىسى خەۋەردار بولالمايتتى، بولۇپمۇ يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ خەۋەردار بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار تارىخىي دەۋرلەردىكىلا ئەمەس، ھەتتا يېقىنقى يىللاردىكى، مەسىلەن، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىكى ئىچكى ئەھۋاللارنىڭ كۆپ تەرەپلىرىدىنمۇ خەۋەرسىز. شۇنىڭدەك ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا ئون نەچچە مىللەت ياشىغانلىقتىن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئىش ۋە سەرگۈزەشتىلەر، تارىخىي ۋەقەلەرمۇ ئاز ئەمەس. دېمەك، ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە توپلاشقا تېگىشلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ. بۇنىڭ ئاچقۇچى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشتە. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، تۈرلۈك شەكىل، خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى ساقلاۋاتقان، تارىخىي ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ياكى تارىخىي ۋەقەلەردىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئۆزى ساقلاۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋە ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللاردىن يېزىلغان خاتىرە

ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەم بېرىش مەس-ئۇلىيىتى بارلىقىنى ھەممە ئادەمگە تونۇتۇش؛ شۇ ئارقىلىق ھەم-مە ئادەم تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆل-دىغان، ئۇنى قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئىككىنچىدىن، نۇقتىلىق كىشىلەرگە بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى خىز-مەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلار بىلەن قايتا - قايتا سۆھبەتلىشىش، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەندىشىلىر-نى تۈگىتىشكە، چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تە-سىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم. ئۇلارغا نېمە بولسا شۇنى يېزىپ بېرىشنى، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك يېزىپ بې-رىشنى، بىلگەنلىرىنى قالدۇرماي يېزىپ بېرىشنى، ئەينەن يې-زىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئۆزى يېزىشتا قىيىن-چىلىقى بارلارغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىش، ھەتتا ئۇلارنى سۆزلىتىپ ۋاكالىتەن يېزىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھا-كىمە قىلىش ھوقۇقىدىن ئېغىز ئېچىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، خەلق ئىچىدىكى ئەھۋاللارنىڭ شۇ چاغدى-كى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ياكى ھۆ-كۈمران شەخسلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدە ئەينەن ئەكس ئېتىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن ماتېرىيال توپلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنىڭ پەقەت ئاز - تولا ئەھمىيىتى بولسىلا ئۇنى توپلاش، بۇ ماتېرىياللارنىڭ مەڭگۈلۈك يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، كەسپىي تايانچلارنى سەپلەشكە ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىيەت بېرىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنىڭ ئو-
ڭۇشلۇق داۋاملىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. تۆتىنچىدىن،
توپلانغان تارىخىي ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى
كۈچەيتىش، يەنى مىللىي ئاپتورلار يازغان تارىخىي ماتېرىياللارنى
خەنزۇچىغا، خەنزۇ ئاپتورلار يازغان تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۇي-
غۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، سېلىشتۇ-
رۇش ۋە دەلىللەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى
ئەتراپلىق توپلاپ، ئەتراپلىق چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، توغرا
يەكۈن چىقىرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم.

بولۇپمۇ ئۆزئارا تەرجىمە قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە دەلىل-
لەشنىڭ ئەھمىيىتى بەك زور. چۈنكى، بەزى تارىخىي مەسىلىلەر
توغرىسىدا خەلق ئىچىدىكى ماتېرىياللار بىلەن ئەسلىمە ماتېرىيال-
لار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشماسلىقلار بار. ئەگەر ئۆزئارا تەرجىمە
قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنمايدىغان بولسا، بىر قىسىم
مەسىلىلەر توغرا بايان قىلىنماي قالىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى
مىساللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1933 ـ يىلى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى بولغاندا، قۇمۇل
تەرەپتىن ما شىمىڭ 30 نەچچە ئەسكەر بىلەن پىچانغا چىقىپ:
«خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدىن چىقتى» دەپ يالغان خەۋەر تارقات-
قانلىقتىن، ئۈچ ناھىيە خەلقى قوزغىلىپ كەتكەن: ما شىمىڭ،
مەھمۇت مۇھىتى باشلىق ئۈچ ناھىيە خەلقى ئۆلكە ئەسكەرلىرىگە
قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار (شېڭ شىسەي)
ئەسكەرلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ قاراشەھەرگە چېكىنىپ كەتكەن
تارىخىي رېئاللىق بار. ئەمما، بۇ جەرياننى بىر تارىختا: «...
ما شىمىڭ، مەھمۇت مۇھىتلار مەغلۇپ بولۇپ قۇمۇل تەرەپكە
يۆتكىلىپ، شەرقتىن كېلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچ-
راشتى» دەپ يازغان. بۇنداق ئىش زادى بولمىغان. يەنە
بىر تارىختا: «... ما شىمىڭ پىچاندا يولۋاس، خوجىنىياز

ھاجىلار بىلەن كۆرۈشتى... ما شىمىڭ پىچاندا يولۋاس، خوجە-
نىياز ھاجىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، يەرلىك خەلقنى
ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ جايلارنى ئىگىلەپ،
كۆپ قېتىم غەلىبە قازاندى...» دەپ يازىدۇ. بۇنداق ئىشمۇ زادى
بولمىغان؛ ما شىمىڭ پىچانغا چىققاندا يولۋاس، خوجىنىياز ھا-
جىلار قۇمۇلدىن تۇرپان تەرەپكە چىققان ئەمەس، قانداقتۇر بىر-
لەشمە قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ بىرلىكتە جەڭ قىلغان ئىشمۇ
مەۋجۇت ئەمەس.

يەنە بىر مىسال: بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا «1933 -
يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى چەت ئەلدىن سېتىۋالغان 2000
تال ئونئاتار مىلتىق ۋە ××× ساندۇق ئوق - دورىنى خوتەن
قوزغىلاڭچىلىرى يول توسۇپ قولغا چۈشۈرۈۋالدى...» دەپ يازى-
دۇ. ئەمما، يەرلىك خەلق ۋە مىللىي ئاپتورلار بۇ ھەقتە ھېچقان-
داق ئۇچۇر بەرمەيدۇ، ھەتتا ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە
1933 - يىلى جەڭلەرگە قاتناشقان خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ قولىدا
ئونئاتار مىلتىقلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلاردا قارا مىلتىق
(پالۋان مىلتىقى)، بەردەنگە قاتارلىق مىلتىقلار بولغاندىن باش-
قا، تولىسى قىلىچ، چوماق، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان. بۇ
مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، «ئوردا ماتېرىياللىرى» نى بىر-
دىنبىر توغرا ماتېرىيال، دەپ قارىماي، ئىمكانقەدەر خەلق ئىچى-
دىكى ماتېرىياللارنى توپلاشقا، تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش
مۇھىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزئارا تولۇقلاش، سېلىشتۇ-
رۇش، دەلىللەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردىن
توغرا يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.
خەلق ئىچىدىن توپلانغان ماتېرىياللار ياكى ئەسلىمىلەر بولسۇن،
ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماستىنلا، توغرا دەپ قاراش
مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەسلىمە تارىخ ئەمەس، تارىخىي ماتې-
رىيال بولالايدۇ، دېگەنلىكنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىمىلەرنى تەكشۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەتقىق قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەزى ئەسلىمە-
لەر ئېلان قىلىنغاندا، جەمئىيەتتە «ئەسلىمە يېزىش ئۆزىنى
كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىكەن» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر پەيدا
بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئەھۋالنى يوق دەپ ئېيتالمايمىز،
مەسىلەن، يولۋاس 1950 - يىلى شىنجاڭدىن قېچىپ تەيۋەنگە
بېرىۋېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە بىر پارچە ئەسلىمە يازغانلىقى
مەلۇم. ئەسلىمىدە يولۋاس ئۆزىنى «قۇمۇلدىن نەنجىڭگە ئەھۋال
دوكلات قىلىشقا مېڭىپ» ، گەنسۇدا ما جۇڭيىڭغا ئۇچرىشىپ،
مەسلىھەت بويىچە نەنجىڭگە بارماي، ما جۇڭيىڭ بىلەن شىنجاڭغا
قايتىپ چىققانلىقى يېزىلغان. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇنداق ئە-
مەس. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر مەسىلىگە
ئۇنداق قارىمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدا
خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىناۋىتى كۆتۈرۈلۈپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ
ئاساسلىق رەھبىرى بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، يولۋاس ئۆز
شاپائەتچىسى ما جۇڭيىڭنى چاقىرىپ چىقىش ئۈچۈن ئەنشىگە
بارغان، لېكىن ما جۇڭيىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى بىلمىگەنلىك-
تىن، شىنجاڭغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، يولۋاسقا 30 ئەس-
كەر قوشۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ خەۋەر ئەكې-
لىشكە بۇيرۇغان. دەل شۇ چاغدا قاراشەھەر تەرەپتىن مۇسۇلباي
باشلىق ئۈچ كىشى ما شىمىڭ ۋە مەھمۇت مۇھىتى نامىدىن ما
جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ چىقىشقا گەنسۇغا بارغان. يولۋاس
بۇلار بىلەن يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ
ئەھۋال ئىگىلەش ۋەزىپىسىنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىدىن، ئۇلار
بىلەن بىللە ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكەن. پاكىت شۇن-
داق ئىكەن، ئۇ نېمە ئۈچۈن نەنجىڭگە ئەھۋال دوكلات قىلىش
ئۈچۈن ماڭدىم دەپ يازىدۇ. چۈنكى، يولۋاس بۇ ئەسلىمىنى

تەيۋەندە يازغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەزەلدىن سادىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىش، يەنى ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق يازغان. يولۋاسنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق يالغانچىلىقلار، «ئۆزىنى كۆرسىتىش» تەك ئەھۋاللار ئاز بولمىسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئايرىم ئەسلىمىلەردىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش ياكى ئۆزىنى «ئالدىن كۆرەر» قىلىپ كۆرسىتىشتەك ناچار خاھىشلار مەۋجۇت، بۇ ھەقتە بەزەن ئىنكاسلارمۇ يوق ئەمەس. ئەسلىمىدە «ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش» ياخشى ئىستىل ئەمەس، شۇنداقلا «ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش» بولۇپ قالامدىكىن دەپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى يازماسلىقمۇ توغرا ئەمەس. پاكىتقا ھۆرمەت قىلىنىپ ئەمەلىي ئەھۋال ئەينەن يېزىلسا، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇنى توغرا چۈشىنەلەيدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاشتا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. بىرقانچە يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەردە قۇرۇلغان تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىلىرى ئۆز جايلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئېلان قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «تارىخ ماتېرىياللىرى» دىن بىرقانچە سان نەشر قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى. قالغان جايلارمۇ شۇلاردىن ئۆگىنىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى لازىم. بۇمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم تەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك

تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىدە راستچىل بولۇش ئەڭ مۇھىم مەسىلە. زۇڭلى جۇ ئېنلەي تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى توغرىسىدا: «راست بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگەنىدى. راست بولۇش — پاكىتقا سادىق بولۇش دېگەنلىك، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشمۇ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ۋە سادىق بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ھەرقانداق تارىخىي ماتېرىيالنى ۋە ئەسلىمىنى يېزىش ۋە ئېلان قىلىشتا، پاكىتقا سادىق بولۇش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلغانلىق ماھىيەتتە تارىخنى بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ. پاكىتقا سادىق بولۇش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشتىن، يەنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدىن چەتلەپ يېزىلغان ھەرقانداق تارىخنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان تارىخىي يەكۇننىڭ ھېچقانداق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ئۇ قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ھامان ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىدە بۇ نۇقتىنى ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك.

ھازىرقى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئاساسى بولغان ئەسلىمە ماتېرىياللار ئادەتتە ئەينى زاماندىكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولغان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، كۆرگەنلىرى ياكى ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىلىدىغان بولغاچقا، بىر كىشىنىڭ بىلىدىغانلىرى ھامان چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئادەملەر ياشىغانسېرى ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، يېزىلغان ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا پاكىتقا ئۇيغۇن، توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ-

دىن يەكۈن چىقىرىشتا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمىگە ياتىدىغان مەسىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پاكىت كۆرسىتىپ داۋلى سۆزلەش، مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. لېكىن، بەزى ئاپتورلار ئۆز مەيدانىنىڭ چەك-لىمىسىگە ئۇچراپ، ئەسلىمە يېزىش بىلەن پاكىتنى، تارىخنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنسا، ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ؛ توغرا بولمىغاند-كەن، پىكىر بېرىش ۋە تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى نەشر قىلىش جەريانىدا، تەھرىر بۆلۈمى-دىكى يولداشلار شەيئىلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە مۇئامىلە قىلىش، تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر مەسىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا، ئىلمىي ئاساستا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشتەك ياخشى ئىستىللارنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئەمما، ئون يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىن-غان ئەسلىمىلەرنىڭ بىرەرىدىمۇ مەسىلە يوق، ئۇنىڭ ھەممىسى تارىخقا، پاكىتقا ئۇيغۇن دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا تۇرپان، پىچان ۋە توقسۇن ئۈچ ناھىيە خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ۋەقە توغرىسىدا بىرقانچە ئەسلىمە ۋە ماقالىلەر يېزىلدى. بەزەن ماقالىلەر توغرى-سىدا غۇلغۇلا ۋە پىكىرلەرمۇ پەيدا بولدى. تا ھازىرمۇ بىرەر سورۇندا بۇ ھەقتە گەپ ـ سۆز بولۇپ قالسا، ئاشۇ قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان ياكى شۇ چاغدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا بەزەن ئەسلىمىلەرنىڭ توغرا يېزىل-مىغانلىقىنى، ئاشۇ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ يۈز بېرىشى توغرى-سىدىكى بەزەن ئەھۋاللارنىڭ بايان قىلىنىشى پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ئۈچ ناھىيە ئىنقىلابىنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دېگەنلىك ھېچ ۋاقىتتا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچ ناھىيە قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەشكىللىدى ۋە رەھبەرلىك قىلدى، دېگەنلىك ئەمەس.

تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيىدىكى بەزەن ياشلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا تەلەپ قويۇپ ئۈرۈمچىگە بىرقانچە قېتىم كەلگەنلىكى راست، ئەمما ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارغا «11 ماددىلىق بىتىم» بويىچە ئىش قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى توسۇغانىدى. شۇنىڭدەك، تۇرپاندىمۇ بىر قىسىم ياشلار تەشكىللىنىپ بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغاندا، تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۇلارنى توسۇپ تەنقىد قىلغان. ھەتتا بىر قېتىم قوراللىق بىرقانچە ياش «ئۈرۈمچىدىن ئىنقىلاب قىلغىلى كەلدۇق» دەپ تاغ تەرەپتە ھەرىكەت باشلىغاندا، تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۇلارنى تۇرپانغا كەلتۈرمەي توسۇپ، ھەسەن كېرىم باشلىق بىرقانچە قوراللىق ساقچىلارنى تاغقا چىقارغان. ئىككى ئوتتۇرىدا ئوق چىقىرىش يۈز بېرىپ، «ئىنقىلابچىلار» دىن غېنى ۋە مۇسا قاقۋاش قاتارلىق كىشىلەر ئوق تېگىپ ئۆلگەن. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش بىلەن، ئىككى جەسەتنى كۆتۈرۈپ تۇرپان شەھىرىدە نامايىش قىلىپ، «ئىنقىلابچى» ياشلارنى ئۆلتۈرگەن ئەبەيدۇللا ۋە ھەسەن كېرىملارنى «جازالاش» نى تەلەپ قىلىپ، ئىلغار كىشىلەرگە زەربە بەرمەكچى بولغان.

شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، 1947 - يىلى 7 - ئايلاردا تۇرپان خەلقىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلغانلىق دەل تۇرپان خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا تۇتۇپ بەرگەنلىك بولاتتى. ئەگەر شۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىگەن بولسا، ئۇ تولىمۇ ئەقىلسىزلىق قىلغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە قوزغىلىڭىنى

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەشكىللىگەن ۋە قوزغىغان ئەمەس، ئۇ زۇلۇم ـ ئىستىبداتلىققا، ئادالەتسىزلىككە قارشى قوزغالغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئەينى ۋاقىتتا ئەكسىيەتچىلەر «تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىغان» دەپ كۆچەپ تەشۋىق قىلغانىدى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى «11 بىتىمغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ... مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئەيىبلەشكە «پاكىت» ئويدۇرۇپ چىقارماقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

بەزى ئەسلىمىلەردە: «پارتىزانلار ئىچىدە ئىلىدىن ئەۋەتىلگەنلەر كۆپ ئىدى» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭدەك «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىلاڭ قىلدۇردى» دېگەن سۆزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەسىرگە چۈشكەن «پارتىزان ××× ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى» دەپ يازغان. بۇنداق سۆزلەرگە ئىشىنىپ قالىدىغان كىشىلەر بولمىسا كېرەك. چۈنكى، تۆھمەتچىگە «پاكىت» كېرەك بولۇپ قالغاندا، «ئويدۇرۇپ چىقىش»، «ئالداش» ۋە «قىيناش» قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سالىدىغانلىقى، ھەتتا بەزى ئادەملەرنىڭ بۇ جەھەتتە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

بۇ مەسىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، مۇنداق بىر ـ ئىككى پاكىت كۆرسەتمەكچىمىز:

(1) سىڭگىم ئۇرۇشى قوزغالغان كۈنى قوزغىلاڭغا مەسئۇل بولغان رەجەپ توختى (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى): «تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغاتتى دېگىنى بىكار گەپ» دەپ پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن مۇئاۋىن ھاكىم باۋۇدۇن يۇسۇپلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نەزەربەند قىلىشقا باشلىغاندا، كېچىسى ئارغامچا بىلەن سېپىلدىن سىيرىلىپ چىقىپ قاچىدۇ؛ ئەھۋالنى رەجەپ توختىغا

خەت يېزىپ مەلۇم قىلىپ، ئەمدى قوزغالماي بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

(2) لۇكچۇن يېزىسىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ئەھمەت نىياز داۋۇت (ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنى گومىنداڭنىڭ ساقچىلىرى تۇتماقچى بولغاندا، بىز تۇيۇپ قېلىپ قوزغىلىپ چىقىپ كەتتۇق. ئەگەر بىز شۇ كۈنى قوزغالمىغان بولساق، گومىنداڭ ساقچىلىرى بىزنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. بىزگە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈڭلار دەپ يوليورۇق بەرگىنى يوق، گومىنداڭنىڭ زۇلمى بىزنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى…»

شۇ چاغدىكى قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزلىرىنى ئەندىشىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، ئاندىن «قوزغىلاڭنى تىنچلاندۇرۇش» باھانىسىدە خەلقنى قاتتىق باستۇرماقچى بولغان. كېيىنكى ئەمەلىيەتمۇ گومىنداڭنىڭ شۇ خىلدىكى ياۋۇز نىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلىدىغۇ؟ يەنى تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نەچچە باراۋەر ئۈستۈن كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە قانلىق قىرغىن يۈرگۈزۈپ، يۈزلىگەن ياشلار ۋە يۈزلىگەن بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرىپ تاشلىدى، مۇشۇ ئەمەلىي پاكىتنىڭ ئۆزىلا گومىنداڭنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلھاملانغانلىقى، قوراللىق كۈرەشكە تايىنىپ ئۆزلىرىنى

زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئارزۇسىدا بولۇپ، قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەت قىلغانلىقى شەرەپلىك ئىش. لېكىن، «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارنى تەشكىللىدى» دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرەرىمۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىزنى قوزغىلاڭ قىلىشقا تەشكىللىدى ياكى قوزغىلىشقا ئۇقتۇرۇش قىلدى دېگەننى بىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، پارتىزانلار ئىچىدە ئىلى تەرەپ ئەۋەتكەن ئادەم بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلار قوزغالغان كۈندىكى جىددىي ئەھۋالنى، يەنى قوزغىلىپ چىقمىسا گومىنداڭ قولىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ. ئەيىنى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆز ۋاقتىدا «11 بىتىمنى ئىجرا قىلمىدى» دەيدىغان مەسئۇلىيەتتىن ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن تۇرپان قوزغىلىڭى بىلەن مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان دېگەن تەقدىردىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى رەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردىكى توپ مەسىلە پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت.

بەزى ئەسلىمىلەردە ۋەقەلىكلەر ۋە سانلارمۇ توغرا يېزىلمىغان. مەسىلەن:

«لەمجىن ساقچىخانىسىغا 100 دىن ئارتۇق قوراللىق ئادەم ھۇجۇم قىلىپ مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەسكەر - كادىرلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، قورال - ئاتلارنى غەنىيمەت ئالدى» دەپ يېزىلغان.

لەمجىن ساقچىخانىسىغا 100 دىن ئارتۇق ئادەم ھۇجۇم قىلغانلىقى راست، ئەمما ھۇجۇم قىلغۇچى 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قولىدا بىرنەچچە تال ئەسكى مىلتىقلا بولغان. بىر بەن ساقچى ئەسكەرمۇ يوقىتىلمىغان، ئۇلار پەقەت تەسلىم بولغان. شۇنىڭدەك، يەنە بىر ئەسلىمىدە: «ياڭخىدا 200 كىشى ساقچىخانىغا ھۇجۇم قىلدى»، «20 دىن ئارتۇق ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 500 — 600 مىلتىق بىلەن قوراللانغان قوزغىلاڭچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلدى» ، «10 مىڭ دادەن ئاشلىقنى بۇلاپ كەتتى...» دېگەندەك سۆزلەرمۇ يېزىلغان.

ئەمەلىيەت شۇنداقمۇ؟ ياق! ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلغۇچى خەلق قوزغىلاڭچىلىرى قولىدا كونا - يېڭى بولۇپ 105 تال قورال بولغانلىقى راست. كونا قوراللار دېگىنىمىز، قارا مىلتىق ۋە يالاڭئاتار بەردەنگە قاتارلىق مىلتىقلار؛ يېڭى قوراللار دېگىنىمىز، گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن سېتىۋېلىنغان بەشئاتار مىلتىقلاردىن ئىبارەت. ئومۇمىي سانى ھەرگىز 500 — 600 تال ئەمەس، 20 دىن ئارتۇق ئېغىر - يېنىك پىلىموت دېگىنىمۇ يالغان. تۆت تال ئاپتومات، بىر پىلىموت بولغان، بۇلارمۇ گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىدىن سېتىۋېلىنغان، ئاپتوماتنىڭ ئىككىسىنى بىر يەرلىك تۆمۈرچى ئۇستا ياسىغان (تۇرپان، پىچان ئىككى ناھىيە پارتىزانلىرى كۆكياردا جەم بولغاندا تىزىملانغان قورال 156 تال).

«10 مىڭ دادەن ئاشلىقنى بۇلاپ كەتتى» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، 440 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىقنى بىرقانچە يۈز كىشى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە «بۇلاپ» نەگىمۇ بېسىقتۇرۇپ ئۈلگۈرگەندۇ؟ ئەگەر يۇرت خەلقىگە تارقىتىپ بېرىلگەن بولسا، يۇرت خەلقى بىلگەن بولاتتىغۇ؟! ئەگەر شۇنچە كۆپ ئاشلىق راستىن بۇلاڭ - تالاڭغا كېتىپ يوقالغان بولسا، بۇ ئاشلىقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرى بۇلاپ كېتىپ، مەسئۇلىيەتنى پارتىزانلارغا يۈكلەپ، يۇقىرىغا ساختا دوكلات يازغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس!

بىر ئەسلىمىدە يەنە، تۇرپان پارتىزانلىرى ئۆزلىرىنى «شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلىرى» دەپ ئاتىدى، «ئاق بايراق كۆتۈرۈپ چىقتى» دەپ يېزىلغان. مىڭ ئېغىز قۇرۇق سۆزدىن بىر جۈملە پاكىت ئەلا دېگەندەك، تۇرپان پارتىزانلىرى ھېچقانداق بايراق كۆتۈرۈپ چىقمىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى تۇرپان پارتىزا-

لىرى دەپلا ئاتىغان. ئەگەر ئىسپاتلاش كېرەك بولسا، تۇرپان پارتىزانلىرىغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ۋە قاتناشقۇچىلارنىڭ بىر-مۇنچىسى هازىرمۇ هايات تۇرۇپتۇ، بېرىپ شۇلاردىن سورالسىلا ئېنىقلىنىدۇ.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيە ئىنقىلابى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدە قانداق ئېيتىلىشىدىن قەتئىينەزەر تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ كۆرىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلابىي كۆرەشتىن ئىبارەت. بۇ ئىنقىلابىي كۆرەشنى قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستانچى»، «ۋەتەن بىرلىكىنى بۇزغۇچى»، «خەنزۇلارغا قارشى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن قارىلاش مەڭگۈ ئاقمايدۇ.

مەن بۇ يەردە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسىدە بەزى ئەسلىمىلەردىن بىرنەچچە مىسال ئالدىم. مەن ئوتتۇرىغا قويغان بەزى پاكىتلارنى باشقىلارنىڭ يازغانلىرى ياكى ئېيتقانلىرىدىن ئىبارەت دېسىمۇ بولىدۇ.

تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسى 1947 - يىلىدىكى تۇرپان قوزغىلىڭىغا قاتناشقان كىشىلەردىن كەڭ پىكىر ئالغان ھالدا تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققان بولسىدى، ئۇ چاغدا مۇنىڭدىن 40 نەچچە يىل بۇرۇن ئۆتكەن بۇ تارىخىي ۋەقەلىكتىن توغرا خۇلاسە چىقىرىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن تارىخنى توغرا بايان قىلىشقا ئوبدان ئاساس بولاتتى.

## تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش مەسىلىسى

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دا تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش يېقىندىن باشلاندى. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. تارىخىي شەخس دېگىنىمىزدە، يېقىنقى زامان تارىخىدا جەمئىيەتكە مەلۇم تەسىر كۆر-

سەتكەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇشتا، بىرى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي كېلىپ چىقىشى، سىياسىي كۆزقارىشى ۋە ئېتىقادىغا ئېنىقلىۋالماسلىق؛ يەنە بىرى، ئۇلارنى ياشىغان زامان ۋە ماكاندىن ئايرىپ قارىماسلىق شەرت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىشتىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا قاراش كېرەك. تارىخىي شەخسلەر ئىچىدە باشتىن ـ ئاياغ توغرا يولدا ماڭغانلار، يەنى ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش قىلىپ ئۆتكەنلەر بار. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆمۈر بويى ئەكسىيەتچىل يولدا مېڭىپ يامان ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەنلەرمۇ بار، بۇنداقلارغا باھا بېرىش ئاسان. ئۆمۈر بويى ئەكسىيەتچى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ خەلققە پايدىلىق ئىش قىلغانلار ياكى ئۆمۈر بويى كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا خەلققە قارشى تۇرغان، خەلققە زىيانلىق ئىشلارنى قىلغانلارمۇ بار. بۇنداقلارنىڭ ئىجابىي تەرىپىمۇ، سەلبىي تەرىپىمۇ بار بولۇپ، بۇلارغا سىياسىي جەھەتتە باھا بېرىشتە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى پوزىتسىيىسىگە قاراپ باھا بېرىلىپ كەلدى. تارىخىي شەخسلەر بولىدىكەن، ئۇلارنى تونۇشتۇرۇشتا ئۇلارغا بېرىلگەن باھاغا قاراپ تاللاپ تونۇشتۇرۇش ياكى ئىجابىي تەرىپىنىلا تونۇشتۇرۇپ تۇرماستىن، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولسىلا ئىجابىي ـ سەلبىي تەرەپلىرىنى ئوخشاش تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ.

تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇشتا يەنە بىر مەسىلە باركى، ئۇلارنىڭ تۇپ ئاساسىي مەقسىتىگە قاراش لازىم؛ مەقسىتى، ئاساسىي ئېقىمى توغرا بولىدىكەن، ئالدى بىلەن توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. مەسىلەن، بۇرۇنراقتىن مىسال ئالساق، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى خوڭ شيۇچۇەن ئىستىبدات پادىشاھلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار

قوزغىلىڭغا باشلامچىلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى «پا-دىشاھ» دەپ جاكارلىغان، ئاخىرى مەغلۇپ بولغان. روسىيە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى پوگاچېفنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇڭ شيۇچۈەننىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەيلى خۇڭ شيۇچۈەن، مەيلى پوگاچېف بولسۇن، ئۇلارنىڭ پادىشاھنىڭ زۇلۇم - ئىس-تىبداتىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ئاساسىي ئېقىم. شۇ-ڭا، ئۇلار ئىجابىي شەخس بولۇپ، قەھرىمان دەپ مەدھىيىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى «پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى مەدھىيىلىمەيمىز. لېكىن بىز ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ توغرا چۈشە-نىش لازىملىقىنىمۇ بىلىمىز. يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئالساق، 1911 - يىلى بولۇپ ئۆتكەن جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلا-بىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى توغرا بولغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ كەلمەكتىمىز. مانا بۇلارنى تارىخىي شەخسلەرگە تارى-خىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن قاراپ باھا بېرىشنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىش-لىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، تارىخىي شەخسلەرگە ئالاقىدار ماتېرىيال، دەلىل - ئىسپاتلارنى تولۇق توپلىماي ۋە تەپسىلىي تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارغا سىياسىي قالپاق كىيدۈرۈپ قو-يۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش ياكى تارىخىي ئەسلىمە يېزىشتا بولسۇن، شەخسىي غەرەزنى ئارىلاشتۇرماسلىق، بەزىلەرنى تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايلا تونۇشتۇرىدىغان، بەزىلەرنى تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايلا ئۇرۇنسىز مەدھىيىلەپ كۆككە كۆتۈرىدىغان، يەنە بەزىلەرنى ئو-رۇنسىز قارىغاپ يەرگە ئۇرىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش كې-رەك. 1933 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تونۇشتۇرۇل-غان بەزى ئەسلىمىلەر ياكى ئايرىم تارىخىي ماتېرىياللاردا بىر -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بايانلار كۆرۈلدى، مەسىلەن، بىر ماتېرىيالدا: «ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، ‹شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى›نى تارمار قىلدى» دېيىلگەن. ما جۇڭيىڭ شۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بارغانمۇ ياكى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»نى تارمار قىلغىلى بارغانمۇ؟ يەنە: «ئۆلكە قىسىملىرى قەشقەرگە كىرىپ، سابىت داموللىنى قولغا ئېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنى تەسلىم قىلدى» دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىش زادى بولمىغان.

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كۆرۈپ باقايلى: (1) ما جۇڭيىڭ 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ، گۇچۇڭ سوقۇشىدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن، خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ، «فۇكاڭ ئەھدىنامىسى»گە ئىمزا قويدى.

(2) ما جۇڭيىڭ زىنېچۈەنزە ئۇرۇشىدا شېڭ شىسەيدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتا كۈچ توپلاپ ئۈرۈمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قوزغىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىنى — ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. تەلەپكە بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى «ئالتايسكى»، «تارباغاتايسكى» نام بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قورۇقلۇق ۋە ھاۋادىن شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىندۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قوغلاپ ماڭدى.

(3) قەشقەرگە جۈغلانغان خوجىنىياز ھاجى قوماندانلىقىدى-

ـكى قورالىق كۈچلەر «فۇكاڭ ئەھدىنامىسى» گە ئاساسەن، يەنىلا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى سوستاۋىدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بولدى، ئۇلارنىڭمۇ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار قەشقەر يېڭىشەھەردە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى (ما جەنساڭ — چولاق زىخۇي)غا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. مەشھۇر 17 كۈنلۈك بارىن ئۇرۇشى شۇ چاغدا بولغان. دەل شۇ كۈنلەردە، ئاقسۇدىكى ما فۇيۈەن (ما جۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەن ئالدىنقى قىسمى) قىسمى بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن قوغلاندى بولغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قەشقەرگە كەلدى. خوجىنىياز ھاجى بىر قىسىم ئەسكەرنى باشلاپ پەيزىۋات چوكانياردا ئازراق سوقۇش قىلىپلا، ئاتۇش — ئاغۇ تەرەپكە كەتتى. مامۇت شىجاڭ مەكىت - يەكەن تەرەپكە، خوتەن قىسىملىرى يېڭىسارغا چېكىنىپ كەتتى. دېمەك، قەشقەر شەھىرىدە ھېچقانداق ئۇرۇش بولغىنى يوق.

(4) سابىت داموللا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»نى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇرغان ۋە شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنى سىرتىدىن مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى دەپ ئېلان قىلىشقان. 1933 - يىلى 11 - ئايدا ھاپىلا - شاپىلا قۇراشتۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» 1934 - يىلى 2 - ئايدا تۇزۇپ كەتتى، ئاران ئۈچ ئايغا يېقىن جان تالاشتى.

(5) ئۆلكە ئەسكەرلىرى سابىت داموللىنى قەشقەردە قولغا ئالمىدى، بەلكى خوجىنىياز ھاجى يەكەندە قولغا ئېلىپ، ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى، سابىت داموللا شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە كېيىنكى يىللاردا ئۆلتۈرۈلدى. يۇقىرىقى ئەمەلىي پاكىتلاردىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۇكى، ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بىرنېمىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، جان قايغۇسىدا قېچىپ بارغان. دېمەك، جان قايغۇسىدا قەشقەرگە قېچىپ بارغان ما جۇڭيىڭنى قانداقتۇر «ئىستىقلالچىلار» نى تارمار قىلدى، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداپ قالدى، تۆھپىسى بار، دەپ كۆككە كۆتۈرۈش ئەمەلىيەت بولمايدۇ. ما جۇڭيىڭغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان يېڭى ھۆكۈمەت سوستاۋىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى (باۋۇەن زۇڭسىلىڭى) خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قانداقتۇر دۈشمەن ھېسابلاپ، ھەتتا قەشقەرگە بارمىغان ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى «خوجىنىياز ھاجىنى تەسلىم قىلدى» دېيىش قانداقمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسۇن؟

تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، 1930 ــ يىللاردا شىنجاڭدا مەشھۇر بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەردىن خوجىنىياز ھاجى ۋە ما جۇڭيىڭلار توغرىسىدا يېزىلغان بەزى ئەسلىمە ياكى ماقالىلەردە ھەر خىل كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ئايرىم كىشىلەر ما جۇڭيىڭنى «ئىجابىي شەخس» قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنى مەدھىيىلەش خىيالىدا: ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بېرىپ سابىت داموللا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نى تارمار قىلدى دېسە، يەنە بەزىلەر ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى قانداقتۇر «ئىلغار» لىق دەپ تونۇشتۇرماقچى بولدى. ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى قانداقتۇر «ئىلغارلىق» ، «تەرەققىيپەرۋەرلىك» دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

تارىخىي ئەمەلىيەت شۇكى: ① ما جۇڭيىڭ ئەسلىدە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىققان ئەمەس، بەلكى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت تارتىۋې-

لىپ، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن چىققان. ② ما جۇڭيىڭ قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە (1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئوت قويۇپ، قىرغىن ۋە چاپ ـ چاپ قىلىشتەك قانلىق پاجىئەلەرنى تۇغدۇرغان ئاپەت؛ شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ناھايىتى چاپ-سانلا شىنجاڭدىكى ئۆزىدىن باشقا ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق دۈش-مىنىگە ئايلىنىپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن قېچىپ، يول تېپىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارغان. بۇ جەرياندا، ئۇ يۇرت ـ يۇرتتا بۇلاڭ-چىلىق قىلىپ، بىرمۇنچە ئالتۇن، كۈمۈشكە ئىگە بولغان، جۈمە-لىدىن قەشقەردىكى «بەيتۇلمال» (خەزىنە مېلى) غا ئىگە بولغان. «بەيتۇلمال» ئەسلىدە تۆمۈر شىجاڭنىڭ قولىدا ساقلىنىپ تۇرات-تى. ما جۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى گوماشتىسى ما جەنساڭ سۇيى-قەست ئويۇشتۇرۇپ، تۆمۈر شىجاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، «بەيتۇلمال»نى قولىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. ما جۇڭيىڭ قەشقەر-گە بېرىپلا ما جەنساڭدىن بۇ «بەيتۇلمال»نى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قولىغا نەچچە ئون چارەك تىللا، بىرنەچ-چە تونىلاپ زىخچە ئالتۇن (چوكا ئالتۇن) ۋە كۈمۈش جۇغلانغا-نىدى. ما جۇڭيىڭ بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىش يولىنى تاللىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەمە-لىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ما جۇڭيىڭغا بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىرىپ ـ چېپىپ، بۇلاڭ ـ تالان قىلىپ توپلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكىنى قانداقمۇ ئىلغارلىق بولسۇن؟! شۇنداقلا، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت تارتىۋې-لىپ ئۆز ئالدىغا «ئىسلام دۆلىتى» قۇرماقچى بولغان، ئاخىرقى ھېسابتا سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئەجەللىك زەر-بىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا

كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئەشەددىي سوۋېتقەستچى ما جوڭيىڭ قانداقمۇ «ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغۇچى» تۆھپىكار بولسۇن؟

ھەتتا بىر ئەسلىمە يازغۇچى: «ما جوڭيىڭ قەشقەردە سابىت داموللا تەشكىل قىلغان ‹شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى›نى تارمار قىلغانلىقتىن، ئۇيغۇر پومېشچىكلىرى ئۇنى يامان كۆرىدۇ» دەپ يازدى. ئۇ بۇ يەردە، ئۇنى ئۇيغۇرلار يامان كۆرىدۇ دېمەكچى بولىدۇ، بۇ — بىر بىمەنىلىك. شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرمۇ ما جوڭيىڭنى يامان كۆرۈپ قارشى تۇرغانىغۇ! بۇنىڭغا قانداق دېيىش كېرەك؟ يەنە شۇنىمۇ سوراپ كۆرەيلى: ما جوڭيىڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ يامان كۆرگەن، شۇڭا ئەسكەر ئەۋەتىپ تارمار كەلتۈرگەنىغۇ! ما جوڭيىڭنى جوڭگو كوممۇنىستلىرىمۇ يامان كۆرۈپ يوقاتقانىغۇ؟ ئەجەبا، ئۇلار قايسى پومېشچىكلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قاراپ ما جوڭيىڭنى يامان كۆرۈپتۇ! بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك! بۇ يەردە شۇنى ئۇچۇق ئېيتىش لازىمكى، بەزىلەر ما جوڭيىڭنى ئاقلاش ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەنچە قالايمىقان سۆزلىگەن.

بۇگۈنكى كۈندە، 1930 - يىللاردىكى ئاتاقلىق شەخس خوجىنىياز ھاجىنى بەزىلەر سەلبىي شەخس قىلىپ كۆرسەتسە، بىر قىسىم كىشىلەر 1930 - يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى — ئىجابىي شەخس دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

سەلبىي شەخس دېگۈچىلەر خوجىنىياز ھاجىنى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى»گە رەئىس جۇمھۇر بولغان دەپ ھېسابلايدۇ. ئىجابىي شەخس دەپ مەدھىيىلىگۈچىلەر يۇقىرىقى پىكىرگە قايىل ئەمەس. خوجىنىياز ھاجىنى ئىجابىي شەخس دېگۈچىلەرنىڭ پاكىتى:

(1) خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن 1933 - يىلى 6 - ئايدا ئىتتىپاق تۈزۈپ، «فۇكاڭ ئەھدىنامىسى»گە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدە

جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى (باۋئەن زوڭسىلىڭ) بو-لۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ئۆتتى.

(2) خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكەنلىكى ما جوڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش پىلانى ئىچىدىكى تاكتىكىلىق ئورۇن-لاشتۇرۇش ئىدى. شۇڭلاشقا، خوجىنىياز ھاجى يول بويى، مەسىلەن، توقسۇن، ئۇششاقتال، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ قا-تارلىق جايلاردا ما جوڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرقانچە قېتىم جەڭ قىلدى، قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنمۇ، قەشقەر يېڭىشەھەر-دىكى ما جەنساڭ بۇلاڭچىلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قاتتىق جەڭ-لەرنى قىلدى. دېمەك، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ما جوڭيىڭنىڭ بىر قىسىم كۈچىگە سۈرەپ يۇرۇپ زەربە بەرگەنلىكى ما جوڭيىڭنى يوقىتىش پىلانىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركى-بىي قىسمى ئىدى.

(3) قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈل-گەندىن كېيىن، قەشقەر ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپ ھەم قالايمى-قانلىشىپ كەتتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان سابىت داموللا يۇسۇپجان قۇربېشى ۋە ئوسمان قىرغىزنىڭ بىر قىسىم كۈچىگە تايىنىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» دې-گەن بىرنېمىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى، بۇ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بولغان ئىش. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا ئىدى. ئەمما، سابىت داموللا قەشقەردە يوق ئادەمنى ئۆزى قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيە-تى»گە رەئىس جۇمھۇر قىلىپ كىرگۈزۈپ، خوجىنىياز ھاجى-نىڭ ئىناۋەتلىك نامىنى سۇيىئىستېمال قىلدى. خوجىنىياز ھا-جى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى.

(4) خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يېتىپ باردى. بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، يېڭىشەھەردىكى ما جوڭيىڭ قىسمى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

لىرى (ما جەنساڭ) غا قورشاپ ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇرۇش ئون نەچچە كۈن داۋام قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ تەرەپتىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى قىسمى — ما فۇيۈەن قىسمى قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، خوجىنىياز ھاجى ئازراق ئەسكەر بىلەن پەيزىۋات ناھىيىسىگە بېرىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىردا يېڭىلدى ۋە قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. بۇ 1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بولغان ئىش. مانا شۇ چاغدا قەشقەردىكى ھەر خىل قۇراللىق كۈچلەرمۇ چېكىنىپ كەتتى. قورچاق زۇڭلى سابىت داموللا يېڭىسار ئارقىلىق يەكەنگە كەتتى. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئوسمان قىرغىز، كىچىككىئاخۇن تۇەنجاڭ، يۇسۇپجان قۇربېشى دېگەنلەرمۇ ئۆزلىرى خالىغان جايلارغا چېكىنىپ كېتىشتى. نەتىجىدە، «زۇڭلى» نى قوغدايدىغان ئەسكەرمۇ يوق بولۇپ قالغان. «ھۆكۈمەت ئەزاسى» بولغانلارمۇ تارقىلىپ كەتكەندى. بۇ پاكىتلار ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئەمەلىيەتتە قۇرۇق جازا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەشقەردە ما جۇڭيىڭغا قارشى سوقۇش قىلغانلىقى ھېچ ۋاقىت سابىت داموللىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغان ئىش ئەمەس. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەركەشتامغا كەتكەنلىكىنىڭ مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ مەكىت تەرەپكە كەتكەنلىكى ۋە سابىت داموللىنىڭ قەشقەردىن قېچىپ يەكەنگە كەتكەنلىكى بىلەن ھېچقانداق ئىچكى باغلىنىشى يوق. مۇنداق تاسادىپىي ئەھۋالغا قاراپلا ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بېرىپلا «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نى تارمار قىلدى، دېيىش ئەمەلىيەتكە قىلچە ئۇيغۇن ئەمەس!

(5) ئاخىرقى ھېسابتا قورچاق «زۇڭلى» ۋە بىرنەچچە «مىنىستىر» لار خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قولغا ئېلىنىپ ئاقسۇغا يالاپ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي

ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. دېمەك، سابىت داموللا ۋە بىرنەچچە مىنىستىرنىڭ قولغا ئېلىنىشى، بىرنەچچە مىنىستىرنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» ئاخىرلاشتى. ئەمەلىيەت شۇنداق بولغان يەردە، خوجىنىياز ھاجى بىلەن سابىت دامولللارنى قانداقمۇ بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولسۇن؟ شېڭ شىسەي دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق ئادەم «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭلىسى سابىت داموللا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان يەردە، ئۇنىڭ «رەئىس جۇمھۇرى» بولغۇچى خوجىنىياز ھاجى قانداقمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلىنەلەيدۇ؟ شۇنداقلا، خوجىنىياز ھاجى ئەگەر سابىت دامولла ھۆكۈمىتىگە ھەقىقىي «زۇڭتۇڭ» بولغان بولسا، 1937 - يىلى خوجىنىياز ھاجىنى قولغا ئالغاندا ئالاھىدە يالغان دېلو ياساپ يۈرمەستىن، «سابىت دامولла ھۆكۈمىتىگە زۇڭتۇڭ بولغان» دەپلا جىنايەت ئارتقان بولمامتى؟ دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايدۇ ياكى خوجىنىياز ھاجىنى «ئارقىغا قاراپ نەيزە ئۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن» دەپ ھسابلانغان دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ياق! ئۇ ۋاقىتتا مۇنداق سىياسەتلەرمۇ يوق.

خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە يىغىنچاقلاپ مۇنداق بىرقانچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئۇ 1930 - يىللاردىكى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە، قاتمۇقات زۇلۇم ۋە ئىستىبداتقا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئامما ئېتىراپ قىلغان يولباشچىسى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ، قوزغىلاڭنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرغىچە تاشقى موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولغان ھەم ئۇنى قوبۇل قىلغان؛ ئۈچىنچىدىن، مەيلى قانداق ۋەزىيەتتە بولۇشىدىن، مەيلى كىمنىڭ بېسىمى ئاستىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «شەرقىي

تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭلىسى ۋە بىرقانچە مىنىستىرنى قولغا ئېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن؛ ئۈچىنچىدىن، خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكى، قورقۇمسىز جەسۇرلۇقى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ ئۇتتۇرىغا چىققان ئادەم، گەرچە ئۇ سىياسىي ئاڭ سەۋىيە ۋە مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە تۆۋەن بولسىمۇ، تۈز كۆڭۈل ئاددىي ئادەم.

ئىككىنچىدىن، خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنكى تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم:

(1) خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشى، ھەقىقەتەن ئاقسۇدىن قەشقەرگە تېز بارغانلىقى ئۆز خاھىشى بىلەن بولغان ئىشمۇ ياكى شېڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، قانداقتۇر ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولغان ئىشمۇ؟

(2) «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلدى دەپ ئېلان قىلىندى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭلار ئەسكەر باشلاپ 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ باردى. ۋە شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. دېمەك، سابىت داموللا ھۆكۈمەت قۇرۇپ 62 كۈندىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ بارغان خوجىنىياز ھاجى يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، ئەسكەرلەر 20 كۈنگە يېقىن جەڭ قىلدى، لېكىن خوجىنىياز ھاجى قەشقەردە ئۇن نەچچە كۈنلا تۇرۇپ، ئاندىن بىر قىسىم كۈچنى باشلاپ پەيزىئاۋات ناھىيىسىگە بېرىپ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، چېكىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كەتتى. بۇ يەردىكى توپ مەسىلە خوجىنىياز ھاجى قەشقەردە تۇرغان ئۇن نەچچە كۈن ئىچىدە سابىت داموللا بىلەن ھەقىقىي ھەمكارلىشىپ يامان ئىشلارنى قىلدىمۇ؟ خوجىنىياز ھاجى بىلەن سابىت داموللا-

لىنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق بولدى؟
(3) سابىت داموللا خوجىنىياز ھاجىنى «رەئىس جۇمھۇر» دەپ، ئۇنىڭ نامىدا نېمە ئىشلارنى قىلدى؟
(4) خوجىنىياز ھاجى «رەئىس جۇمھۇر» لۇقىنى رەت قىلىپ بايانات ئېلان قىلمىغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭلى ۋە مىنىستىرلىرىنى قولغا ئېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب تېپىش لازىم.
ئاخىردا يەنە شۇنىمۇ ئېيتالايمىزكى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاتاقلىق يولباشچىسى بولغان خوجىنىياز ھاجى گەرچە قەشقەر شەھىرىدە سابىت داموللا بىلەن ئۇن نەچچە كۈن بىللە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سابىت داموللا ۋە بىرنەچچە مىنىستىرنى قولغا ئېلىپ ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىنى ئادەتتىكى تەسلىم بولۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرمىز. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، خوجىنىياز ھاجىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭتۇڭى دەپ، سابىت داموللا بىلەن بىر قاتاردا سەلبىي شەخس قىلىشقا بولامدۇ؟
ھازىرغىچە خوجىنىياز ھاجى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئۈچ خىل باھا بېرىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇلار:
(1) بەزىلەر خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئاخىر ئۆز بېشىنى يېدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نى قوللىماي، سابىت داموللىنى تۇتۇپ بېرىپ، مىللەتكە خائىنلىق قىلدى، دەپ ھاقارەتلەيدۇ.
(2) بىر قىسىم تەسلىمە ۋە ماقالىلەردە خوجىنىياز ھاجىنى سابىت داموللا بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، «شەرقىي تۈركىستان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەئىس جۇمھۇرى (زۇڭتۇڭى) بولغان، دەپ سەلبىي شەخس قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

(3) خەلق ئىچىدە بىر قىسىم ئاپتورلار: خوجىنىياز ھاجى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى، مىللىي قەھرىمان، دەپ تونۇماقتا.

ھازىر بىزدە بىرىنچى خىل كۆزقاراشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدىغانلار تېخى كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى خىلدىكى پىكىرلەر رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. شۇڭا، خوجىنىياز ھاجى توغرىسىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا، تارىخىي رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتمەي، ئۇنىڭغا ئىلمىي ئاساستا باھا بېرىش، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ باھا بېرىش، بۇ ھەقتىكى تونۇشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇھىم.

## تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىشتا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك

بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى دېگەندە، شىنجاڭدا 13 مىللەت ياشىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكنى ھېسابقا ئالغاندىن سىرت، شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا يەنە تۆۋەندىكى كونكرېت ئەھۋاللارنىمۇ نەزەرگە ئېلىش لازىم.

(1) شىنجاڭ — 1930 ـ يىللارغىچىلىك ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قالاقلىقىدىن قۇتۇلالمىغان، خەلقىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان رايون.

(2) 1930 ـ يىللارغىچىلىك ھۆكۈمەت تەرەپتىن يەرلىك خەلق ئۈچۈن بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ بېرىلمىگەن ياكى بىرەر سىنىپمۇ ئېچىپ بېرىلمىگەن، ھەتتا 20 ـ ئەسىرنىڭ

باشلىرىدا ئايرىم ناھىيىلەردىكى بەزى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ بىر - ئىككى سىنىپ بالا ئوقۇتسا، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمەت شۆتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ) ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر بالىلىرىدىنمۇ بىرقانچىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە بولغان بولسىمۇ (1930 - يىللاردا)، خەلق بۇنىڭدىن قاچقان ياكى بايلار ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ، شۆتاڭغا تۇتۇپ بېرىشتەك ئىشلار بولغان.

(3) 1930 - يىللارغىچىلىك شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا — ناھىيىلەردە بىر - ئىككى تۇڭچى (تەرجىمان) ياكى بىر - ئىككى باجگىرنىڭ يەرلىك مىللەت كىشىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن دۆلەت ئورگانلىرى ياكى كەسپىي ئورۇنلاردا يەرلىك مىللەت خادىملىرى بولمىغان.

(4) 1930 - يىللارغىچىلىك شىنجاڭدا قالاقلىق، قاشاقلىق ئېغىر دەرىجىدە ھۆكۈم سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىقىدىن مىللىي ئۆچمەنلىك كېلىپ چىققان، ھەتتا بەزىدە خېلى چوڭقۇرلاشقان. بۇ مەسىلە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىنى يېزىشتا، كۆپ ھاللاردا ئىلگىرىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئارخىپ ماتېرىياللار ئاساس قىلىنغان. ئۇ ئارخىپلار كۆپىنچە خان يارلىقلىرى، جايلاردىكى يەرلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتلىرى، ئوردا تارىخچىلىرى ياكى بەزى ئەمەلدارلار يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال ئارخىپلىرىدا مىللىي يېزىقتا بىرەر ھۆججەت تېپىلمىسا كېرەك. ئومۇمەن

ئالغاندا، پادىشاھ ـ ئەكسىيەتچىلەر ھۆكۈم سۈرگەن جايلاردا خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخى، جۈملىدىن ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي تارىخىنىڭ يېزىلىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى، شۇڭلاشقا، تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىمىز دېيىلغان بولساق، ئۇنداقتا خەلق ئىچىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. تارىخنى تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىنەزىرى بويىچە تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي خەلق تارىخىنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىشتا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆيۈشۈش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىش شەرت. بۇ يالغۇز تارىخ تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق خىزمەتلەردە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپ. شۇڭا، بۇ جەھەتتە مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم:

(1) ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدىكى مۇتەپەككۇر، ئالىم، ئەدىبلىرىنى، ئازادلىق كۈرەشلىرىدىكى يولباشچىلىرىنى، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئىتىنى قوغدىغان كىشىلەرنى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ، يېقىندىن پەيدا بولغان ئىش بولماستىن، بەلكى مىللەتلەر شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردىلا «قوغدىنىش» چارىلىرى قاتارىدا پەيدا بولغان ئىش بولسا كېرەك. بۇنداق ئەھۋال بىرەر مىللەتتىلا ئەمەس، ھەممە مىللەتتە مەۋجۇت. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى سۆيىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرگە ھېچقانداق پاكىتسىزلا قالايمىقان قالپاق كىيدۈرۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق مەسىلىلەرگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم.

(2) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرى-

نى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوغدايدۇ، پارتىيە سىياسىتىمۇ بۇنى قوغدايدۇ. مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئورۇنسىز تەنقىد قىلىشقا، مەسخىرە قىلىشقا بولمايدۇ. «مىللىي ئۆرپ - ئادەت» دېگەندە بەزى ئادەتلەر شۇ مىللەت ئىچىدە ئومۇملاشمىغان ياكى ئايرىم بىرلىك خاراكتېرلىك ئادەتلەر بولىدۇ. ئەگەر ئۆزگەرتىشكە لايىق بولغان ناچار ئۆرپ - ئادەت بولغان ھالەتتىمۇ، شۇ مىللەتنى قايىل قىلىش لازىم، ھەرگىز مەجبۇرلىماسلىق ۋە ئالدىراپ تەنقىد قىلماسلىق لازىم.

(3) مىللىي ھېسسىيات ياكى مىللىي غۇرۇر بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىش، مىللىي ھېسسىيات ياكى مىللىي غۇرۇرغا توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

(4) شىنجاڭدا ئۆتكەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلق ئارىسىغا مىللىي ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچقانلىقى ھەممىگە مەلۇم، شۇڭا، مىللىي ئازادلىق كۈرەشلەر پارتلاپ چىققان چاغلاردا ئېزىلگەن مىللەتلەر بىر تەرەپ، ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن مىللەت بىر تەرەپ بولۇپ ئىككى سەپكە بۆلۈنىدىغان؛ ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنى قوغدايدۇ دەپ ئىشەنچ قىلغان تەرەپكە، يەنى ئۆز مىللىتىنىڭ قورallىق كۈچلىرى بار تەرەپكە يىغىلىۋالىدىغان ھەمدە ئۆز مىللىتىدىن چىققان ئەمەلدارلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن قوللىرىغا قورال ئېلىپ قارشى تەرەپ بىلەن جەڭ قىلىدىغان؛ زىددىيەت كەسكىنلەشكەندە مىللەتلەر بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن. مۇنداق قىرغىنچىلىق ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن مىللەت بىلەن ئېزىلگەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئېزىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ يۈز بەرگەن. بۇنداق قىرغىنچىلىقلارنى، شۈبھىسىزكى، شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭدەك، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ئىچىدە قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان مەزگىللەردە، يەنە خەلق ئارىسىدا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كى ئوخشاش بولمىغان مىللەت كىشىلىرى بىر - بىرىنى قوغداپ قالغان، بىر - بىرىگە ياردەم بەرگەن ۋەقەلەرمۇ كۆپ بولغان. تارىختىكى مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى بۈگۈنكى كۈندە ئېلان قىلىش، يېزىش لازىممۇ؟ قايسى زاماندا كىم كىمنى ئۆلتۈردى؟ قانچىلىك ئۆلتۈردى؟ بۇنى ئېنىق ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇنى يىپ - يىڭنىسىغىچە ھېسابلاپ يۈرۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق؛ تارىختا يۈز بەرگەن مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى قايتا سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق تەربىيۋى ئەھمىيىتى يوق، بەلكى زىيانلىق. بۇ مىللىي قىرغىنچىلىقلار توغرىسىدا بىرەر ماتېرىيال ئېلان قىلىنغىنى يوق. ئەمما بەزى ئەسلىمىلەردە ۋە ماقالىلەردە «ئۆلتۈردى»، «قىردى» دېگەن سۆزلەر ئۇچراۋاتىدۇ، بەزىلەر بۇ ئۇنى قىردى دەپ يازسا، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە: «ئۇ بۇنى قىردى» دەپ يازدى. تارىختا ئۆتكەن مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى زادىلا يازماسلىق تارىخىي چىنلىق ھېسابلانمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى تەكرارلاۋېرىشنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئۇنى يېزىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، مىللىي قىرغىنچىلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئۆچمەنلىكلەرنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە، مىللىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتى سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ، ھېساباتىنى ئەكسىيەتچىلەر ھېساباتىغا يېزىش لازىم.

(5) قالاقلىق، قاشاقلىق ۋە مىللىي زۇلۇم ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەن شىنجاڭدا، يەرلىك مىللەتلەر ئۆز بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەرنى زالىم ئەمەلدارلاردىن كۆرەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ زالىم ئەمەلدارلار تەۋە بولغان مىللەت ۋە خەلقنىمۇ بىر قاتاردا قويۇپ يامان كۆرىدىغان خاتا ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن. شۇڭلاشقا، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ھامان، خاتا ھالدا بىرەر مىللەتكە قارشى

شوئارلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان ئەھۋاللار بولغان. بۇ خىل شوئار-لارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى شۇ مىللەتنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىش مەقسىتىنى مەقسەت قىلغان، دەپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭدا ئەھۋال مۇرەككەپ بولغان ھالەتتىمۇ، لېكىن بىر مىللەتنى قىرىپ، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋېتىش ئىشى بولغان ئەمەس. 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە «دالونى يوقىتايلى» دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا چىققان. گەرچە بۇ شوئارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى خاتا بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتى باشقا بىر مىللەتنى قىرىپ تۈگىتىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تارىخىي ۋەقەلەرگە باھا بېرىشتە، ئۇلار سۇيىئىستېمال قىلغان بىرەر شوئارغا، بىرەر تارماق ئېقىمغا، يەنى ھادىسىگە قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىۋەتمەي، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە، ئاساسىي ئېقىمغا ۋە تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان رولىغا قاراش، ئۇنى شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش لازىم.

(6) ئىسلام دىنى شىنجاڭدا 1000 يىلدىن بۇيان چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكتىن، تارىختا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتا دىنىي شوئارلارنى ۋاستە قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. 1930 - يىللاردا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭلار بولدى. بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزىلىرى ھە دېسىلا «ئىسلام ئاچىمىز» دەپ ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىسلام ئېچىپ نېمە قىلىدىغانلىقىنى، قانداق پروگراممىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى. بۇ قوزغىلاڭلارغا يولباشچى بولغانلاردىن چەت ئەللەردە تەربىيە كۆرۈپ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغۇچى سابىت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

داموللىدەك ئايرىم ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى
زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ياخشىراق كۈنلەرگە ئىگە بولۇشنىلا مەقسەت
قىلغانلار ئىدى. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەس-
لەپكى كۈنلىرىدە، بىر كىشى خەلققە دىني تەشۋىق قىلىپ:
«ھەببۇل ۋەتەن، مىنەل ئىمان»، «ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ
غازى» دېگەندەك چاقىرىقلارنى قىلدى. لېكىن بۇ ئايرىم ھادىسى-
دىنلا ئىبارەت. بۇ شوئار بويىچە بولغاندا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ
ئىسلام دىنىدا بولمىغان، لېكىن قورال تۇتۇپ گومىنداڭغا قارشى
جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىشقان رۇس، موڭغۇل، شىبە،
داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىمۇ يوقىتىشى لازىم ئىدىغۇ؟ بۇنداق
قالايمىقان بىرەر ـ يېرىم چاقىرىققا قاراپلا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ توغرا
يۆنىلىشىدىن گۇمانلىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى توپلاش ۋە تەتقىق قى-
لىشتا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلەردىن يۇقىرىدا كۆر-
سىتىلگەنلەردىن باشقا ئەھۋاللارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمەن
ئېيتقاندا، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نى توپلاش، تەتقىق
قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاشتا ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيە-
سىنى قىبلىنەما قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخي شارائىتى ۋە ئالا-
ھىدىلىك ئەھۋاللىرىنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىل-
لەتلەر ئارىسىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ
ئورتاق روناق تېپىشىنى ئالغا سۈرۈپ، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇس-
تەھكەملەشنى مەقسەت قىلىش لازىم.

(«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 32 ـ سانىدىن ئېلىندى)

图书在版编目(CIP)数据

往事见证/塞都拉·塞甫拉尤夫著．—乌鲁木齐：
新疆青少年出版社，2005.6
ISBN 7—5371—4818—X

Ⅰ.往… Ⅱ.塞… Ⅲ.新疆—地方史—维吾尔语
(中国少数民族语言) Ⅳ.K294.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 121634 号

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

责任编辑：阿布力孜·克尤木
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

# 往事见证(维吾尔文)

塞都拉·塞甫拉尤夫 著
阿不力孜·司马义
玛丽亚姆·谢热甫·呼西塔尔 整理

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 8.5 印张
2005 年 6 月第 1 版 2005 年 6 月第 1 次印刷
印数：1—4000

ISBN7-5371-4818-X 定价:14.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ



# مەن شاھىت بولغان ئىشلار

ISBN 7-5371-4818-X
9 787537 148184 >
ISBN7-5371-4818-X
(民文) 定价：14.00 元